يۇنۇسجان ئېلى

# XVII - XVIII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن جۇڭغارلارنىڭ مۇناسىۋىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

17～18世纪维吾尔族与准噶尔关系/尤努斯江·艾力著.
乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.12
ISBN 7－228－06836－X/K.974

Ⅰ.1… Ⅱ.尤…② Ⅲ.维吾尔族－民族关系－准噶
尔－中国－17世纪～18世纪－维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.①K281.5②K289

中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第088132号

责任编辑 : 艾尼帕·阿布都拉
封面设计 : 艾克拜尔·萨里

# 17～18世纪维吾尔族与准噶尔关系(维吾尔文)

**尤努斯江·艾力著**

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮编:830001)
新 疆 新 华 书 店 发 行
乌鲁木齐华清科技印务有限公司印制
850×1168毫米 32开本 印张 9.875
2002年1月第1版 2002年1月第1次印刷
印数:1—3000

ISBN7－228－06836－X/K·974 定价:16.00元

# ئاپتوردىن

نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت تەتقىقاتلار تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ھەر خىل مۇرەككەپ كەچۈرمىشلىرى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن مەلۇم بولۇۋاتىدۇ. بۇ بىر زور ياخشى باشلىنىش. ئەمما ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھازىرغىچە بېسىپ ئۆتكەن بۇ مۇساپىلىرىدا ئۆزگىچە تارىخىي جەريانلار يوشۇرۇنغان بولۇپ، بەزىلىرى ئېنىق بولسا، بەزىلىرى مۇقەددەم بىرقانچە يۈز يىللىق ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى تارىخ سۇپىتىدە سىر بولۇپ تۇرماقتا.

ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلغان بۇ كىتاب تەتقىقاتچىلىرىمىز ھازىرغىچە ناھايىتى ئاز توختالغان، ئەجدادلىرىمىزنىڭ جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى 100 يىللىق تارىخىي جەريانى بولۇپ، بۇ جەريان ئەجدادلىرىمىزنىڭ مېھنىتى بىلەن تولغان ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھەر خىل كەچۈرمىش ھەم تاللاشلارنى ئېلىپ كەلگەن جەرياندۇر. ۋاقىت جەھەتتىن ئالغاندا، جۇڭغار خانلىقى قۇرۇلۇپ، ئانچە ئۇزاق بولمىغان 1655 ـ يىلىدىن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كونتروللۇقىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل قۇتۇلغان 1755 ـ يىلىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاساسلىق يورۇتۇلىدىغان تارىخمۇ رۇس ئەلچىسى ۋايكوۋ 1655 ـ يىلى خەۋەر قىلغان، جۇڭغار خانلىقىنىڭ مەلۇم كۆلەمگە ئىگە دېھقانچىلىق نۇقتىلىرىدا مۇھىم ئەمگەك كۈچلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىن باشلىنىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن كۆپ رىيا-

زەربىلەرنى چەككەن بولسىمۇ، ئۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇشۇ زېمىنلاردىكى ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي ئەنئەنىلىرىنى ساقلاپ قالدى. بولۇپمۇ جۇڭغار خانلىقى 1680 - يىلى يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى بىرمەھەل جۇڭغار خانلىقىغا تېخىمۇ باغلاندى، ئۆزلىرىنىڭ سەلتەنەت دەۋرلىرىنى ئاخىرلاشتۇردى. خاس مۇشۇ دەۋرنىڭ ئۆزىلا 70 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. دېمەك جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىقى ئاۋۋال تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىن باشلىنىپ، كېيىن ئۇنىڭغا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىمۇ قوشۇلۇپ، پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتى سۆرەپ كىرىلگەندى.

مەن جۇڭغار خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئائىت تېمىلار ئۈستىدە «جۇڭغار تارىخى» دەرسىنى ئۆتۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ، تەتقىق يۈرگۈزۈشكە كىرىشكەندىم. ئايرىم تەتقىقات ماقالىلىرىمنى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغاندىم، بەزى تېمىلارنى بولسا ئىزدىنىش ئاساسىدا داۋاملىق يازدىم. قىسقىسى، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا پۈت دەسسەپ تۇرۇش جەريانىنىڭ، ئۇزاق داۋام ئەتكەن تارىخىي قىستۇرما ئىكەنلىكى، بۇ قىستۇرمىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ياندىشىپلا كۆلەم جەھەتتە كېڭىيىپ بارغانلىقىنىمۇ تەتقىق قىلىپ كىتابقا كىرگۈزدۈم. ئاخىردا ماڭا بىلىم بەرگەن ئۇستازلىرىم بىلەن بۇ كىتابنى يېزىشىمغا كۆپتىن - كۆپ ئىلھام ۋە ياردەم بەرگەن ئايالىم ھەنىپە ئابدۇللاغا رەھمەت ئېيتىمەن.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە
ئىنستىتۇتى تارىخ فاكۇلتېتى

2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ئويراتلار ۋە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى··· 1

1. ئويراتلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى···· 1
2. ئويراتلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ................................ 13
3. بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ ئېلبالىق شەھىرىگە كۆچۈشكە دائىر ماتېرىياللارغا تولۇقلىما ·30

ئىككىنچى باب جۇڭغار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە يەركەن خانلىقى ....................................... 44

1. ئويراتلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە جۇڭغار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ................................ 44
2. جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خانلىقىغا قاراتقان سىياسىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى.......... 64

ئۈچىنچى باب جۇڭغار خانلىقىنىڭ تۇرپان ۋە قۇمۇل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ............................ 79

1. جۇڭغار خانلىقىنىڭ تۇرپان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۈچقا كۆچۈشكە ئائىت مەسىلىلەر ............... 79
2. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇمۇلغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىكى ۋە قۇمۇل خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرى........ 129

تۆتىنچى باب جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ

جەنۇبى ۋە شىمالدىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان
هۆكۈمرانلىقى ........................................ 155
1. جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالدىكى
ئۇيغۇرلارغا قاراتقان هۆكۈمرانلىقى قوشۇمچە
تارانچى نامى ھەققىدە ........................ 155
2. جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا
يۈرۈش قىلىشى ۋە يەركەن خانلىقىنىڭ مۇنقەرز
بولۇشى .................................... 187
3. جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى
ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باشقۇرۇش شەكلى ۋە
هۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى .................... 207
بەشىنچى باب جۇڭغار خانلىقىنىڭ كورلا ۋە قارا
شەھەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ............... 227
1. جۇڭغار خانلىقى ۋە كورلا ............... 227
2. جۇڭغار خانلىقىنىڭ قارا شەھەر بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن تەسىر245
ئالتىنچى باب ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرەشلىرى
ۋە جۇڭغار خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ...... 269
1. كۆرەشنىڭ باش ـ ئاخىرى ۋە ئۇنىڭ يېتەكچى-
لىرىدە كۆرۈلگەن ئۈچ خىل ئەھۋال ...... 269
2. جۇڭغار خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ۋە ئۇيغۇر
جەمئىيىتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى ......... 292

# بىرىنچى باب

## ئويراتلار ۋە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى

### 1. ئويراتلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ تۈر- كىي تىللىق خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئويراتلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئېلىمىزنىڭ
غەربىي شىمالىي چېگرىلىرىدا ياشىغان موڭغۇل مىللىتى ھېساب-
لىنىدۇ. ھازىرقى شىنجاڭ ۋە چىڭخەيدىكى موڭغۇللار بىلەن
گەنسۇ ۋە ئىچكى موڭغۇلدىكى موڭغۇللارنىڭ بىر قىسمى ئۇلار-
نىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. ھالبۇكى ئويراتلارنىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ
ئالدى ـ كەينىدە بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي جەريانلىرى، ئۇلارنىڭ
شەرقىي موڭغۇللار (خالخا موڭغۇللىرى) دىن پەرقلىنىدىغان ئاي-
رىم تارىخىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. شۇ سەۋەبلىك دۆلەت ئىچى
ۋە سىرتىدىكى موڭغۇلشۇناسلار، ئويرات تارىخىغا، موڭغۇلشۇ-
ناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى قاتارىدا ئەھمىيەت بەر-
گەنىدى. گەرچە بىر قاتار ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلغان بولسى-
مۇ، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەسىلىسى، ھازىرغىچە تولۇق
ھەل قىلىنغىنى يوق. يەنە كېلىپ بۇ ھەقتىكى قاراشلار ھەر خىل
بولۇپ، تېخى بىرلىككە كېلىنگەن يەكۈن ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى.

ئويراتلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى پىكىرلەرنى يى-
غىنچاقلىغاندا، ئويراتلار تۈركلەردىن كېلىپ چىققان دېگەن قا-
راش خېلى كۆپ نىسبەتنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، ھەممىدىن
بۇرۇن «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە ئوتتۇرىغا

قويۇلغانىدى. ئۇنىڭدا «خەن دەۋرىدە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا
ئولتۇراقلىشىپ، هونلار بىلەن چېگرىلىنىپ، جەنۇبتا شەهەر
قەلئە بەگلىكلىرىگە يېقىن جايدا تۇرغان ئۇسۇنلار يەنى هازىرقى
جۇڭغار قەبىلىسىدۇر. كېيىن شەرق ۋە غەربىي قىسىمغا بۆلۈن-
گەن تۈركلەر ئۇسۇنلارنىڭ بۇرۇنقى ماكانلىرىنى ئىگىلىگەن، بۇ
بولسا هازىرقى جۇڭغارىيىدۇر»① دېيىلگەن. دېڭ چيەن يازغان
«چەت ئەللەر هەققىدىكى قىسسەلەر ئۈستىدە تەهسىل» دە ئويرات-
لارنى «ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى خەن دەۋرىدىكى خاككەسلەردىن
كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار تاڭ دەۋرىدە قىرقىز، يۈەن دەۋرىدە
قىرغىز دەپ ئاتالغانىدى. ئويراتلار قىرغىزلارنىڭ ئايرىم بىر
جەمەتى هېسابلىنىدۇ» ② دېيىلگەن. ياپونىيىلىك شيۇ زوجياۋرۇ
يازغان «غەربىي موڭغۇللارنىڭ قوۋملىرى توغرىسىدا تەهسىل»
دە «ئېلۇتلار بىلەن ئويراتلارنىڭ هەر ئىككىلىسى تۈرك ئىرقى-
دىن، هالبۇكى ئويراتلار بولسا ئېلۇت نەسلىدىن ئەمەس. ئېلۇت
سۆزى ئۇلۇغ تاغنىڭ نامىدىن ئۆزگىرىپ كېلىپ چىققان، نايمان-
لارنىڭ سەككىز قەبىلىسىنىڭ بىرى هېسابلىنىدۇ»③ دېيىلگەن.
ۋۇچيۇ يازغان «ئويراتلار كىم» ناملىق ماقالىدە «ئويراتلارنىڭ
ئەجدادلىرى تۈركلەردىن بولغان قورىقانلاردۇر» ④ دېيىلگەن.
ۋاڭ جىنبا يازغان «تورغۇتلار بىلەن دۆربىتلەرنىڭ كېلىپ چىقى-
شى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەهۋالى» ناملىق ماقالىدە «ئېلۇت
دېگەن بۇ نام ئۇلۇغ تاغنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققان، ئەسلى
نايمانلارنىڭ سەككىز قەبىلىسىنىڭ بىرى ئىدى. كېيىن يات
قوۋملار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، زېمىن دائىرىسى
كېڭەيگەچكە، ئېلۇت دېگەن نام بىلەن ئاتالغانىدى» ⑤ دېيىلگەن.
روسىيىلىك شەرقشۇناس ئارستوۋ يازغان «غەربىي تەڭرى تاغدى-
كى ئۇسۇن ۋە قارا قىرغىزلار» دا XIII – XIV ئەسىرلەردىكى
قالماقلار ئورمان كىشىلىرى گەۋدىسى بىلەن موڭغۇل ۋە موڭغۇل-
لاشقان تۈرك ئۇرۇق، جەمەتلىرىدىن تەشكىل تاپقان. قۇبلاي ۋە

ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، بۇ موڭ-
غۇللار ۋە موڭغۇللاشقان تۈرك ئۇرۇق جەمەتلىرى موڭغۇللارنىڭ
غەرب تەرەپتىكى چېگرىسىدىكى قوشۇن ۋە ئاھالىلىرىدىن بولۇپ
قالغانىدى» ⑥ دېيىلگەن. فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پىللىئوت
يازغان «قالماق تارىخىغا باھا ۋە ئىزاھ» دا «ئىلگىرى ياندارۇۋ
Oi — Arat دېگەننىڭ مەنىسىنى ئورمان كىشىلىرى دەپ پەرەز
قىلغانىدى؛ شۇڭا Oirat دېگەن سۆز تۈرك يېزىقىدىكى — Agh č
Ari (ئورمان كىشىلىرى دېگەن مەنىدە) بىلەن مەنىداش سۆز
بولۇشى مۇمكىن. مۇسۇلمان تارىخچىلىرى بۇنى پىششىق بىلى-
دۇ. خوۋست ئويراتلار بىلەن قوڭغۇراتلارنى باغلاشقا ئۇرۇنۇپ
كۆرگەنىدى، بۇنى ئالدىراپ رەت قىلىشقا بولمايدۇ. خاتىرەمدە
قېلىشىچە رامىستىد ئەپەندىمۇ بىر خىل تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قو-
يۇپ، ئويراتلار بىلەن ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت ئىككى مىللەتنىڭ
ئېتنىك نامى ئۇستىدە لۇغەتشۇناسلىق جەھەتتىن سېلىشتۇرۇش
ئېلىپ بارغانىدى. بۇ ئاخىرقى بىر خىل پەرەزنىڭ مەلۇم دەرىجى-
دە بىرىنچى خىلدىكىسىگە ماس كېلىشى بولۇپلا قالماستىن،
بەلكى مېنىڭچە مۇمكىنچىلىكىمۇ ئىنتايىن زور» ⑦ دەپ كۆرسەت-
كەنىدى. دېمەك، ئويراتلار تۈركلەردىن كېلىپ چىققان دېگەن
قاراش ئاساسەن يۇقىرىدىكى بىرقانچە خىل ماتېرىيالدا ئوتتۇرىغا
قويۇلغان بولۇپ، گەرچە ئۇنىڭدا ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ئۇ-
سۇن، قىرغىز، قورىقان، نايمانلاردىن كېلىپ چىققان ۋە ئورمان
كىشىلىرى گەۋدىسى بىلەن موڭغۇل ۋە موڭغۇللاشقان تۈرك
ئۇرۇق جەمەتلىرىدىن تەشكىل تاپقان دەپ، ئېتنىك نامى فونېتىكا
جەھەتتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك نامىغا يېقىن دەپ قارالغان بول-
سىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، يەنىلا ئويراتلارنىڭ ئەجداد-
لىرىنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەندىن
باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.
لېكىن يۇقىرىدىكى ماتېرىياللارنى تارىخشۇناسلىق نۇقتىسى-

دىن تەھلىل ۋە تەتقىق قىلغاندا، ئويراتلار تۆركلەردىن كېلىپ
چىققان دېگەن قاراشنى ئالدىراپ دەلىللەشكە بولمايدۇ. راشىددىن-
نىڭ ئويراتلار توغرىسىدىكى بىرقەدەر بالدۇرقى بايانلىرىغا ئا-
ساسلانغاندا، «گەرچە ئۇلارنىڭ تىلى موڭغۇل تىلى بولسىمۇ،
باشقا موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ تىللىرىغا قارىغاندا سەل - پەل
پەرق قىلاتتى. مەسىلەن، باشقا موڭغۇللار پىچاقنى كېتۇ-
كىنخ (kituqeh) دەيدۇ، ھالبۇكى ئۇلار بولسا مۇدا-
گېنخ (mudageh) دەيدۇ، ئۇلاردا بۇ خىلدىكى سۆزلەر ناھايىتى
كۆپ ئىدى.» ⑧ مانا بۇ ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك تەرەپ
بولۇپ، ئايرىم ئويرات تارىخ تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن «شۇڭا
موڭغۇل تىلىدىن پەرق قىلاتتى، ئەمما بۇ شىۋە جەھەت-
تىكى پەرق ئىدى» ⑨ دەپ قارالغانىدى. بۇنداق قاراش ماھىيەتتە
ئويراتلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا داۋاملىق گۇمانىي قاراشتا بولۇش
بولۇپ، بۇنىڭدا يەنىلا ئويراتلارنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە ئېيتقانلى-
رىغا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر.

تۇرغۇتلاردىن كېلىپ چىققان گاباڭ شىراب بىلەن خوشۇت-
لاردىن كېلىپ چىققان باتۇر ئۇباش تۇمەن تەرىپىدىن ئايرىم -
ئايرىم يېزىلغان «تۆت ئويرات تارىخى» دىكى بايانلارغا ئاساسلانغان-
دا «قەدىمكى دەۋردە ئادەمزات ئاياغ باسمىغان كەڭ دالىدا ئامنى
ۋە دومنى دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى ئادەم بار ئىكەن. ئامنىنىڭ
ئون ئوغلى جۇڭغار قوۋمىنى، دومنىنىڭ تۆت ئوغلى دۆربىتلەر-
نىڭ قوۋملىرىنى شەكىللەندۈرگەنىكەن. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ
ئون ئوغلى بار ئىكەن. كېيىن نوپۇسى تېخىمۇ ئاۋۇپتۇ، ئۇلار-
نىڭ ئارىسىدىكى بىر ئوۋچى ئورمانلىقتىن بىر تۈپ دەرەخنىڭ
تۈۋىدە ياتقان بىر ئوغۇل بالىنى تېپىۋالغانىكەن. ئۇ دەرەخنىڭ
شەكلى خۇددى كامالەكنىڭ دەستىسى (Chorga) دەك ئىكەن،
ئوتتۇرىسىدىن سۇ تېمىپ بالىنى ئېمىتىپ تۇرغانىكەن، يېنىدا
بولسا بىر ھۇۋقۇش قوغداپ تۇرغانىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ كاما-

لەكىنلىڭ شەكلىدىكى بۇ دەرەخ ئۇ بالىنىڭ ئانىسى، ھۇۋقۇش بولسا ئاتىسى دەپ رىۋايەت قىلىنىدىغان بولغان. ئۇۋچى بالىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ، ئۇنىڭغا «Chorgo» دەپ ئىسىم قويغان، ئۇلار بۇ بالىنى تەڭرىنىڭ جىيەنى دەپ قاراپ، چوڭ بولغاندىن كېيىن جۇڭغارلار بىلەن دۆربىتلەرنىڭ نويانى قىلىپ سايلىغاندىكەن. «Chorgo» سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى «Chorqos» بولۇپ، كېيىن ئۇزۇك تاۋۇش «q» چۈشۈپ قېلىپ. «Choros» بولۇپ قالغان. بۇنىڭ بىلەن چوروس جۇڭغارلار بىلەن دۆربىت نويانلىرىنىڭ جەمەت نامىغا ئايلانغانىدىكەن.» ⑩

ئويراتلارنىڭ ئارىسىدا تارقالغان بۇ ئەپسانە، رىۋايەت تۇسىدىنى ئالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگىنى، ئويراتلارنىڭ ئورمان ئىچىدە ياشاپ ئوۋچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان ۋاقىتتىن، ئۆز نويانلىرى (ئەمەلدارلىرى) پەيدا بولغانغا قەدەر بولغان تارىخىي جەريانىدىن ئىبارەتتۇر. ھالبۇكى تۆت ئويرات قەبىلىسى XVI ئەسىردە شەكىللەنگەن بولغاچقا، بۇ جەرياندا ئويراتلار ئۆزلىرىگە نۇرغۇن خەلق تەركىبلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەنىدى. مانا مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىدىكى ئەپسانىنى ئويراتلارنىڭ ئورمان ئىچىدە ياشىغان تەنھا جەريانىدىن كۆرە، ئەتراپىدىكى خەلقلەرنىڭ ئويراتلارنىڭ تەركىبىگە خېلىدىن بېرى تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغانلىقىنىڭ ئىنكاسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. «ئەپسانىدىكى مەلۇم دەرىجە سىرلىقلاشتۇرۇلغان، كېيىن كىشىلەر دەرەخنىڭ تۈۋىدىن ياكى ئۇستىدىن تېپىۋالغان ئاشۇ بالىغا كەلسەك، ئۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ئوخشاش ئىدى» ⑪. شۇڭا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئويراتلارنىڭ ئارىسىدا ئويراتلارنىڭ شەكىللىنىش توغرىسىدا يەنە كۆپلىگەن تارىخىي قىسسەلەر تارقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىدە كونا ئويرات سىستېمىسىنىڭ ئەزالىرى دەپ خويت، باتۇت، تۈمەتلەرنى كۆرسەتكەنىدى. XVII ئەسىردىكى ئويرات يىلنامىسى

«ساراتوٚچ» دا كۆرستىلىشىچە، خويتلارنىڭ ئاقساقاللىرى ئويراتلارنىڭ ئاقساقىلى قۇدغا بېكنىڭ ئىككى ئوغلى ئىنالچى بىلەن تورالچىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىدى؛ «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، دۆربىتلەر بىلەن جوڭغارلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ جەمەتى چوروس بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى بوخان بىلەن توخاننىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى، بوخاندىن ئىسەنگىچە ئالتە ئەۋلاد ئۆتكەن بولۇپ، ئىسەننىڭ چوڭ ئوغلى بورۇناقال دۆربىتلەرنىڭ، ئىككىنچى ئوغلى ئىسمۇت دارقانىويان جوڭغارلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىدى⑫. «موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى» گە ئاساسلانغاندا، خوشۇتلار چىڭگىزخاننىڭ ئىنىسى قابۇتۇ قاسارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولۇپ XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چوڭ ھىنگان تېغىنىڭ شەرقىدىن ئۈچ ئويراتلارغا كېلىپ قوشۇلغاندى. توخان بىلەن ئىسەننىڭ دەۋرىدىكى ئۇجىيىتلارمۇ پەيدىنپەي خوشۇت دەپ ئاتالغانىدى⑬. دېمەك ئويرات قەبىلىرىنىڭ ئىچىدە پەقەت خوشۇتلارلا چىڭگىزخاننىڭ ئالتۇن ئۇرۇقى بىلەن بىۋاستە قانداش بولۇپ، جوڭغار خانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئويرات ئىتتىپاقىدىكى ئورنى ئىنچىل يۇقىرى بولۇپ كەلگەندى. تورغۇتلار بولسا «ساراتوٚچ» دا تامامەن باشقىچە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار كېرەيت قەبىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. يەنى كېرەيتلەرنىڭ ئاقساقىلى ئونخان بىلەن چىڭگىزخاننىڭ ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئونخان 1203 ـ يىلى چىڭگىزخان تەرىپىدىن يوقىتىلغانىدى. «شۇنىڭدىن ئىتىبارەن، كېرەيتلەر موڭغۇل قەبىلىسى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنىپ، موڭغۇللارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. ئونخاننىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولسا موڭغۇللارنىڭ تورغۇت قەبىلىسى ئىدى.» ⑭ ئومۇمەن يۇقىرىدىكى قىسمەن تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن ئويراتلارنىڭ ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن تارىخىي قىسسەلەرگە ئاساس-

لانغاندا، ئويراتلار باشقا موڭغۇل قەبىلىلىرىدىن يىراقراق جايدا
ياشىغان ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ياشىغان جايلىرىنىڭ تارىختىن
بۇيان غەيرىي رەسمىي موڭغۇل خەلقلىرى ماكان تۇتۇپ كەلگەن
جايلار ئىكەنلىكىدىن ئالغاندا، ئۇلارنى بىر بۆلۈم موڭغۇل
تائىپىلىرىگە باشقا مىللەت تەركىبلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق
XVI ئەسىرگە كەلگەندە شەكىللەنگەن دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەگەر-
دە بۇ خىل پەرەز توغرا بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلارنى
شەرقىي موڭغۇللاردىن پەرقلەندۈرگەن ئاساسلىق ئامىلنىڭ،
جۇغراپىيىلىك مۇھىتتىن سىرت، ئەتراپىدىكى خەلقلەر توپى بى-
لەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ھەممىدىن مۇھىم بولسا كېرەك.
بۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تەرەپ بولۇپ، بۇنىڭغا بەزى موڭ-
غۇلشۇناسلار خېلى بۇرۇنلا ئەھمىيەت بېرىپ، «لياۋ، جىن
دەۋرلىرىگە كەلگەندە، موڭغۇل تىل ئائىلىسىدىكى خەلقلەر ئاسا-
سەن چوڭ چۆللۈكنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىغا تارقالغانىدى، بىر
بۆلۈم موڭغۇل قەبىلىلىرىدىن بولغان ئورمان ئىچىدە ياشايدىغان
كىشىلەر يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلارغا كې-
لىپ، شۇ يەردىكى تۈرك قوۋملىرى بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلاش-
تى» ⑮ دەپ قارىغانىدى.

دەرۋەقە ئەينى ۋاقىتتا يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى-
دا نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەر ياشىغان بولۇپ، ئۇلار گەرچە «ئورمان
كىشىلىرى» گە مەنسۇپ بولسىمۇ، باشقا يەرلىك خەلقلەرنىمۇ ئۆز
ئىچىگە ئالغانىدى. «جامىئۇت تاۋارىخ» تىكى خاتىرىلەرگە ئاسا-
سلانغاندا، ئويراتلار ئەسلى «سېلىنگا دەرياسىنىڭ قىرغىقى» بى-
لەن «بارغۇجىن دەپ ئاتىلىدىغان جاي ۋە ئۇنىڭ يىراق چەتلىرى»
دە ئولتۇراقلاشقانىدى. يەنە شۇ «جامىئۇت تاۋارىخ» تىكى خاتىرى-
لەرگە ئاساسلانغاندا، ئويراتلار كېيىن كۆچۈپ بېرىپ
ئولتۇراقلاشقان يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى ئەسلى تۇ-
مەتلەرنىڭ بۇرۇنقى ماكانلىرى ئىدى. چىڭگىزخان موڭغۇل ئې-

گىزلىكىدىكى قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن تىغ ئۈچىنى ئورمان ئىچىدە ياشايدىغان كىشىلەرگە قاراتقاندا، ئويراتلار چىڭگىزخاننىڭ جوچى باشچىلىقىدىكى قوشۇنلىرىغا ھەممىدىن بۇرۇن بەيئەت قىلغانىدى، بۇ ھال ئويراتلارنى موڭغۇللارنىڭ ئالتۇن ئۇرۇقى بىلەن يېقىنلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى يەنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلارغا ۋاستىلىك ھۆكۈمرانلىق قىلىش شارائىتىغا ئېرىشتۈرگەنىدى.
بۇ تارىخىي جەريان «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دا بىرقەدەر ئەمەلىيرەك كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

«توشقان يىلى (مىلادىيە 1207 - يىلى) چىڭگىزخان جوچىنى ئوڭ قانات قوشۇنلارنى ئېلىپ، ئورمان ئىچىدىكى كىشىلەرنى بويسۇندۇرۇشقا، بوخانى يول باشلاپ مېڭىشقا بۇيرۇدى. ئويرات ئۇرۇقىدىن بولغان قۇدۇغا بېگ تۇمەن ئويراتلارنى ئېلىپ بەيئەت قىلىپ، ئويراتلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن جوچىغا يول باشلاپ، شىكشىت دېگەن جايغا باردى. ئويرات، بۇيرات، بارغۇت، ئۇرسۇت، قاپقاناس، قاڭقاس، توباسلارنىڭ ھەممىسى بەيئەت قىلدى. تۇمەن قىرغىزلارنىڭ ئارىسىغا يېتىپ بارغاندا، يادى ئىنال، ئالدىئار ۋە ئورابەگلەر بەيئەت قىلىپ، ئاق شۇڭقار، ئاق بوزئات، قارا بۇلغۇنلارنى ئېلىپ كېلىپ جوچى بىلەن كۆرۈشتى، سىبىر، قاسىدىم، بائىت، توخاس، ئانلاك، تۇئالاس، تاس، باجىخىت قاتارلىق ئورماننىڭ جەنۇبىدىكى كىشىلەر جوچى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىندى. قىرغىزلارنىڭ تۇمەن ۋە مىڭ بەگلىرى بىلەن ئورمان ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ كېيىن ئاق شۇڭقار، ئاق بوزئات، قارا بۇلغۇن قاتارلىق سوۋغا-سالاملارنى ئېلىپ، چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشتى. چىڭگىزخان ئويرات ئۇرۇقىدىن بولغان قۇدۇغا بېگىنىڭ ھەممىدىن ئاۋۋال بەيئەت قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، چايچايغان ئىسىملىك ئايالنى ئۇنىڭ ئوغلى ئىنالچىغا، جوچىنىڭ قىزى قولايخاننى ئىنالچىنىڭ

ئاكسى تورالچىغا ياتلىق قىلىپ بەردى.» ⑯
يۇقىرىدىكى خاتىرىدىن مەلۇمكى، ئويراتلار ئورمان كىشىلىرى دېگەن نام بىلەن كۆرۈلگەندە، ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ تەركىبى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئويراتلاردىن سىرت، ئۇرسۇت، قاپقاناس، قاڭقاس، تۇباسلارمۇ ئورمان ئىچىدە ياشىغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۇباسلار قەدىمدىن تارتىپ يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنى ماكان قىلىپ كەلگەن دىڭلىڭ ۋە تېلى قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىدىكى خەلقلەر جۇملىسىدىن ئىدى. ئۇرسۇتلار بولسا سىبىن جوڭمىيەن ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» بىلەن «سوڭ سۇلالىسى تارىخى»دا خەۋەر قىلىنغان «سوۋغات ئەۋەتكەن» ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا «مەھكىمە تەسىس قىلىنغان» ئۇسۇنلارنىڭ دەل ئۆزلىرى ئىدى⑰.
«جامىئۇت تاۋارىخ»دا ئېيتىلىشىچە، تۇمەتلەرنىڭ بۇرۇنقى ماكانلىرى يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى سەككىز دەريا ۋادىسى بولۇپ، بۇ سەككىز دەريا — كۆك مۇرەن، ئۆكرى مۇرەن، ئۇخ مۇرەن، قارا ئۇسۇن، سانبىتۇن، ئاكار مۇرەن، چاغان مۇرەن، چۇرنىز مۇرەن قاتارلىق سەككىز دەرياني ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قانقانا، كېم، ئېلان ئايماقلىرى، يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى مۇشۇ سەككىز دەريا ۋادىسىدا تەسىس قىلىنغانىدى. شۇنىڭدەك بۇ جايلارنى قەدىمدىن تارتىپ، غەيرىي رەسمىي موڭغۇل خەلقلىرى ماكان تۇتۇپ كەلگەنىدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دە «كېم ئايمىقى دەريانىڭ نامىغا قويۇلغان بولۇپ، خانبالىققا بېرىش ئۈچۈن بىرقانچە مىڭ چاقىرىم يول كېتىدۇ. ئورنى قىرغىزلارنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بىلەن كېم دەرياسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ۋە تاڭلۇ چوققىسىنىڭ شىمالىدا ......

ئاھالىلىرى نەچچە مىڭ تۈمەن موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئۆز
ىمچىگە ئالىدۇ» [18] دېگەن خاتىرە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن ئويراتلار-
ىنىڭ يەنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا تۈركىي تىللىق خەلق-
لەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ باشقا
موڭغۇل قەبىلىلىرىدىن پەرقلىنىدىغان پەرقىنىڭ دەل مۇشۇنداق
تارىخىي شارائىتتا ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
چۈنكى چىڭگىزخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە «موڭغۇللار-
دىن سىرت، تۈركىي تىللىق خەلقلەرمۇ ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئەمرى-
گە بويسۇنۇپ» [19] ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلغانىدى.

ئومۇمەن ئويراتلار كېم دەريا ۋادىسىدىكى سەككىز دەريا
رايونىدا ياشىغان مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇنلىغان تۈر-
كىي تىللىق خەلقلەر بار ئىدى. «شىمالدا قىرغىزلار بىلەن
قورىقانلار، جەنۇبىدا نايمانلار، شەرقىدە تۈمەتلەر بىلەن خۇالى
ۋە بارغۇتلار بار ئىدى.» [20] بۇنىڭدىكى قورىقانلار موڭغۇل ئېگىز-
لىكىدە تۈركلەردىن كېيىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ئۇيغۇر قەبىلە
جۇملىسىدىن بولۇپ، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. جۇغراپىيە تەز-
كىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان كېم دەريا ئايمىقىدا ئويراتلار بىلەن
بىرگە ئولتۇراقلاشقان نەچچە مىڭ تۈتۈن ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش،
ئويراتلارغا ناھايىتى يېقىن جايلاردا ياشىغانىدى. روشەنكى بۇ
ئويراتلارنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم تەركىبلەرنىڭ بىرى بو-
لۇپ، ئويراتلار XVI ئەسىردە تۆت ئويرات قەبىلىسى بولۇپ شەكىل-
لەنگەنگىچە، نۇرغۇنلىغان خەلق تەركىبلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغا-
نىدى. شۇڭا كېيىنچە ئويراتلارنىڭ ئارىسىدا يەنە قىرغىزلار بى-
لەن تۆلەنغۇتلارنىڭ ئويراتلارنىڭ تەركىبىنى شەكىللەندۈرگەن
خەلقلەر تويىدىن ئىكەنلىكىگە ئائىت رىۋايەتمۇ تارقالغانىدى.
«ئەمەلىيەتتە قىرغىزلار بىلەن قالماقلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئۆز-
ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن دۆلەت زېمىن مۇناسىۋىتى بىلەن مىللىي
مۇناسىۋىتىنى، يەنىسەي، ئېرتىش دەريا ۋادىسىدىكى تۈرك،

موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىكتە تىرىكچىلىك قىلغان ئەڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ، كېيىن بۇ قەبىلەرنىڭ بىر قىسمى ئويراتلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولسا يەنە بىر قىسمى قىرغىزلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.» ㉑ مەسىلەن، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنىشىچە، ئويراتلارنى تەشكىل قىلغان ئوتتۇخلارنىڭ ئىچىدە تۆلەنغۇتلاردىن تۆت زايسان، 4 مىڭ تۈتۈن، قىرغىزلاردىن تۆت زايسان، 4 مىڭ تۈتۈن بار ئىدى ㉒. بۇمۇ ماھىيەتتە ئوخشاشلا، ئويراتلارنىڭ تەركىبىگە ئەتراپتىكى خەلقلەرنىڭ زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى، ئاساسلىقى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدە رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىزاھلار:

㉒① «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 12 ـ، 29 ـ جىلد.

② دېڭ چيەن «چەت ئەللەر ھەققىدىكى قىسسەلەر ئۈستىدە تەھسىل»، دۇرۇڭكۇن بەي سۇي چىن يازغان «غەربىي موڭغۇللارنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ بەت.

③ شيۇزۇجيارۇ «غەربىي موڭغۇللارنىڭ قوۋملىرى توغرىسىدا تەھسىل»، «غەربىي موڭغۇللارنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 1 ـ بەت.

④ ۋۇچيۇ «ئويراتلار كىم»، «يەنجىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1941 ـ يىل، 3 ـ جىلد، 2 ـ سان.

⑤ ۋاڭ جىنبا «تورغۇتلار بىلەن دۆربىتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى»، «ھەقىقەت ئىلمىي ژۇرنىلى» 1943 ـ يىل 3 ـ جىلد، 2 ـ سان

⑥ ئارستوۋ «غەربىي تەڭرى تېغىدىكى ئۇسۇن ۋە قارا قىرغىزلار» 10 ـ باب، 5 ـ بەت؛ ك. ئى. پېتروۋ يازغان «XIV— XV ئەسىرلەردىكى قىرغىزلار بىلەن ئويراتلارنىڭ مۇناسىۋىتى» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تارىخىغا ئائىت تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى» 3 ـ

توپلام، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى-
نىڭ مىللەتلەر تارىخى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ غەربىي شىمال گۇرۇپپىسى
تۈزگەن.

⑦⑪ب. پىللىئوت «قالماق تارىخىغا باھا ۋە ئىزاھ» جۇڭخۇا نەشرى-
ياتى 1994 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 21 -، 78 - بەت.

⑧ راشىدىن «جامىئۇت تاۋارىخ» I توم، 1 - كىتاب سودا نەشرىياتى
1986 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 193 - بەت.

⑨⑮⑳دۇرۇڭكۇن، بەي سۈيچىن «غەربىي موڭغۇللارنىڭ تارىخى
ئۈستىدە تەتقىقات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىلى خەنزۇچە نەشرى
7 -، 3 - بەت.

⑩ گاباڭ شىراپ «تۆت ئويرات تارىخى»، باتۇر ئۇباش تۇمەن «تۆت
ئويرات تارىخى»؛ «ئويراتلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا كەلتۈرۈلگەن نە-
قىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 1 -
كىتاب 6 -، 7 - بەت.

⑫ «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» 7 -،
10 - جىلد.

⑬ساناڭ چېچېن «موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى» 5 - جىلد.

⑭ «موڭغۇللارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» 1 - كىتاب، مىللەتلەر نەشرىيا-
تى 1991 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 15 - بەت.

⑯ «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» 10 - جىلد، مىللەتلەر نەشرىيا-
تى 1992 - يىلى قازاقچە نەشرى 206 -، 207 - بەت.

⑰سېن جوڭمىيەن «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسىدىكى جۇغراپى-
يە ۋە يول ئاتلىقلىرىنى تەكشۈرۈپ ئىزاھلاش» 2 - كىتاب، جۇڭخۇا
نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى 365 - بەت.

⑱ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 63 - جىلد «جۇغراپىيە
تەزكىرىسى».

⑲ خوۋۇست «موڭغۇل تارىخى» (HISTORY OF THE MONGOLS) 1 - كىتاب 2 - قىسىم، تەيۋەن چىڭۋېن نەشرىيات ھەسسە-
دارلىق شىركىتى نەشر قىلغان نۇسخا، ئىنگلىزچە نەشرى، 591 - بەت.

㉑ك. ئى. پېتروۋ «XIV — XV ئەسىرلەردىكى قىرغىزلار بىلەن ئويرات-
لارنىڭ مۇناسىۋىتى»، «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تارىخىغا ئائىت تەرجىمە-
لەر مەجمۇئەسى» 3 - توپلامغا كىرگۈزۈلگەن.

## 2. ئويراتلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى

ئويراتلارنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا ئېلىپ بارغان پائالىيىتى، ئەمەلىيەتتە ئويراتلارنىڭ غەربىي يۇرت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مۇسۇلمان مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلاردا «قالماق» دېگەن نام بىلەن كۆرۈلگەندى. قالماق دېگەن نام ئىككى خىل مەنىدە قوللىنىلىدۇ. تار مەنىدە XVII ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ۋولگا دەريا بويلىرىغا كۆچۈپ بېرىپ، كېيىن شۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغان تورغۇت قەبىلىسىنىلا كۆرسىتىدۇ. كەڭ مەنىدە پۈتكۈل ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ جۇڭغار، دۆربەت، تورغۇت، خوشۇت قاتارلىق تۆت چوڭ قەبىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭ رايونىدا ياشىغان تۈركىي خەلقلەر بۇ نامنى XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئويراتلار موغۇلىستان ① چېگرىلىرىدا پەيدا بولۇشقا باشلىغاندا، قوللىنىشقا باشلىغانىدى. «شۇڭا قالماق دېگەن بۇ نامنى ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممە شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان باشقا خەلقلەرنىڭ ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان دەپ جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن.» ②

بۇنداق قاراش نۆۋەتتە شەرقشۇناسلارنىڭ ئارىسىدا بىر قەدەر كەڭ تارقالغان بولسىمۇ، غەرب ئالىملىرىنىڭ ئىچىدە قالماق دېگەن نام بەلكىم XV ئەسىردە تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا چىققان دېگۈچىلەر بار. برتشنېيدرنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، «قالماق دېگەن نام ئاللىبۇرۇن ئىبنى ئەل فارادىنىڭ ئەسەرلىرىدە كۆرۈلگەن بولۇپ، يەنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى 1398 ـ يىلىدىن كېيىنكى ۋەقەلەردە چېلىقىدۇ.» ③پېللىئوت «زەپەرنامە» دە تىلغا ئېلىنغان «تەيجى ئوغلان بىلەن قاغاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇلۇغ

يۇرتتا بەزى ئىختىلاپلار يۈز بەرگەچكە، ئۇ قالماق (Qalmaq)
لارنىڭ ئېلىدىن قېچىپ چىقىپ، بۇ جايغا كەلگەن» دېگەن سۆز
توغرىسىدا توختىلىپ، «گەرچە پېدىس دې لاك رويىخنىڭ بۇ
مەسىلە ئۈستىدە ئېلىپ بارغان چۈشەندۈرۈشى ناھايىتى قىسقا
چۇۋالچاق بولسىمۇ، ئەمما جەزمەن ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك-
كى، بۇ سۆزلەرگە چېتىشلىق بولغان ئاشۇ يىللاردا قالماق دېگەن
بۇ نام ئاللىقاچان ئوتتۇرىغا چىقىپ بولغانىدى» ④ دەپ كۆرسىتە-
دۇ. بۇ ماھىيەتتە برتشنېيدر تەشەببۇس قىلغان قالماق دېگەن
نامنىڭ مۇسۇلمان مەنبەلىرىدە 1398 - يىللار ئەتراپىدا ئوتتۇرىغا
چىققانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئىدى. دېمەك غەرب ئالىملىرى-
مۇ قالماق دېگەن نامنىڭ XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XV
ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققانلىقى توغرىسىدا، ئاساسەن
بىر چۈشەنچىگە كېلىپ بولغان بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا، ئۇنى ئويراتلارنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا ئېلىپ
بارغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى پائالىيىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى
بولمايتتى.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا،
ئارىخ بۆكەنىڭ قۇبلايخانغا قارشى قوشۇنلىرىنىڭ ئىچىدە ئويرات
قوشۇنلىرى بىلەن قىرغىز قوشۇنلىرى بار ئىدى. قۇبلايخان
موڭغۇل دالاسىدە ئارىخ بۆكەنىڭ ئاشلىق ۋە قورال - ياراغ
مەنبەسىنى ئۈزۈپ قويغاچقا، ئارىخ بۆكە ئاساسەن چاغاتاي ۋە
ئوگىدايىنىڭ سۇيۇرغانلىقىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، قۇبلايخانغا قار-
شى تۇرغانىدى، بىراق ئارىخ بۆكە چاغاتايىنىڭ قۇبلاي تەرىپىدىن
يېڭىدىن تەيىنلىنىپ ئەۋەتىلگەن تەخت ۋارىسى ئابىشقۇننى ئۆلتۈ-
رۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چاغاتايىنىڭ يەنە بىر نەۋرىسى ئارغۇنى تەخت-
كە چىقارغان بولسىمۇ، ئارغۇ ئۆزىنىڭ قۇبلايغا بولغان مايىللىقى-
نى بىلدۈرۈپ، چاغاتايىنىڭ سۇيۇرغاللىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش
ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بارغانىدى. بارتولدنىڭ يازغانلىرىغا ئا-

ساسلانغاندا، «ئاردىن كۆپ ئۆتمەي، ئۇ ئارىخ بۆكەگە قارشى
ئاشكارا سوقۇش ئېلىپ بارغانىدى. ئارىخ بۆكە بۇ چاغلاردا قۇبلاي-
نىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن موڭغۇلىيىدىن سىقىپ چىقىرىلغا-
نىدى» . «ئارىخ بۆكەنىڭ ئەسكەرلىرى ئىلى ۋادىسىنىڭ مۇنبەت
يەرلىرىدە نۇرغۇن بۇغدايىنى غەنىيمەت ئالغانىدى. ... خەلقنىڭ
قولىدىن شۇنچىۋالا ئاشلىقنى تارتىۋېلىش بۇ جايلاردىكى ئاھالىلەر
ئىچىدە ئاچارچىلىق پەيدا قىلغانىدى. ... مۇشۇنداق ئەھۋال ئاس-
تىدا، ئارىخ بۆكەنىڭ رەھىمسىزلىكى ئۇچۇن ئۇنى ئوبدان كۆر-
مەيدىغان ھەربىي باشلىقلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئارىخ بۆكەنى
تاشلاپ كەتكەنىدى. » ⑤بۇنداق تاشلاپ كېتىش ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ
قول ئاستىدىكى ئويراتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قوشۇنلىرىنىڭ
تارقىلىپ كېتىشى بولغاچقا، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۇنى،
ئويراتلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەربكە كۆچۈشىنىڭ ئالدىدىكى، تەڭ-
رى تېغىنىڭ شىمالىدىكى پائالىيىتىگە ئائىت بىر قەدەر بالدۇرقى
خاتىرىلەرنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. «بىراق ئۇلار ئەينى ۋاقىت-
تا پەقەت ئارىخ بۆكەنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى سۈپىتىدىلا غەربىي
يۇرتتىكى بەزى ۋەقەلەرگە ئارىلاشقان بولغاچقا، يەنىلا مۇستەقىل
سىياسىي كۈچ ئەمەس ئىدى» ⑥.
ئويراتلارنىڭ مۇستەقىل بىر سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە تەڭ-
رى تېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان
ۋاقتى، XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك غەربكە
كۆچۈشتىن ئىلگىرى ئىدى. يەنى ئويراتلار XV ئەسىرنىڭ باش-
لىرىدا بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ شىمالىدا پەيدا بولۇپ، جەنۇبتا
قۇمۇل بىلەن چېگرىلانغانىدى. بۇ دەل بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ
تەختىگە خىزىر خوجىدىن كېيىن شەمئىي جاھاننىڭ سەلتەنەت
سۈرگەن دەۋرى بولۇپ، زىلاتكىنىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا،
ئويراتلار بىلەن شەرقىي موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئىقتىسادىي
جەھەتتىكى پايدا - زىيان مۇناسىۋىتى يۈز بەرگەنىدى. «شۇنىڭ

بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئويرات-
لارنىڭ ۋالىڭ، گۇڭلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، XV ئەسىرنىڭ باش-
لىرىدا، ئۇرۇش يولى بىلەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش قىيىن
ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنىنىڭ غەربىي قىسىم
چېگرىسىدا، موغۇلىستان خانىغا قارشى ئۇرۇش ئاللىقاچان قانات
يايدۇرۇلغانىدى.» ⑦

«جۇڭغارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا كۆرسىتىلىشىچە، «بۇ
مەزگىلدە شەرقىي موڭغۇللارنىڭ چوڭ فېئودالى ئارۇخداي تەيشى
باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقتىن، 1408 - يىلى (يوڭلېنىڭ 6 -
يىلى) گولىچىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بېشبالىقتىن يۆن سۇلا-
لىسىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بېن ياشىرنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ
كېلىپ، خان قىلىپ تىكلىگەنىدى» ⑧. زىلانكىن بېشبالىقتا يۈز
بەرگەن بۇ ۋەقەنى «1408 - يىلى ئويرات موڭغۇللىرى بېشبالىق-
نى ئىشغال قىلىۋالدى» ⑨دەپ كۆرسىتىدۇ. دېمەك X V
ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئويراتلارنىڭ كۈچلىرى بىرمەھەل تەڭرى
تېغىنىڭ شىمالىدىكى بېشبالىق شەھىرىگىچە يېتىپ كەلگەن بو-
لۇپ، بۇنىڭدا بېشبالىق ئورۇن ياكى شەھەر نامى سۈپىتىدە تىلغا
ئېلىنغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى تارىخنامىلەردە «موغۇلىستان»
دېگەن سۆز كۆپىنچە «بېشبالىق» دېگەن نامنىڭ ئورنىغا ئىشلە-
تىلگەنىدى. شۇڭا ئويراتلارنىڭ 1408 - يىلىدىكى، بېشبالىقنى
ئىشغال قىلىۋېلىش ۋەقەسى، ھەرگىز ئۇلارنىڭ بېشبالىق ھاكى-
مىيىتىنى بويسۇندۇرغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەلكى «بېش-
بالىق ئۆز ئىچىگە ئالغان لۈكچىن، قوچۇ، تۇرپان، قەشقەر،
ئالمىلىق قاتارلىق ئورۇنلاردىكى سۈيۈرغال شەھەرلەر» ⑩ نىڭ
بىرى بولغان بېشبالىق شەھىرىگىلا قارىتىلغانىدى.

دەرۋەقە ئويراتلار بېشبالىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئوتلاقلار-
نى قولغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن، تەڭرى تېغىنىڭ شەرقىدىكى
جايلارنىمۇ ئىگىلەشكە باشلىغانىدى. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ تەي-

نزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» دە قۇمۇلنىڭ جۇغراپىيە-
لىك ئورنى توغرىسىدا توختىلىپ، «شىمالىدىكى تاغ ئارقىلىق
ئويراتلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ يەردە
تىلغا ئېلىنغان قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى تاغ تەڭرى تېغىنى كۆر-
سىتەتتى. بۇ خىل ئەھۋال مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر يازغان «تارى-
خىي رەشىدىيە» دىكى خاتىرىلەر بىلەنمۇ ئاساسەن ئوخشايدۇ.
مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئېلبالىق (بېشبالىق) ھاكىمىيىتىنىڭ
1509 - يىلىدىن ئاۋۋالقى مەزگىلىدىكى چېگرىسىغا دائىر بايان-
دا: «بىزنىڭ بىلىشىمىزچە موغۇلىستاننىڭ ھازىرقى دائىرىسى-
نىڭ پەقەت يەتتە - سەككىز ئايلىق مۇساپە ئىكەنلىكىدۇر.
ئۇنىڭ شەرقىتىكى چېگرىسى قالماقلارنىڭ ئېلى بىلەن چېگرىلىنى-
دۇ، يەنى باركۆل، ئېمىل ۋە ئېرتىشتا چېگرىلىنىدۇ؛ شىمال
تەرىپى كۆكچە دېڭىز، بوملىش ۋە قارا تال بىلەن تۇتۇشىدۇ؛
غەرب تەرىپى تۈركىستان ۋە تاشكەنت بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇب
تەرىپى پەرغانە ئۆلكىسى، قەشقەر، ئاقسۇ، چالىش ۋە تۇرپان
قاتارلىق جايلار بىلەن تۇتۇشىدۇ» ⑪ دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن
ئويراتلارنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا ئېلىپ بارغان پائالىيىتى-
نىڭ XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ۋە ئۇنىڭدىن سەل - پەل كېيىن
بېشبالىق ئوتلىقىدىن سىرت، قۇمۇل، ئېرتىش ۋە ئېمىل دەريا
ۋادىلىرىغىچە يېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئالاھازەل XV ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن باشلاپ، ئويرات-
لار كۆچىيىشكە باشلىغانلىقتىن، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا تەڭرى
تېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا قاراپ سىلجىغانىدى. بۇ ۋاقىت
دەل شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ زەئىپلىشىپ مەركىزىنى بېشبا-
لىقتىن غەربتىكى ئېلبالىققا كۆچۈرۈپ، ئېلبالىق ھاكىمىيىتىنى
قۇرغان ۋاقتى ئىدى. بىراق ئويراتلار تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا
ھەدەپ يېڭى زېمىنلارنى ئىگىلەشكە ئىنتىلىۋاتقان چاغدا، ئېلبا-
لىق ھاكىمىيىتى تۇرپان ئويمانلىقىنى مەركەز قىلىپ، ئويراتلار-

دىن مۇداپىئەلەنگۇدەك دەرمان توپلىۋالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئويى-
راتلارنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى تەسىرى يەنىلا كۈچلۈك
بولغانلىقتىن، ئىلبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ خانى ئۇۋەيىسنى قاتتىق
خاتىرجەمسىزلەندۈرگەنىدى. «تارىخىي رەشىدىيە» دىكى سۇلتان
ئۇۋەيىسكە بېغىشلانغان بايانلارغا قارىغاندا، ئۇۋەيىسخان بىلەن
ئويراتلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش بىرقەدەر كەسكىن ئېلىپ
بېرىلغان بولسىمۇ، ئۇۋەيىس كۆپ قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرى-
غانىدى:

«ئۇۋەيىس تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىسلام دىنىغا قارىتا
ناھايىتى قىزغىن بولدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە باتۇرلۇقتا باشقىلاردىن
ئېشىپ چۈشەتتى. چۈنكى ئۇ موغۇللارنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم
قىلىشىنى مەنئىي قىلدى، شۇڭا بىدئەتلەردىن بولغان قالماقلارغا
جازا يۈرۈش قىلىپ تۇراتتى؛ گەرچە ئۇ نۇرغۇن قېتىم ئوڭۇش-
سىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئىرادى-
سى قەتئىي بولغاچقا، جاھەت قىلىش نىيىتىدىن ھەرگىز ۋاز
كەچمەيتتى. ئۇ ئىككى نۆۋەت قالماقلار تەرىپىدىن ئەسىرگە چۈ-
شۈپ قالغانىدى. بىرىنچى قېتىمقىسى مىڭلاق ئۇرۇشىدا بولۇپ،
ئەسىرگە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن ئېسەن تەيشىنىڭ ئالدىغا يالاپ
ئېلىپ بېرىلغانىدى. ...... يەنە بىر قېتىم ئۇۋەيىسخان موغۇلىس-
تاننىڭ چېگرىسىدىكى كەبەك دېگەن جايدا ئېسەن تەيشى بىلەن
ئۇرۇش قىلىپ، ئوخشاشلا مەغلۇپ بولغانىدى. ...... سۇلتان
ئۇۋەيىسخان ئېسەن تەيشى بىلەن تۇرپاننىڭ ئەتراپىدىمۇ ئۇرۇش
قىلغانىدى. ھەمدە ئوخشاشلا مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشكەنى-
دى. ئېسەن تەيشى ئۇۋەيىسخان يالاپ ئېلىپ كېلىنگەندە، ئۇنىڭ-
غا: بۇ نۆۋەت سەن سىڭلىڭ مەختۇم خېنىمنى ماڭا ھەدىيە
قىلساڭ، مەن ئاندىن سېنى قويۇپ بېرىمەن دېگەنىدى. ئەينى
ۋاقىتتا پەقەت باشقا ئامال بولمىغاچقا، مەختۇم خېنىمنى ئۇنىڭغا
بەرگەندىن كېيىنلا، ئۇۋەيىسخان ئاندىن ئەركىنلىككە ئېرىشكەنى-

دى. ئادەتتىكى خاتىرىلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ خان قالماقلار بىلەن جەمئىي 61 قېتىم ئۇرۇش قىلغان بولۇپ، پەقەت بىرلا قېتىمقىسىدا غەلىبە قازىنىپ، قالغان قېتىمقىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانىدى.» ⑫

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر يەتكۈزۈپ بەرگەن يۇقىرىدىكى خاتىرە، ئۇۋەيسنىڭ ئويراتلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بولۇپ، ئۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان ئورۇن ۋە جاي ناملىرى ئويراتلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا ئېلىپ بارغان پائالىيىتىنىڭ كېڭىيىش دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئويراتلارنىڭ XV ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا تاكى تەڭرى تېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى جايلارغىچە ئىچكىرىلەپ بارغانلىقىنىڭ دەلىلى ئىدى. لېكىن شۇنىسى ئايانكى، بۇنىڭدا مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئۇۋەيس بىلەن ئۇرۇش قىلغان ئويراتلارنىڭ ئاتامىنىنى ئېسەن تەيشى دەپ تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئويرات، قىرغىز ئىتتىپاقىنىڭ ئاقسىلى ئېسەنقۇل ئىدى. مەيلى ئېسەن تەيشى ياكى قىرغىزلاردىن كېلىپ چىققان ئېسەنقۇل بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئالتاي تېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېسەنقۇلنىڭ قارىمىقىدىكى قوشۇنلارنىڭ تەركىبىدە ئويراتلاردىن سىرت، قىرغىز قوشۇنلىرىمۇ بار ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇلار كۆپچىلىك ئويراتلارغا ئوخشاش كۆپ ئىلاھلىق شامانىزم ئېتىقادىدا تۇرۇپ قالغاچقا، مۇسۇلمان مەنبەلىرىدە ئويراتلاردىن پەرقلەندۈرۈلمەي، ئېسەن تەيشىنىڭ باشچىلىقىدىكى ئويراتلارنىڭ ئومۇمىي نامى بىلەن يۇرگۈزۈلگەنىدى. ئۇۋەيسخاننىڭ ئۆزىمۇ ئۇلارنىڭ بۇ خىلدىكى ھالىتىنى بىراقلا قالماقلىق خۇسۇسىيەت دەپ بىلگەچكە، ئېسەنقۇل بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشنى باشتىن - ئاياغ قالماقلارغا قارشى «جاھەت» قىلىش دەپ ھېس قىلىۋالغاندەك قىلاتتى. ھەتتا

ئۇ بۇ خىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە، سىڭلىسى مەختۇم خېنىمنى ئېسەنتۇغلىنىڭ ئوغلى ئامانسانجى تەيجىگە ياتلىق قىلغاندا، تويىنى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۆتكۈزۈشتە چىڭ تۇرغانىدى. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر بۇ ۋەقەنىمۇ ئۇۋەيسخاننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى قاتارىدا تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئەسلىدە ئۇۋەيىسخان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، قولغا چۈشۈپ قالغاندا، سىڭلىسى مەختۇم خېنىمنى بېرىش ھېسابىدا ئۆزىنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدى، كېيىن ئېسەن تەيشى بۇ مەختۇم خېنىمنى ئاماسانجى تەيشىگە خوتۇنلۇققا بەردى، ئۇ ئامانسانجى تەيشىدىن ئىككى ئوغۇل بىر قىز پەرزەنت كۆردى. ئۇۋەيسخان ئۆزىنىڭ سىڭلىسىنى ياتلىق قىلىدىغان چاغدا، سىڭلىسىنىڭ ئېرىنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تويىنى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۆتكۈزدى. مەختۇم خېنىممۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى پۈتۈنلەي مۇسۇلمان قىلغانىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى ئوغلىغا ئىبراھىم ئۆلۈڭ ۋە ئىلياس دەپ ئىسىم قويىدى ھەمدە مىرخالدىن بەردىنىڭ ئىسمىنى قىزىغا قادىر بەردى مىرزا دەپ ئۆزگەرتىپ قويدى.» ⑬ قىسقىسى، ئۇۋەيسخان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانلىرىنىڭ ئىچىدە، ئويراتلار بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ھەر قېتىمدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش بەدىلىگە ئۆتكۈزگەن قۇدىلىشىش ھەرىكىتى، ئويراتلارنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ھۆججىنى توسۇشتا مەلۇم رول ئوينىغانىدى.

ئويرات ئىتتىپاقىنىڭ تەختىگە 1439 ـ يىلى توخان تەيشىنىڭ ئوغلى ئېسەن تەيشى چىققاندىن كېيىن تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا داۋاملىق تەھدىت سالدى. ئۇۋەيسخان ئۆلۈپ، ئورنىغا ئىككىنچى ئوغلى ئېسەن بۇقاخان (1429 ـ 1462 ـ يىللارغىچە تەختتە ئولتۇرغان) تەختكە چىققاندا، ئويراتلارنىڭ تەسىر كۆچى ئىسسىق كۆل ئەتراپىغىچە يېتىپ باردى.

بولۇپمۇ ئېسەن بۇقاخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىل-
لەردە، دوغلات جەمەتىدىن كېلىپ چىققان ئەمىرلەر ئۆز ئالدىغا
ھەرىكەت قىلغاچقا، ئويراتلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ئۇچۇن پۇر-
سەت يارىتىپ بەرگەنىدى. مەسىلەن، خىزىر خوجىنىڭ تەختكە
چىقىشىغا يار - يۆلەكتە بولغان خودايداتنىڭ ئوغۇللىرى شۇنداق
قىلغان بولۇپ، ئۇچىنچى ئوغلى «مىرھەق بەردى بەگچەك قال-
ماقلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۇچۇن ئىسسىق كۆلنىڭ ئوت-
تۇرىسىدىكى بىر ئارالنىڭ قوي سۈيى دېگەن يېرىدە تۇردى ھەمدە
بۇ جايغا قەلئە سېلىپ، بالا - چاقا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى
كۆچۈرۈپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى.» ⑭ دېمەك، ئويراتلار-
نىڭ تەسىر كۈچى ئېسەن تەيشىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە داۋاملىق
تەڭرى تېغىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى جايلارغىچە كېڭەيگەنىدى.
1454 - يىلى ئويراتلارنىڭ ھۆكۈمرانى ئېسەن تەيشىنىڭ
ئۆلۈشى، ئىلبالىق ھاكىمىيىتى دائىرىسىدە ئۇۋەيس خاندىن
كېيىنكى نىسپىي مۇقىملىقنى پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە، پەيدىن-
پەي تۇرپاننى مەركەز قىلغان شەرقىي قىسىم بىلەن قەشقەرنى
مەركەز قىلغان غەربىي قىسىمنى شەكىللەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن
ئويراتلار ئۆزلىرىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى پائالىيىتىنى
تارايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئېسەن بۇقاخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى
دوست مۇھەممەدتىن كېيىن، 1472 - يىلى ئۇۋەيسخاننىڭ
چوڭ ئوغلى يۇنۇسخان موغۇلىستاننىڭ ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا
ئالغانىدى. «ئەينى چاغدا قالماقلار يۇرتىغا قايتىپ كەتكەنلىك-
تىن، موغۇلىستان ئىگىسىز قالغانىدى، بۇنىڭ بىلەن يۇ-
نۇسخان موغۇللارنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ماكانىغا
قايتىپ كەلگەنىدى.» ⑮ دېمەك يۇنۇسخاننىڭ دەۋرىدە ئويراتلار
تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردىن ئاساسەن چېكىنىپ
چىققانىدى. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، پۈتۈنلەي شەرقىي
چاغاتاي خانلىقىنىڭ دۆلەت كۈچىنىڭ ئېشىشى بىلەن مۇناسىۋەت-

لىنىڭ بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئېسەن تەيشى ئۆلگەندىن كېيىنكى ئويراتلار دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي تارىخىي سەۋەبلەر بىلەن مۇنا-سىۋەتلىك ئىدى: بارتولد «ئېسەنىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئويراتلار-نىڭ شەرقىي تەرەپتىكى قۇدرىتى تۆۋەنلەشكە باشلىدى. جۇڭگو مەنبەلىرىدە 200 يىل داۋامىدا قالماقلار ھەققىدە لام - جىم دېيىلمەيدۇ. مۇسۇلمان مەنبەلىرىدە ئېسەنىنىڭ ئوغلى ئاماسانجى تەيجى ھەققىدە ۋە ئويراتلارنىڭ يەنە بىر رەھبىرى ئۈز تۆمۈر تەيجى توغرۇلۇق بايانلار يولۇقىدۇ» ⑯ دەپ كۆرسىتىدۇ. ناھايە-تى روشەنكى بۇنىڭدىكى ئاماسانجى تەيجى ئۇۋەيىسخانىنىڭ سىڭلى-سى مەختۇم خېنىمنى ئەمرىگە ئالغان ئىسەن قۇل ئوغلى ئاماسان-جى تەيشى بولۇپ، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئۇنىڭ زور بىر تۈركۈم قالماقلارغا باشچىلىق قىلىپ، موغۇلىستانغا قېچىپ كەل-گەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. پىللىئوتنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، «ئۇلار ناھايىتى تېزلىكتىلا 1472- 1473 - يىللار ئارىلىقىدا ئۆزلىرىنىڭ يۇرتلىرىغا قايتىپ كەتكەنىدى» ⑰ يەنى ئۇلار يۇنۇس-خان تەختكە چىققان مەزگىلدە موڭغۇل دالاسىغا قايتىپ كەتكەن ئاشۇ بىر تۈركۈم ئويراتلار بولۇشى مۇمكىن.

1454 - يىلى ئېسەن تەيشىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن ئويرات-لاردىن بىر تۈركۈم ئاھالىلەرنىڭ باركۆل ۋە قۇمۇلغا كېلىپ پاناھلىنىشىدىن ئالغاندا، XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئويراتلار-نىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى پائالىيىتى يەنىلا ئۇنىڭ شەر-قىي قىسمىدىكى رايونلاردا داۋاملاشقاچ تۇرغانىدى. شۇنىڭدەك ئومۇمىيۈزلۈك غەربكە كۆچكەچكە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا چوڭ-راق بىرەر ھەرىكەت ئېلىپ بارالمىغانىدى. بۇ قارىماققا ئويراتلارنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى تەسىرىنىڭ ئېسەن تەيشى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئايرىم جايلاردا ئاۋۋالقىدەكلا مەۋجۇت-لۇقىنى بىلدۈرسىمۇ، «ئېسەنىنىڭ ئۆلۈشىگە ئەگىشىپ، ئويرات-لار ئۆزلىرىنىڭ موڭغۇللارغا قاراتقان تەسىرىنى قايتا ساقلاپ

قالالمىغانىدى، ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ ئورتاق ئىشلىرىغا قاتنى-
شىشتىن ۋاز كېچىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيە-
تىنى ئەسلىدىكى سۇيۇرغاللىق زېمىن دائىرىسىدە چەكلەپ تۇر-
دى. مانا مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئېسەننىڭ دەۋرىدىن قارا-
قۇللانىڭ دەۋرىگىچە بولغان 150 يىللىق مابەينىدە، ئويراتلارنىڭ
ئىچكى ئىشلىرى كىشلەر تەرىپىدىن ناھايىتى ئاز بىلىنگەنى-
دى.»[18] XVI ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ، رەس-
مىي رەۋىشتە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا قايتا ئىچ-
كىرىلەپ كىردى ۋە يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دەسلەپكى
تەكتى بولغان تۇرپان ھاكىمىيتى بىلەن ئۈزلۈكسىز توقۇنۇش-
تى.

تۇرپان ھاكىمىيتى — ئىلبالىق ھاكىمىيتى تۇرپان ۋە
قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئىككى تارماققا ئايرىلغاندا ۋۇجۇدقا
كەلگەن بولۇپ، يۇنۇسخاننىڭ دەۋرىدىلا ئۇ تۇرپان ھۆكۈمرانى
«ئەلى سۇلتان» دېگەن نام بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغانى-
دى. 1487 - يىلى يۇنۇسخان تاشكەنتتە ئۆلگەندە، چوڭ ئوغلى
مۇھەممەد خان ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. ئىككىنچى
ئوغلى ئەخمەتخان 1478 - يىلىدىن باشلاپ تۇرپاننى ئىدارە قى-
لىشقا باشلاپ، پەيدىنپەي ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشكە كى-
رىشتى. بۇ ھەقتە «مىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنزۇڭ زامانىسىدىكى
ئوردا خاتىرىلىرى»دا «گەنسۇنىڭ باشبۇغ ئەمەلدارىنىڭ جويۇ
قاتارلىقلارغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، قۇمۇلنىڭ تۇتۇقبېگى خانزېنىنىڭ
مەلۇم قىلىشىچە، يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى سۇلتان ئەخمەت چالىش
قاتارلىق تۆت شەھەرنى قايتا ئىشغال قىلىۋالدى دەپ خەۋەر قىل-
دى»[19] دېيىلگەن. دېمەك يۇنۇسخان تەرىپىدىن ئاساس سېلىنغان
تۇرپان ھاكىمىيتى ئەخمەتخاننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە بەلگىلىك
دەرىجىدە كۈچەيگەنىدى. ئەخمەتخانىڭ ئۆزىمۇ شەرقىي چاغاتاي
خانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلاشقان ئەۋلادلىرىنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر قابىل-

لىرىدىن بىرى ئىدى. ئەخمەتخاننىڭ ئىگىچىسىنىڭ ئوغلى بابۇر-
نىڭ كۆرسىتىشىچە، «ئەخمەتخان قىلىچقا ھۆكۈمران ھەم جەسۇر
ئىدى. ھەممە قوراللار ئىچىدە قىلىچقا بەكرەك ئېتىبار بېرەتتى.
نەيزە، پالتا قاتارلىق قوراللار تەگسە، بىر يەرنى يارا قىلىدۇ،
ئەگەر قىلىچ تەگسە، باشتىن ـ ئاياغ كېسىپ چۈشىدۇ دەيتتى.
قىلىچنى ھەرگىز يېنىدىن ئايرىمايتتى، يا بېلىدە بولاتتى ياكى
قولىدا بولاتتى.» ⑳ دېمەك، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ئەخمەتخان
ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى خانلاردىن پەرقلىنىدىغان جەسۇرلۇقى بىلەن
خانلىقنىڭ ۋەزىيىتىنى قاتتىق كونترول قىلىپ تۇرغانلىقتىن،
ئۇنىڭ ئىدارە قىلغان «زېمىنلىرى جۇڭگو (مىڭ سۇلالىسى)
چېگرىسىدىن قەشقەر چېگرىسىغىچە بولغان جايلارغىچە باراتتى،
تۇرپان، چالىش، كۇچار، ئاقسۇ ۋە ئۇچ قاتارلىق جايلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالغانىدى» ㉑. ئەخمەتخان يەنە كۆپ قېتىم كېڭەيمىچى-
لىك ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقتىن، ئويراتلارنىڭ نەچچە
ۋاقىتتىن بۇيان موغۇلىستان چېگرىسىغا كەلتۈرۈۋاتقان تەھدىتى-
نى ئاساسىي جەھەتتىن ئوڭۇشلۇق ھالدا توستى. بۇ جەھەتتە ئۇ
ئىلگىرىكى بېشبالىق ۋە ئىلىبالىق ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانـ
لىرىدىن ئېشىپ چۈشسە، چۈشتىكى ئويراتلارغا ھەرگىز يول
قويمىدى. بۇ توغرىسىدا مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر يازغان «تارىخي
رەشىدىيە» دە بىرقەدەر تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرۇلغان بولۇپ،
ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

«شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بۇ خاننىڭ ئابرۇيى كۈنسايىن ئۆس-
تى. موغۇلىستان زېمىنىدا ھېچكىم ئۇنىڭغا قايتا قارشى چىقىشقا
پېتىنالمىدى. ئۇ بىرقانچە نۆۋەت قالماقلارغا قارشى جازا يۈرۈش
قىلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن نۇسرەت قازىنىپ، نۇرغۇن ئادەمنى
ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى. قالماقلار ئۇنىڭدىن ئىنتايىن قورقۇپ
كەتكەچكە، ئۇنى ئىزچىل ئالاشخان دەپ ئاتىغانىدى. ئالاشخان
دېگەن بۇ سۆزنىڭ موغۇل تىلىدا kushanda (قاتىل) دېگەن مەنە-

سى بولغاچقا، شۇڭا ئۇنى ئالاشخان دەپ ئاتىغاندى. ئۇ بۇ نامدىن زادىلا خالاس بولالمىغاندى، ئۇنىڭ پۇقرالىرىمۇ دائىم ئۇنى ئالاشخان دەپ ئاتايتتى. ھازىر موغۇللار ئۇنى سۇلتان ئەخمەتخان دەپ ئاتىشىدۇ. بىراق قوشنا جايلاردىكى خەلقلەر ئۇنى ئالاشخان دەپ ئاتايدۇ. ھىراتلىق مىرخەۋەندە بىلەن خەۋەندە مىر تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخ بىلەن باشقا تارىخلاردىمۇ ئۇنى ئالاشخان دېگەن نام بىلەن تىلغا ئالغاندى.» ㉒

دېمەك، يۇقىرىقى خاتىرىدىن كۆرۈش تەس ئەمەسكى، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئەخمەتخان بىلەن ئۇرۇش قىلغان ئويراتلارنىڭ ئاتامانلىرىنى ئاۋۋالقىدەكلا ئېسەن تەيشى دەپ تىلغا ئالغاندەك قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ مەزگىلدە ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەندى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككىسىنىڭ ياشىغان دەۋرىدىمۇ زور پەرق بولغاچقا، بۇنىڭدا مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئۆز دەۋرىنىڭ ئەخمەتخان توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلىرى بىلەن خەلق ئىچىدە تارقالغان ئويراتلارنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى ئېسەن تەيشىگە باغلاپ بايان قىلىدىغان گەپ - سۆزلىرىگە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا «بىزنىڭ يۇقىرىقىلاردىن چىقىرىدىغان بىردىنبىر يەكۈنىمىز شۇكى، ئېسەن تەيشى قەشقەر بىلەن موڭغۇللاردا ئوخشاشلا زور نام قالدۇرغاندى. بىر ئەسىردىن كېيىن قەشقەردىكى مۇسۇلمان مۇرىتلىرىمۇ ئىلگىرى تەختتە ئولتۇرغانلار بىلەن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئالماشقانلارنىڭ دەۋرىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ نامىغا باغلاپ قويغاندى.» ㉓ مانا بۇ مۇسۇلمان مەنبەلىرىدىكى ئېسەن تەيشىگە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنى ئېنىقلاشتىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان يەنە بىر مۇھىملىقتۇر.

1504 - يىلى تۇرپان ھۆكۈمرانى ئەخمەتخان ئۆلۈپ، ئورنىغا چوڭ ئوغلى مەنسۇرخان تەختكە چىققاندا، ئويراتلار مەنسۇرخان بىلەن كۆپ قېتىم توقۇنۇشتى. 1514 - يىلى «ئويرات

دازىلىرى قومۇلغا ھۇجۇم قىلغاندا، تۇرپان سۇلتانى مەنسۇر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى.» [24] 1517 - يىلى مەنسۇرخان گەنسۇدىكى گۇاجۇغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئويراتلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەنسۇرخاننىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ياندۇرقى يىلى ئويراتلار يەنە تۇرپاندىكى ئۈچ شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، مەنسۇرخاننى سۇلھى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى. قىسقىسى، بۇ مەزگىلدە بۇرۇنقى ئىلبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي قىسمى مەنسۇرخان ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنىڭ ئويراتلار بىلەن توقۇنۇشىدىغان سورۇنىغا ئايلانغانىدى.

ئويراتلارنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى بۇ خىل پائالىيەتلىرى، تەبىئىي ھالدا بۇ جايلاردىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي قالمىغانىدى. ئويراتلار XVI ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى قايتىدىن موغۇلىستان چېگرىلىرى ئەتراپىغا كەلگەندە، يەركەن خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرەشىتخان، ئاتىسى سەئىدخاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن «قالماقلارغا قارشى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغانىدى ۋە مۇشۇ يەردىكى غەلىبىسى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «غازى» دېگەن لەقەم سىڭىپ كەتكەنىدى.» [25]

XVI ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا كەلگەندە، «موغۇلىستاننىڭ قوشۇنلىرى ئويراتلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرىنى ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، جەنۇبتىكى كۆكجۇر يايلىقى ئەتراپىغا كېتىشكە مەجبۇر قىلدى.» [26] بۇ خىل جەريان مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ سۇلتان سەئىدخاننىڭ دەۋرىدىكى قەشقەر توغرىسىدىكى بايانىدىمۇ دەلىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

«قەشقەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە موغۇلىستاننىڭ ئېدىرلىق تاغلىرى بار، بۇ تاغ غەربتىن شەرققە ئەگرى - بۈگرى شەكىلدە سوزۇلغان. دەريا ئېقىنلىرى تاغنىڭ ئارىسىدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ، بۇ تاغلار شاشتىن تاكى تۇرپاننىڭ سىرتىغىچە بارىدۇ،

تاغنىڭ ئاخىرقى ئۇچى قالماقلارنىڭ يۇرتىغىچە يېتىپ بارىدۇ. بۇ يەرلەرگە قالماقلاردىن باشقا، ھېچكىم بېرىپ باقمىغان ياكى ئۇ يەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدۇ.» [27]

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن ئويراتلارنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى پائالىيىتىنىڭ يەركەن خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قاتتىق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، بىرمەھەل موغۇلىستان چېگرىسىدىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنى ئويراتلارنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى پائالىيىتىنىڭ بۇ مەزگىلگە كەلگەندە مەلۇم مۇددەت توختاپ قېلىش دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئويراتلارنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى پائالىيىتى تاكى XVII ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىغىچىلا جانلانمىدى. پەقەت ئابدۇرەشىتخاننىڭ نەۋرىسى ئابدۇللاخاننىڭ دەۋرى (1627 ـ 1656 ـ يىللار) گە كەلگەندىلا، قاراقۇللانىڭ باشچىلىقىدا، ئۆزلىرىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى پائالىيىتىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۇمكىنچىلىك تاپتى. ئەمما، بۇ دەۋرگە ئائىت يازما مەنبەلەردە ئابدۇللا خاننىڭ «جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنى مىرزا ئىسمايىل ئوردا بېگىگە تاپشۇرغان» [28] لىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا ئويراتلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەربكە كۆچۈشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە باشلانغان تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى پائالىيىتىنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن: بىرىنچىدىن، ئويراتلارنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك غەربكە كۆچۈشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى پائالىيىتى، ئىزچىل تۈردە شىنجاڭ رايونىدا ئەۋج ئېلىۋاتقان ئەينى ۋاقىتتىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇش قاينىمىغا تەسىر كۆرسەتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئويراتلارنىڭ XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى مۇستەھكەم ئاساسى، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى چېكىنىشكە دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كې-

لىشىنى بولۇپمۇ، دېھقانچىلىقنى قايتىدىن راۋاجلاندۇرۇش ئىم-
كانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ جەھەتتە جۇڭغار خانلىقىنىڭ باتۇر
قۇنتەيجى ۋە سىۋان راپتان دەۋرىدىكى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇ-
رۇشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن بەزى ئۇتۇقلار بۇنىڭ روشەن مىسالى
ھېسابلىنىدۇ.

ئىزاھلار:

①موغۇلىستان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ داۋامى بولغان بېشبالىق ۋە ئىلبالىق ھاكىمىيەتلىرىنىڭ مۇسۇلمان مەنبەلىرىدىكى ئاتىلىشى بولۇپ، XIV ئەسىردە چاغاتاي سۇيۇرغاللىقى پارچىلانغاندا شەكىللەنگەنىدى. موغۇ-لىستاننىڭ زېمىنى توغرىسىدا بارتۇلد «قەدىمدىن تارتىپ مەدەنىيەت ئۇچى-غى بولۇپ كەلگەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىن باشقا، شىمالدا ئېرتىش ۋە ئىمىلدىن تىيانشانغىچە بولغان جايلار، بارىكۆلدىن باشلاپ پەرغانە ۋە بال-قاشقىچە بولغان كەڭ جايلار كىرگەن» دەپ قارايدۇ. بارتولد «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى»، ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان نۇسخا، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال) 1984 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 7 ـ 8 ـ سانغا بېسىلغان.

②د. نومىڭخوپ «قالماق سۆزىنىڭ ئېتىمۇ لوگىيىسى»، «مىللەت-لەرگە دائىر تەرجىمە مەجمۇئەسى» 1983 ـ يىللىق خەنزۇچە 3 ـ سان.

③برتشنېيدر «ئوتتۇرا ئەسىر تەتقىقاتى» II توم، 167 ـ بەت؛ پىللىئوت يازغان «قالماق تارىخىغا باھا ۋە ئىزاھ» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، جۇڭخۇا نەشرىياتى 1994 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 18 ـ بەت.

④⑰㉓پىللىئوت «قالماق تارىخىغا باھا ۋە ئىزاھ» جۇڭخۇا نەشرىياتى 1994 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 19ـ، 81 ـ، 82 ـ بەت.

⑤⑯㉕ بارتولد «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى» ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان نۇسخا، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال) 1984 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 7 ـ 8 ـ سانغا بېسىلغان.

⑥مامەنلى «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئويراتلار ۋە غەربىي يۇرت»، «غەربىي شىمالنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسى» 1984 ـ يىللىق خەنزۇچە 1 ـ سانغا بېسىلغان.

⑦⑨㉖ئى. يا. زىلانكىن «جوڭغار خانلىقىنىڭ تارىخى» غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تارىخ فاكۇلتېتى كۆپەيتىپ باستۇرغان نۇسخا، 1 ـ كىتاب خەنزۇچە 52 ـ، 53 ـ، 75 ـ بەت.

⑧«جوڭغارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 26 ـ بەت.

⑩چېن چېڭ «غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىش خاتىرىسى»، «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى»؛ جوۋ ليەنكۇن ئىزاھلاپ نەشرگە تەييارلىغان نۇسخا، جوڭخۇا نەشرىياتى 1991 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 103 ـ بەت.

⑪ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخىي رەشىدىيە» ئەنگلىيىلىك رۇس ( «A History of the Moghuls of Central Asia» ) نەشرگە تەييارلىغان نۇسخا، ئىنگلىزچە نەشرى 365 ـ بەت.

⑫⑬⑭⑮㉒مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخىي رەشىدىيە» خەنزۇچە تەرجىمىسى، 1 ـ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل نەشرى 247 ـ، 248 ـ، 289 ـ، 268 ـ، 295 ـ، 338 ـ بەت.

⑱ياجېنوۋ «ئويرات ۋە قالماقلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، زىلاتكىن يازغان «جوڭغار خانلىقىنىڭ تارىخى» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل 64 ـ بەت.

⑲«مىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 290 ـ جىلد.

⑳زوھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر «بابۇرنامە» خەمىت تۆمۈر نەشرگە تەييارلىغان نۇسخا، مىللەتلەر نەشرىياتى 1992 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 189 ـ بەت.

㉑㉗مىرزامۇھەممەد ھەيدەر «تارىخى رەشىدىيە» خەنزۇچە تەرجىمىسى، 2 ـ كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 19 ـ، 208 ـ بەت.

㉔«مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 118 ـ جىلد.

㉘شاھ مەھمۇد جوراس «سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 132 ـ بەت.

## 3. بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ ئىلبالىق شەھىرىگە كۆچۈشىگە دائىر ماتېرىياللارغا تولۇقلىما

مىلادىيە 1348 ـ يىلى ئەمىر بولاجىنىڭ ياردىمى بىلەن
تۇغلۇق تۆمۈر تەرىپىدىن قۇرۇلغان شەرقىي چاغاتاي خانلىقى،
1360 ـ يىلىغا كەلگەندە، ماۋرا ئۇننەھىردىكى غەربىي قىسىم
زېمىنىنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، نىسپىي مۇقىم ۋەزىيەتنى بار-
لىققا كەلتۈردى. لېكىن 1362 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئۆلۈ-
شى بىلەن بۇ نىسپىي مۇقىم ۋەزىيەتمۇ تېزدىن ئۆزگىرىپ،
شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يەنە ئېسەن
بوقاخان I دىن كېيىنكى خانسىزلىق ۋەزىيەتكە ئوخشاش، ۋەزى-
يەت كېلىپ چىقتى. ئەمىر بولاجىدىن كېيىن دوغلات جەمەتىنىڭ
ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان قەمىردىن پۇرسەتتىن پايدىلى-
نىپ، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئىلياس خوجا باشلىق ئوغۇللىرىنىڭ
ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ۋەزىيىتىنى
ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ، ئىچكى
جەھەتتە قەمىردىننىڭ قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىقى بىلەن تاشقى
جەھەتتە يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان تۆمۈرلەڭنىڭ ھۇجۇمىغا
ئۇچرىدى. بۇ تەبىئىي ھالدا كىشىلەردە قەمىردىن بىلەن تۆمۈر-
لەڭدىن تەڭلا بىزار بولۇش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن
بىرگە، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ دەۋرىدىكى تىنچ مۇقىم ۋەزىيەتكە
بولغان كۈچلۈك ئىستىكىنى پەيدا قىلدى. دەل مۇشۇنداق شارا-
ئىتتا، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى
ساقلاپ كېلىۋاتقان دوغلات جەمەتىنىڭ يېڭى ئىزباسارى —
خۇدايدات دادىسى ئەمىر بولاجىنىڭ ئىزىدا مېڭىپ، تۇغلۇق تۆ-
مۈرخاننىڭ كىچىك ئوغلى خىزىر خوجىنى يوشۇرۇپ قويغان
جايىدىن تاپتۇرۇپ كېلىپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خان-
سىزلىق ۋەزىيىتىگە خاتىمە بەردى. «بۇنىڭ بىلەن بۇ خاننىڭ

نۇرى موغۇللارنىڭ ھۆرمەتلىك ئورنىنى يورۇتۇپ، موغۇلىستان-
نىڭ سىياسىسىنى گۈللەپ ياشناتتى.» ①

خىزىر خوجىنىڭ تەختكە چىققان ۋاقتى، شىنجاڭنىڭ ئىگى-
لىك ۋە مەدەنىيىتىنىڭ قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان مەزگىلى
بولغاچقا، گەرچە ئۇ مىلادىيە 1389 ـ يىلىدىن باشلاپ، تۆمۈر-
لەڭ بىلەن بىر قاتار ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، يەتتە
سۇ ۋە ئالمىلىق شەھەرلىرىدە قاتتىق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى.
ئۇرۇشتا چاغاتاينىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن، ئىلگىرى پايتەخت
قىلىنىپ كېلىنگەن ئالمىلىق شەھىرى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋې-
تىلىپ، ئۇنىڭ چاغاتاي خانلىقىنى قايتا گۈللەندۈرۈش ئارزۇسى
بەربات بولغاچقا، ئۇ قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنى ئېلىپ، شەرققە
يۆتكىلىپ، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بېشبالىق شە-
ھىرىدە قايتا پايتەخت قۇردى. بۇنىڭ بىلەن XIV ئەسىرنىڭ
ئاخىرلىرىدىن XV ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا،
شىنجاڭدا بېشبالىق نامىدىكى يېڭى بىر ھاكىمىيەت بارلىققا كەل-
دى.

بېشبالىق ھاكىمىيىتى ئەمەلىيەتتە شەرقىي چاغاتاي خانلىقى-
نىڭ داۋامى بولۇپ، ئۇ شەرق بىلەن غەرب قاتنىشىنىڭ تۈگۈنىگە
جايلاشقان بولغاچقا، مىڭ سۇلالىسى بىلەن قويۇق بېرىش -
كېلىش قىلىپ كەلگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن خەنزۇچە مەنبەلەردە،
بېشبالىق توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان بو-
لۇپ، بېشبالىقنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى جەريانىنى
ئوخشىمىغان دەرىجىدە بايان قىلغانىدى. مەسىلەن، «مىڭ سۇلا-
لىسى تارىخى» بىلەن «مىڭ سۇلالىسىنىڭ تەيزوڭ زامانىسىدىكى
ئوردا خاتىرىلىرى» دە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۇنىڭ تۆت ئەتراپى-
دىكى چېگرىلىنىدىغان جايلىرىنى «بېشبالىق، غەربىي يۇرتتىكى
چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بىرى، جەنۇبتا ئۇدۇن، شىمالدا ئويرات،
غەربتە سەمەرقەنت، شەرقتە قاراخوجا بىلەن تۇتۇشىدۇ. جىيايۇ-

گۈەن بىلەن بولغان ئارىلىقى 3700 چاقىرىم كېلىدۇ» ②،
«بېشبالىق قۇملۇققا جايلاشقان، ئۇنىڭ زېمىنى شەرقتە قۇمۇل
بىلەن، غەربتە سەمەرقەنت بىلەن چېگرىلىناتتى، كېيىن ئەمىر
تۆمۈر كۈراگان ھۇجۇم قىلىپ ئىگىلىۋالغاچقا، غەربتە ھازىر
توخۇما بىلەن تۇتۇشىدۇ. شىمالدا ئويراتلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ،
شەرقىي جەنۇبتا ئۇدۇن يەنى خوتەنگىچە بارىدۇ» ③ دەپ كۆرسەت-
كەنىدى. بۇ ھال بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى
چوڭ بىر دۆلەت ئىكەنلىكى بىلەن ئۇنىڭ بىرمەھەل گۈللىنىپ
كۈچەيگەنلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر جەريانىنىڭ بولۇپ ئۆت-
كەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دەرۋەقە بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ تۆھپىسى شۇ-
كى، خىزىر خوجا دادىسى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ باشلاپ بەرگەن،
ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا ئومۇملىشىشىنى شەرقتىكى تۇرپان
بىلەن قۇمۇلغا كۈچەپ كېڭەيتتى. بولۇپمۇ ئۇ تۇرپاننى ئىگىلە-
گەندىن كېيىن، تۇرپاندىكى ئاھالىلەرنى مەجبۇرىي ئىسلام دىنىغا
ئېتىقاد قىلدۇرغاچقا، ئەينى ۋاقىتتا تۇرپان «دار ئىسلام
(Deral Islam) يەنى ئىسلام ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايون» ④ دەپ
ئاتالغانىدى. خىزىر خوجىنىڭ ئوغلى مۇھەممەدخاننىڭ دەۋرىدە
ئىسلام دىنى بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ دائىرىسىدىكى جايلاردا
كەڭ ـ كۆلەمدە ئومۇملاشتى. «مۇھەممەدخان دۆلەتمەن ۋە تەقۋا-
دار بىر خانزادە ئىدى. ئۇ ھەققانىيەت ۋە ئادالەت قانۇنىنى ئېرىند-
مەي تەۋسىيە قىلاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرىدە كۆپلىگەن
موغۇل قەبىلىلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. مۇھەممەدخاد-
نىڭ موغۇللارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرغاندا، قاتتىق
ۋاستىلەرنى قوللانغانلىقى ھەممىيلەنگەن مەلۇم ئىدى. مەسى-
لەن، مۇبادا موغۇللار بېشىغا سەللە يۆگىمىگەندە، ئۇ شۇ كىشى-
نىڭ بېشىغا ئات تاقىسىنىڭ مىخىنى قاقاتتى، بۇ خىل ئۇسۇل
ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ كەتكەنىدى.» ⑤ بىراق مۇھەممەدخان ئۇ-

لۇپ، ئورنىغا ئوغلى شىرمۇھەممەد بىلەن جيەنى نەقىشجاھانلار نۆۋەت بىلەن تەختكە چىققاندا، بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا خانلىق ئورنىنى تالىشىش كۈرىشى كېلىپ چىقتى. خانلىق تەختىنى تالىشىش كۈرىشىدە، نەقىشجاھان، مۇھەممەد-خاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى شىرئەلىنىڭ پەرزەنتى ئۇۋەيس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى ⑥. بۇنىڭ بىلەن خەنزۇچە تارىخنامىلەردە، خانلىقنىڭ مەركىزىنى ئىلگىرىكىنىڭ ئەكسىچە، غەرب تەرەپكە كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت يەنە بىر قايتىلانما تارىخىي ۋەقە تىلغا ئېلىندى. ئۇ بولسىمۇ، نەقىشجاھان ۋە شىرمۇھەممەدخانلاردىن كېيىن بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ خانلىق ئورنىنى تارتىۋالغان ئۇۋەيسخاننىڭ خانلىقنىڭ مەركىزىنى بېشبالىق شەھىرىدىن غەربتىكى ئىلبالىق (ئىلىبالىق) شەھىرىگە كۆچۈرۈش ۋەقەسى بولۇپ، بۇ ھەقتە «مىڭ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇڭ يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» دا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«يوڭلېنىڭ 16 - يىلى (مىلادىيە 1418 - يىلى) ئىت يىلى 2 - ئايدا بېشبالىقنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن سۇگى، كېلا، مىيەنلا قاتارلىقلار ئوردىغا كېلىپ سوۋغا - سالاملارنى تەقدىم قىلدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ خانى نەقىشجاھان بىر نەۋرە ئىنىسى ئۇۋەيس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇۋەيسنىڭ ئۆزى تەختكە چىقىپ، ئېلىنى غەربكە كۆچۈرۈپ، دۆلەت نامىنى ئىلبالىق دەپ ئاتاپتۇ.» ⑦

«مىڭ سۇلالىسى تارىخى» دىكى خاتىرىلەرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، پەقەت «ئېلىنى غەربكە كۆچۈرۈپ» دېگەن سۆز، «قەبىلىسىنى غەربكە كۆچۈرۈپ كېتىپ» دەپ يېزىلغان، قالغان سۆزلەر ئاساسەن ئوخشاش. ئەمەلىيەتتە «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» مىلادىيە 1695 - يىلى كىتاب بولۇپ تۈزۈلۈشكە باشلاپ، چيەنلۇڭنىڭ دەۋرىدە تارقىتىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى غەربىي يۇرتقا ئائىت مەزمۇنلارنىڭ كۆپ قىسمى «مىڭ سۇلالىسى

ئوردا خاتىرىلىرى» دىن ئېلىنغاندى. شۇنداق بولغاچقا، كېيىنكى مەزگىللەردە يېزىلغان ئەسەرلەردىكى بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ ئېلبالىق شەھىرىگە كۆچۈشىگە دائىر ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئىككى كىتابنى ئاساس قىلىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر گەۋدىلىكلىرى ئازادلىقتىن كېيىن كوللېكتىپ ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەرلەر بولۇپ، مەسىلەن، ئېلىمىز ئالىملىرىدىن فېڭ جياشىڭ، چېڭ سۇلۇ، مۇگۇاڭۋېن قاتارلىقلار تۈزۈپ يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى» دا: «بېشبالىق پادىشاھلىقى 1418 ـ يىلى غەربكە كۆچۈپ، نامىنى ئېلبالىق دەپ ئاتىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانلىرى ئىدى.» ⑧ دېيىلگەن. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا: «مەخمۇت ئۆلگەندىن كېيىن چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن مەشھۇر خان ئۇۋەيس خان بولدى (مىلادىيە 1418 ـ 1428 ـ يىللار). ئۇنىڭ دەۋرىدە ئويراتلار موغۇلىستان چېگرىسىغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇۋەيسخان ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ، غەرب تەرەپكە كۆچۈپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا ئورۇنلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن بېشبالىق ئېلبالىق دەپ ئاتىلىدىغان بولدى» ⑨ دېيىلگەن.

ئەمما، ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ۋاڭ جىڭگۇاڭنىڭ «چېن چېڭ ۋە ئۇ يازغان ‹غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىش خاتىرىسى› بىلەن ‹غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى› توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىدە: «بېشبالىق دۆلىتىنىڭ غەربكە كۆچۈش تارىخى جەريانىدا، «مىڭ سۇلالىسى ئوردا خاتىرىلىرى» دا دەل مۇھەممەدخاننىڭ دەۋرىدىكى غەربكە كۆچۈپ كۇنەس دەرياسى ۋادىسىغا بارغان مۇھىم بىر ھالقىنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، كېيىنكى مەزگىلدىكى تارىخشۇناسلارنىڭ بېشبالىقنىڭ غەربكە كۆچۈش مەسىلىسى ھەققىدىكى بەزى خاتا قاراشلىرىغا سەۋەبچى

بولغان. هالبۇكى «غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىش خاتىرىسى» دە ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرىدىكى ئەمەلىي خاتىرىلەر ئارقى-
لىق، چۈشۈپ قالغان ئورۇنلارنى تولۇقلاپ، تارىخىي كىتابلاردى-
كى خاتىرىلەرنىڭ يېتىشسىزلىكلىرىنى تولدۇرۇپ، بېشبالىقنىڭ
غەربكە كۆچۈشىگە ئائىت بولغان تەتقىقاتتىكى زور خاتالىقنى تۈزى-
تىپ، ئۆزىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى تارىخىي قىممىتىنى نامايان
قىلىپ بەرگەن» ⑩ دېيىلگەن. بۇنداق دېيىشنىڭ ئۆزى ماھىيەتـ
تىن ئالغاندا، ئۇۋەيسخاننىڭ دەۋرىدىكى غەربكە كۆچۈشنى مۇ-
ھەممەدخاننىڭ دەۋرىدىكى كۆچۈش دېيىش بولۇپ، ۋەقەنىڭ ھە-
قىقىي ئۆتمۈشى ئۇنداق بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى «مىڭ
سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن
مۇھەممەدخاننىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى مەلۇماتتا، باشقىچىرەك
بىر خىل ئەھۋال يۈز بەرگەن، ئۇنىڭدا «11 - يىلى
(مىلادىيە 1413 - يىلى) ئولپان ئېلىپ كەلگەن ئەلچىلەر گەن-
سۇغا يېتىپ كەلگەندە، باشبۇغ لى بىن بۇيرۇققا بىنائەن ئۇلار-
نىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتىلدى. بۇلتۇر
قىشتا غەربىي يۇرتتىن قايتىپ كەلگەن ئەلچىلەر مۇھەممەدخان-
نىڭ ئانىسى ۋە ئىنىسىنىڭ كەينى - كەينىدىن ئۆلۈپ كەتكەنلى-
كىنى ئېيتتى... كېيىن مۇھەممەدخانىڭ ئۆزىمۇ ئۆلگەن. ئۇنىڭ
ئوغلى بولمىغاچقا، قېرىندىشىنىڭ ئوغلى نەقشىجاھان تەختكە
ۋارىسلىق قىلغان. 14 - يىلى (مىلادىيە 1416 - يىلى) باھاردا
ئەلچىلەر كېلىپ، مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزدى» ⑪ دەپ تىلغا
ئېلىنغان. بۇنداق بولغاندا، مۇھەممەدخاننىڭ بېشبالىق شەھىرى-
دىن ئايرىلىپ، باشقا جايدا ئۆلگەنلىكىنى دەلىللىمەك قىيىن
بولغاننىڭ ئۈستىگە، چېن چىڭ قاتارلىقلار مۇھەممەدخان ئۆلگەن
1414 - يىلىنىڭ قىش پەسلى ياكى 1415 - يىلىدىن بۇرۇنلا
غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلغانىدى:
«14 - كۈنى (مىلادىيە 1414 - يىلى 4 - ئاي) ھاۋا

ئېچىلدى. ئەتىسى شىمالغا قاراپ يول يۈردۇق، پۈتۈنلەي تۈز-
لەڭلىك ئىكەن. تەخمىنەن 50 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈرگەن-
دىن كېيىن چوڭ بىر ئوتلاقلىققا يېتىپ باردۇق، نامى نارات
ئىكەن.

15 - كۈنى چوڭ جۇدۇن بولدى. چۈشتىن كېيىن ھاۋا
ئېچىلغاندىن كېيىن شىمالغا قاراپ مېڭىپ، بىر تاغدىن ئېشىپ
50 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈردۇق. تاغدىن چۈشتۇق، شەرق-
تىن غەربكە سوزۇلغان چوڭ بىر ئېقىن بولۇپ، دەريا سۈيى
غەربكە قاراپ ئاقىدىكەن، نامى كۈنەس ئىكەن. ئۇ يەردە بىر
كېچە قوندۇق. ئەتىسى 17 - كۈنى سەھەردە غەربكە قاراپ
يۈرۈپ، تەخمىنەن 50 چاقىرىمدىن ئارتۇق يول يۈردۇق. ئۇ
جاينىڭ نامى تېۋىلغىلىق ئىكەن، ئۇ جايغا يېقىن يەردە ياتلارنىڭ
چېدىر ئۆيلىرى بار ئىكەن. ماخامۇ ۋاڭ ( 马哈木王 ) ئادەم
ئەۋەتىپ بىزنى كۈتۈۋالدى. ئۇ يەردە بىر كېچە قوندۇق. 19 -
كۈنى سەھەردە دەريانى ياقىلاپ غەربكە قاراپ 50 چاقىرىم يول
يۈردۇق، يېقىنلا يەردە ماخاماۋاڭنىڭ چېدىر، بارگاھلىرى بار
ئىكەن. ئۇ يەردە 13 كۈن تۇردۇق.» ⑫

ئۇنداق بولسا چىن چېڭ قاتارلىق مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچى-
لىرىنى ھازىرقى كۈنەس دائىرىسىدە كۈتۈۋالغان ماخامۇ ۋاڭ كىم
بولۇشى كېرەك. ياڭ جيەنشىن مۇنداق دەيدۇ: «بۇ يەردە ئېيتى-
لىۋاتقان ماخامۇ ۋاڭ ئويراتلارنىڭ ئاقساقىلى ھېسابلىنىدۇ. ئوي-
راتلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرى-
دا، مۆڭكەتېمورنىڭ باشچىلىقىدا پەيدىنپەي كۆچىيىپ، ئادەم
سانى بىراقلا 40 مىڭ تۈتۈنگە يەتتى. XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا
مۆڭكە تېمۇر ئۆلگەندە، ئويراتلارنىڭ زېمىنلىرى ئايرىم - ئايرىم
ماخامۇ، تەيپىڭ ۋە باتوپۇللاغا تەۋە بولدى... ماخامۇنىڭ ئوغلى
توخانىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، شادىيانە، دانىشمەن ۋاڭدىن ئىبارەت
قالغان ئىككى ۋاڭنى قوشۇۋېلىپ، ئويراتلارنى بىرلىككە كەلتۈر-

دى. بۇ دەل 1426 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىلىرى ئىدى. چېن
چىڭ قاتارلىقلار غەربكە ئەلچىلىككە بارغان ۋاقىتتا، تۇرپان ئەت-
راپى ئويراتلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىنغانىدى. ئويراتلاردىن
بولغان ماخامۇ چوروس جەمەتىدىن بولۇشى كېرەك.» [13] ئەلۋەتتە
بۇنداق قاراشنىڭ ئۆزى تېخىمۇ بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ، بۇنىڭدا
ئويراتلارنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا قۇرۇشقا باشلىغان مۇس-
تەھكەم ئاساسىنى، تەيپىڭ، ماخامۇ، باتۇپۇلادىن ئىبارەت ئۈچ
ھۆكۈمراننىڭ دەۋرىگە سۈرۈشتىن باشقا مەنە چىقمايدۇ. تۈركچە
يېزىلغان تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، «XIV
ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يەنە ئويراتلارنىڭ موغۇلىستانغا ھۇجۇم
قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرمىگەنىدى، بىراق ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار زادىلا
غەلىبە قازىنالمايتتى، چۈنكى ئۇ ۋاقىت دەل موغۇلىستاننىڭ
ھۆكۈمرانى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئىلى دەرياسىدىن، بولۇر ۋە كو-
ئېنلۇنغىچە بولغان پۈتكۈل زېمىنلارنى كونترول قىلىپ بولغان
ۋاقتى ئىدى.» [14] ئويرالارنىڭ 1408 ـ يىلى بېشبالىقنى ئىشغال
قىلىشى بولسا، بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ خانى شەمئىي جاھان-
نىڭ ئۆلۈمىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان بولۇشى مۇمكىن.
لېكىن شەمئىي جاھاندىن كېيىن خان بولغان مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ
ئوغۇل، جيەنلىرى تاكى ئۇۋەيس ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغانغا قە-
دەر، بېشبالىق شەھىرىنى مەركەز قىلىپ كەلگەنىدى. «شۇ
چاغدا ئويراتلارنىڭ ئەلچىلىرى مۇھەممەدخان بىزگە ھۇجۇم قىل-
ماقچى دەپ ئەرز قىلغاندا، خان (مىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى)
ئۇلارنى تەڭرىنىڭ رايىغا بېقىپ ئۆز چېگرىسىنىلا ساقلاشنىڭ
ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرگەنىدى.» [15] بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بې-
رىدۇكى، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، مۇھەممەدخان بېشبالىقنى
قايتۇرۇپ ئېلىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۆزىنىڭ ئويراتلارنىڭ
چېگرىسىغا بېسىپ كىرىدىغان خەۋپىنى كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە 1413 ـ 1414 ـ يىللار ئارىلىقىدا، ئويراتلار بىلەن

خالغا موڭغۇللىرىنىڭ ۋە مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ كۈچىيىپ كەتكەنىدى. مىڭ سۇلالىسى 1414 - يىلى 3 - ئايدا ئويراتلارغا ھۇجۇم قىلىپ، 6 - ئايدا ئۇلارنى ھازىرقى ئۇلانباتورنىڭ ئەتراپىدا مەغلۇپ قىلغانىدى. دېمەك، ئويراتلارنىڭ ماخمۇ، تەيپىڭ، باتۇ پۇللا قاتارلىق ھۆكۈمرانلىرى چېن چىڭ 1414 - يىلى 4 - ئايدا ھازىرقى كۆنەس دائىرىسىدە ماخمۇ ئىسىملىك خان تەرىپىدىن كۆتۈۋېلىنغاندا، خالغا ۋە مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇش جىددىيچىلىكىدە ئىدى. شۇڭلاشقا ئويراتلارنىڭ بۇ مەزگىلدە ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى بىراقلا كۆنەس يايلىقىغىچە كېڭەيتىپ كېتەلىشى تەسەۋۋۇردىن خېلىلا يىراق بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە زىلاتكىن كۆرسىتىپ ئېيتقاندەك، ئويراتلارنىڭ غەربىي قىسمىدىكى چېگرىسى XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، «تېخى ئىلى دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىغا يېتىپ بارمىغانىدى.» ⑯

ئەمدى چېن چىڭنىڭ «غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىش خاتىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان ماخمۇ ۋاڭ ( 马哈木王 ) نىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىگە كەلسەك، بۇ يەردە چېن چىڭنىڭ يەنە بىر ئەسىرى «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى» دىكى بايانلاردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ:

«بېشبالىق شەھىرى قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. ھازىر بۇ جاينى مۇھەممەد ئىسىملىك شاھزادە ( 马哈木王子 ) باشقۇرماقتا. مۇھەممەد يۈەن سۇلالىسىنىڭ مۇغۇل خان جەمەتىنىڭ باشقا بىر ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئىلگىرى ئۇنىڭ ئەجدادلىرىغا بۇ جايلار سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەنىدى. شەھەر - قەلئە، ئوردا قۇرماي، مۇقىم ئولتۇراقلاشماي، پەسىلگە قاراپ، سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ، مال باقىدۇ.» ⑯

بۇ ھال چېن چىڭ كۆرۈشكەن ماخمۇ ۋاڭنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ داۋامى بولغان بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ

هۆكۈمرانى مۇھەممەدخان بىلەن بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ خانى مۇھەممەدخان توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرمۇ تىلغا ئالغان بولۇپ، بىراق ئۇنىڭ يازغانلىرىدا، مۇھەممەدخاننىڭ دەۋرىدىكى كۆچۈشكە دائىر ئەھۋاللار ئۇچرىمايدۇ:

«مۇھەممەدخاننىڭ بىرقانچە ئوغۇللىرى بار ئىدى، شىرمۇھەممەدخان بىلەن شىرئەلى ئوغلان ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككىسى ئىدى. شىر مۇھەممەدخان دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، خەلق ئىزچىل تىنچ بەختىيار ياشاپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئىنىسى شىرئەلى ئوغلان ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئۆلۈپ كەتكەن، ئۆلگەندە ئاران 18 ياشتا ئىدى. شۇڭا ئۇ خانلىق ئورنىغا چىقالمىغان. لېكىن شىر ئەلىنىڭ ئۇۋەيس دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇۋەيىسخان بىلەن شىرمۇھەممەدخاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور تەخت تالىشىش ماجىراسى كېلىپ چىققان. ... شىر مۇھەممەدخان مىرزا شاھرۇھ بىلەن زامانداش بولۇپ، ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى مۇھەممەدخاننىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئۇزۇن بولغانىدى.» ⑰

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ بەرگەن بۇ مەلۇماتىنىڭ بۇنداق بىر مۇھىملىقى بار: ئۇ بولسىمۇ مۇھەممەدخاننىڭ شىرمۇھەممەدخان ۋە شىرئەلى ئوغلان ئىسىملىك پەرزەنتلىرىنىڭ بارلىقىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى بولۇپ، مۇشۇ ئۇچۇرنىڭ ئۆزىلا، مۇھەممەدخانىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ بار - يوقلۇقى توغرىسىدا ئېيتىلغان گەپ-سۆزلەرگە تولۇقلىما بولالايدۇ. بىز ئۇنى چېن چىڭنىڭ «غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىش خاتىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان ماخمۇۋاڭ توغرىسىدىكى مەلۇماتلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، مۇھەممەدخاننىڭ ئايرىم جايلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇدەك پەرزەنتلىرىنىڭ بارلىقى بىلەن بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ تەگرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى زېمىنىنىڭ يالغۇز بېشبالىق شەھىرى بى-

لەنلا چەكلەنمەيدىغانلىقىدەك يېگىچە بىر خىل قاراشتىنمۇ دېرەك بېرىدۇ. بۇنداق قاراشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بىرقەدەر چوڭ بو-
لۇپ، بۇ بەلكىم مۇھەممەدخاننىڭ كۆكلەم پەسلىدە، شەرقىي
چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانلىرىغا ئوخشاش كۆچۈپ يۈرۈش ئادىتى-
نىڭمۇ بولغانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك. بۇ دېگەنلىك بېشبالىق
هاكىمىيىتىنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپلا مەركىزىنى ئېلبالىق
شەھىرىگە كۆچۈرگەنلىكىنىڭ بېشارىتى ئەمەس دېگەنلىك بولۇپ،
بەلكى يەنە بېشبالىق هاكىمىيىتىنىڭ تەگرى تېغىنىڭ شىمالىدا
تېخى ئەركىن هەرىكەت قىلىش هالىتىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈ-
رىدۇ. ئۈۋەيسنىڭ «ئېلىنى غەربكە كۆچۈرۈپ، دۆلەت نامىنى
ئېلبالىق دەپ ئاتىدى» دېگەندەك ۋەزىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى
بولسا، مۇھەممەدخاندىن كېيىنكى شىرمۇھەممەد، نەقشىجاهان،
ئۈۋەيس ئوتتۇرىسىدىكى تەخت ماجىراسى بولۇشىمۇ مۇقەررەر.
گەرچە بىز مۇھەممەدخان ئۆلگەندە، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى
شىرمۇھەممەدخاننىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ
مەلۇماتنى، مۇھەممەد هەيدەرنىڭ يازغانلىرىدىن بىلگەن بولساق-
مۇ، تەختنى ئاۋۋال شەمئىي جاهاننىڭ ئوغلى نەقشىجاهان ئىگى-
لەپ، كېيىن ئۇ ئۇ ئۆلگەندە شىرمۇھەممەت ئىگىلىگەن دەپ
چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەگەردە بۇ خىل چۈشىنىش توغرا بولىدى-
غانلا بولسا، ۋەقەنىڭ هەقىقىي تەرەققىيات جەريانىدا، شىرمۇ-
هەممەدخان باشتىن ـ ئاياغ مۇهىم رول ئوينىغان بولىدۇ. بىراق
بۇ هەقتىكى ماتېرىياللار بەكلا كەمچىل بولغاچقا، بىز بېشبالىق
هاكىمىيىتىنىڭ ئېلبالىق شەھىرىگە كۆچۈشىنىڭ سەۋەبىنى يەنىلا
ئۈۋەيسخان هاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىنكى تارىخىي ئارقا
كۆرۈنۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ئېيتالايمىز. قالغانلىرى
بولسا، بېشبالىق هاكىمىيىتىنىڭ ئېلبالىق شەھىرىگە كۆچۈشى-
دىكى تولۇقلىمىسىدىنلا ئىبارەتتۇر.
بارتولدنىڭ بېشبالىق بىلەن ئېلبالىق هاكىمىيىتى توغرىسى-

ـدىكى تەتقىقاتىنىڭ بىر قىسمىمۇ، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ
يازغانلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا،
نەقشىجاھان ئۇۋەيىس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، تەخت
ماجىراسى شىرمۇھەممەد بىلەن ئۇۋەيىس ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بې-
رىلىدۇ. لېكىن شىرمۇھەممەدخان غەربىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ
جېدەللىرى بىلەن ئارىلىشىپ قالغاچقا، ئۇۋەيىس غەربىي چاغاتاي
خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئۇلۇغبېك بىلەن بىرلىشىپ، شىرمۇ-
ھەممەدخاننى بىرمەھەل ئىسكەنجىگە ئالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.
شۇنداقتىمۇ شىرمۇھەممەدخاننىڭ بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ
قىسمەن جايلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىقى تاكى ئۇ ئۆلگەنگە قەدەر
داۋاملاشقان بولۇپ، «ئۇنىڭدىن كېيىن ھاكىمىيەت يەنە ئۇۋەيىس-
خانغا ئۆتۈپ قالىدۇ.» ⑲ ئومۇمەن ئۇۋەيىسخان ھاكىمىيەتنى
تارتىۋېلىپ، خانلىقنىڭ مەركىزىنى غەربتىكى ئېلبالىق شەھىرد-
گە كۆچۈرگىچە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى، مەركەزنى
قايتا كۆچۈرۈشنىڭ ئۆزىدىكى ئامىللار بولۇپ، بۇنىڭدىكى ئەڭ
زور سەۋەب، ئۇۋەيىس تەرىپىدىن يېڭىدىن تىكلەنگەن ئاجىز ھا-
كىمىيەتنىڭ، ئويراتلاردەك باستۇرۇپ كەلگەن تاشقى كۆچنىڭ
ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالماسلىقى ئىدى. يەنە كېلىپ بۇ چاغقا
كەلگەندە، بېشبالىق شەھىرىنىڭ ئۆزىمۇ، تەخت ماجىرالىرى ۋە
ئويراتلارنىڭ ھۇجۇملىرى تۈپەيلىدىن داۋاملىق پايتەخت بولۇش
سالاھىيىتىدىن قېپقېلىشقا باشلىغانىدى.

لېكىن شۇنىمۇ تولۇقلاپ ئۆتۈش ھاجەتكى، بېشبالىق ھاكى-
مىيىتىگە يېڭى نام ئاتا قىلغان ئېلبالىق شەھىرى توغرىسىدا،
ئېنىق مەلۇمات بولمىسىمۇ، ئارخېئولوگىيىلىك ۋە يازما مەنبە-
لەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ئۇۋەيىسخاننىڭ غەربكە كۆچۈشى بى-
لەن كۆپ جەھەتتىن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇنداق
بولغاندا، بۇ «مايىترى سىمىت» تەتقىقاتىدا، گېرمانىيىلىك ئا.
ۋون. گابائىن تۈنجى بولۇپ تىلغا ئالغان «ئىلبالىق»

(Ilbaliq) دېگەن شەھەردىن كۆپ كېيىن ئىكەنلىكى بىلەن بەلكى «مايترى سىمت» تەتقىقاتىدا ئوتتۇرىغا چىققان بۇ شەھەرنىڭ ئاساسەن باشقىلارنىڭ قىياسى بويىچە، كېيىنكىسىدىن بالدۇر بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە تارىختا شىنجاڭدا بۇنداق شەھەردىن پەقەت بىرىلا مەۋجۇت بولغان بولۇپ، ئۇ دەل بىز تىلغا ئالغان ئۇۋەيسخاننىڭ غەربكە كۆچۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى غۇلجا ئەتراپىدىكى ئىلبالىق شەھىرى ئىدى. بىراق بىر نۇقتا ئايانكى، بىز يەنە ئايرىم ماتېرىياللاردىن «ئىلبالىقتىكىلەرنىڭ ...... كىيىم - كې-چەكلىرى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، تىلى ئۇيغۇر تىلى تۈركۈمىگە كىرىدۇ» ⑳ دېگەن بايانلارنى چېلىقتۇرىمىز. مانا بۇ ئىلبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆتمۈشىنى بىلىشىمىزدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان يەنە بىر مۇھىم تەرەپتۇر.

ئىزاھلار:

①⑤⑱ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخىي رەشىدىيە» خەنزۇچە تەرجىمىسى 1 - كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل نەشرى 224 -، 233 -، 237 - بەتلەر.

②⑪⑮ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 332 - جىلد، «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» IV

③⑦ «مىڭ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇڭ يىللىرىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 197 - جىلد.

④ «قىسقىچە ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» (shorter Encylopaedia of islam) 1965 - يىل لەيدۇن ئىنگلىزچە نەشرى 69 - بەت.

⑥ ئۇۋەيسنىڭ ئاتىسى شىرئەلىنىڭ نەسەبى توغرىسىدا تالاش - تارتىشلار بىر قەدەر كۆپ. بارتولد خىزىر خوجىنىڭ پەرزەنتلىرىنى تىلغا ئالغاندا، شىرئەلىنى مۇھەممەدخاننىڭ ئىككىنچى ئىنىسى دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇۋەيس توغرىسىدا بىر قەدەر كۆپ توختالغان مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر بولسا، ئۇنى مۇھەممەدخاننىڭ پەرزەنتى دەپ يېزىپ، مۇھەممەدخاننىڭ چوڭ ئوغلى شىرمۇھەممەدخاننى ئۇۋەيسنىڭ تاغىسى قىلىپ بايان قىلىدۇ.

بۇ يەردە بىز مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ يازغانلىرىنى ئاساس قىلدۇق.

⑧فېڭ جياشېڭ، جېڭ سۇلۇ، مۇگۇاڭۋېن «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى» 1- كىتاب 1981 - يىل مىللەتلەر نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى 124 - بەت.

⑨«شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 - كىتاب 1982 - يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى 311 - بەت.

⑩ ۋاڭ جىگۇاڭ «چېن چىڭ ۋە ئۇ يازغان ‹غەربكە سەپەر قىلىش خاتىرىسى› بىلەن ‹غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى› توغرىسىدا تەتقىقات» ، «ئوتتۇرا ئاسىيا مەجمۇئەسى» نىڭ 1990 - يىللىق خەنزۇچە 3 - سانىغا بېسىلغان.

⑫⑰چېن چىڭ «غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىش خاتىرىسى» ، «غەربىي يۇرتتىكى قارام ئەللەر تەزكىرىسى» ؛ جوۋ ليەنكۇن ئىزاھلاپ نەشرگە تەييارلىغان نۇسخا، جۇڭخۇا نەشرىياتى 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى 39 -، 102 - بەت.

⑬ ياڭ جيەنشىن «قەدىمكى دەۋردە غەربكە قىلىنغان سەپەر خاتىرىلىرى» نىڭشيا خەلق نەشرىياتى 1987 - يىل خەنزۇچە نەشرى 277 - 278 - بەتلەر.

⑭⑯ئى. يا. زىلاتكىن «جۇڭغار خانلىقىنىڭ تارىخى» غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تارىخ فاكۇلتېتى كوپەيتىپ باستۇرغان نۇسخا، 1 - كىتاب خەنزۇچە تەرجىمىسى 53 - 52 - بەتلەر.

⑲ۋ. ۋ. بارتولد «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى» ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان نۇسخا، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1984 - يىللىق ئۇيغۇرچە 7 - 8 - سانىغا بېسىلغان.

⑳«ياتلارنى قوغلاش، غەربىي شىمالدىكى ياتلار» 8 - جىلد، «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى» 1 - كىتاب خەنزۇچە نەشرى 124 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

# ئىككىنچى باب

## جۇڭغار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە يەركەن خانلىقى

### 1. ئويراتلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە جۇڭغار خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

موڭغۇلشۇناس زىلاتكىن «جۇڭغار خانلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى قانداقتۇر تاسادىپىي سەۋەبتىن بولماستىن، بەلكى موڭغۇللارنىڭ جەمئىيىتىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن ئوبيېكتىپ جەرياننىڭ تەرەققىيات نەتىجىسىدۇر. بۇ دەۋردىكى ئويرات فېئوداللىرىنىڭ تاشقى قوۋم دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۆزگىچە ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشلىرى بىلەن كەسكىن ئىچكى ئىختىلاپمۇ يۇقىرىدىكى ئوبيېكتىپ جەرياننىڭ ئىنكاسى ئىدى» ① دەپ كۆرسىتىدۇ. دەرۋەقە جۇڭغار خانلىقى موڭغۇل ئېگىزلىكىدە باش كۆتۈرۈپ چىققان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ھاكىمىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى جۇڭغار خانلىقى موڭغۇل ئېگىزلىكىدە ئاپىرىدە بولغان ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇ جايلاردىكى ۋەزىيەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، شەرقتە پۇت دەسسەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان شارائىتتا، غەربتە پائالىيەت سورۇنى ھازىرلاپ، مۇستەقىل بىر سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقىشى بولغاچقا، ئەينى مەزگىلدىكى موڭغۇل دالاسى بىلەن شىنجاڭ رايونىنىڭ مۇرەككەپ ۋەزىيىتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. مانا بۇ جۇڭغار خانلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئائىت مۇھىم

نۇقتا بولۇپ، پەقەت بۇ نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىلگەندىلا، ئاندىن
ئويراتلارنىڭ غەربتىن قانداق قىلىپ چىقىش يولى ئىزدىگەنلىك-
نىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.
ئويراتلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنىڭ ھۆكۈم-
رانى مۆنكە تېمۈر ئۆلگەندىن كېيىن ئۈچ قەبىلىگە بۆلۈنۈپ
كەتكەنىدى. بۇ توغرىسىدا «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. ئويراتلار
ھەققىدە قىسسە» دە «ئويراتلار موڭغۇل قەبىلىسىدۇر. تاتارلار-
نىڭ غەربىگە جايلاشقان. يۈەن سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندا، يۈەن
سۇلالىسىنىڭ زوراۋان ۋەزىرى مۆنكە تېمۈر ئۇلارنى ئىگىلەپ
تۇرغان. مۆنكە تېمۈر ئۆلگەندە ئۇنىڭ قەبىلىلىرى ئۈچكە بۆلۈنۈپ
كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئاقساقاللىرىنىڭ بىرى ماخامۇ، يەنە بىرى
تەيپىڭ قالغان بىرى باتۇپۇللا دەپ ئاتىلىدۇ» ② دەپ خاتىرىلەن-
گەن. دېمەك، XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئويراتلار ئايرىم - ئايرىم
ھالدا ئۈچ ھۆكۈمرانىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان بولۇپ، بىر
تۇتاش ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسى ئورنىتىلمىغانىدى. ھەمىشە
تاشقى قوۋم دۈشمەن كۈچلەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇراتتى.
XV ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى ئويراتلار ماخامۇنىڭ پەرزەن-
تى توخاننىڭ دەۋرىدە بىرمەھەل كۈچەيدى. بولۇپمۇ توخاننىڭ
ئوغلى ئېسەن تەيشىلىك قىلغان دەۋردە، ئويراتلار تېخىمۇ كۈچەي-
گەنلىكتىن، موڭغۇللارنىڭ ئىلگىرىكى سەلتەنىتىنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. تارىخنامىلەرگە ئاساسلانغاندا، «توخان
ئۆزىگە قارشى دۈشمەن كۈچلەرنى يوقىتىپ، موڭغۇل يايلىقىدا
دەۋران سۈرۈۋاتقان مەزگىلدە، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئېسەن موغۇ-
لىستان چېگرىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، چاغاتايخاننىڭ كېيىنكى
ئەۋلادلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلدى.» ③ بۇ ئېسەن تەيشىنىڭ
1439 - يىلى ئاتىسى توخان تەيشىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش-
تىن ئاۋۋاللا، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىغا قاراپ كېڭەيگەنلىك-
نىڭ تىلغا ئېلىنىشى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ چاغدا موڭغۇل

يايلىقىدا ئۇنىڭغا نامداش يەنە بىر ھۆكۈمرانمۇ پائالىيەت ئېلىپ بارغانىدى. «موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى» دە «خاتىرىلىنىشىچە، «شۇ يىل (يولۋاس يىلى) ئۆگەيچى قاشقا ئىلگىرىكى ئاداۋەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، خوخاي نايۋىنىڭ ئوغلى باش ۋەزىر باتۇلانى ئۆلتۈرۈۋەتتى»، «بۇ چاغدا ئۆگەيچى قاشقامۇ ئۆلدى، ئۆگەيچىنىڭ ئوغلى ئېسەنقۇل توشقان يىلىدا تۇغۇلغانىدى، يولۋاس يىلى (1415 - يىلى) نىڭ ئاخىرىدا 29 يېشىدا تەختكە چىقىپ، باش ۋەزىر باتۇلانىڭ ئايالى سامۇرنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئېسەنقۇلخان دەپ ئاتالغانىدى.» ④ بۇ ھال ئېسەن تەيشىنىڭ ئاتىسى توخان تەيشى ئۆلۈشتىن ئاۋۋال تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا ئېلىپ بارغان پائالىيىتىنىڭ سەل گۇمانلىق ئىكەنلىكى بولۇپ، ئۇ تەختكە چىققۇچە بولغان 1418 - 1438 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا ئېسەنقۇلنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بەزى ئالىملارنىڭ دەلىللىشىچە، ئېسەنقۇل ئاتا - بالا ئىككىيلەن قىرغىزلارنىڭ تىلىبۇت (ئېركېچەۋۇت) قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «مىلادىيە XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، تىلىبۇتلار ئويرات قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا باشلىغانىدى.» ⑤ بۇنداق بولغاندا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلاشقان ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئېلبالىق نامىدىكى ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانى ئۇۋەيىسخاننىڭ ئېسەن ئىسىملىك قالماق ھۆكۈمرانى بىلەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئېسەنقۇل بىلەن بولغان ئۇرۇش بولۇشى كېرەك. موڭغۇلشۇناس ك. ئى. پېتروۋ مۇنداق دەيدۇ:

«مىرزا ھەيدەرنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن مىڭ سۇلالىسى تارىخىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇۋەيس 1428 - يىلى ئۆلگەن، يەنى ئۇنىڭ بىلەن دەۋرداش بولغان ئېسەنقۇلدىن ئۈچ يىل كېيىن ئۆلگەن. چۈنكى ئۆگەيچىنىڭ ئوغلى ھەمدە ئۇنىڭ ۋارىسى بولغان ئېسەنقۇلنىڭ سۈيۈرغاللىق زېمىنىنىڭ شەرقىي،

بېشبالىق رايونى بىلەن تۇتىشاتتى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، پەقەت ئۆگەيچىنىڭ ئوغلى ئېسەنتۇقۇللا مۇشۇ دەۋردە مەزكۇر رايون- نىڭ باشلىقى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنالايتتى، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئاشۇ ئۇۋەيسخانمۇ بېشبالىق رايونى — تۇرپان بىلەن پۈتكۈل شەرقىي تىيانشاندا ئۆزلىرىنىڭ يېقىن قوشنىسى بولغان قىرغىزلار بىلەن ئويراتلارغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بارالايتتى. بۇ كۈرەش 1415 ـ 1425 ـ يىللاردا يۈز بەرگەن بولۇپ، مەيلى قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر 1428 ـ يىلىدىن كېيىن ئەمەس ئىدى.» ⑥

دېمەك يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئېسەن تەيشى ئاتىسى تو- خان تەيشى ئۆلۈشتىن ئاۋۋال، غەربتە ئۇۋەيسخان بىلەن ئۇرۇش قىلمىغانىدى. ئېسەن تەيشىنىڭ 1407 ـ يىلى تۇغۇلغانلىقى بىلەن بۇ ئۇرۇشنىڭ 1415 ـ 1425 ـ يىللار ئارىلىقىدا يۈز بەرگەنلىكىدىن قارىغاندىمۇ، بۇ نۇقتىنى دەلىللىمەك بىرقەدەر قىيىن. ئەگەردە ئېسەن تەيشى راستتىنلا 1415 ـ 1425 ـ يىللار ئارىلىقىدا، ئۇۋەيسخان بىلەن ئۇرۇش قىلغان دەپ ھېسابلىغان- دا، ئۇ ھالدا ئېسەن تەيشىنى غەربتە 18 ياشقىچە بولغان ئارىلىق- قىچە پائالىيەت ئېلىپ بارغان دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇۋەيس- خان غەربكە كۆچكەن 1418 ـ يىلىنى بىرلىك قىلغاندا بولسا، ئېسەن تەيشى 11 ياشقا تولغان بولىدۇ.

1439 ـ يىلى توخان تەيشى ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى ئېسەن تەيشى تەختكە چىققاندا، ئويراتلارنىڭ تەسىر كۈچى مىسلىسىز دەرىجىدە كۈچەيگەنلىكتىن، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىياغىچە كېڭەيگە- نىدى. ئۇنىڭ شىنجاڭدىكى تەسىر كۈچى ئاساسەن شەرق بىلەن غەرب قاتنىشىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولغان قۇمۇلنى كونترول قىلىش بولۇپ، ئويراتلار تاكى ئېسەن ئۆلگىچىلىك قۇمۇلنى كونترول قىلىپ كەلگەنىدى. بۇ جەرياندا ئېسەن تەيشى ئون يىلدىن ئارتۇق كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، موڭغۇل-

لارنىڭ قۇبلاي دەۋرىدىكى سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە
تەرەددۇت قىلىپ باغقان بولسىمۇ، ئويراتلارنىڭ موڭغۇللارنىڭ
ئالتۇن ئۇرۇقىدىن بولغان خانلارنى خالىغانچە ئەمەلدىن قالدۇرۇ-
شى، باشقا موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوللىشىغا ئې-
رىشەلمىگەنىدى. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى شەرقىي موڭ-
غۇللار بىلەن غەربىي موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
پەرق زورىيىپ، نوقۇل ھەربىي كۈچكە تايىنىپلا بويسۇندۇرۇش-
نىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز
ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېسەن تەيشىنىڭ 1453 - يىلى كۆزدە
ئۆزىنى پۈتكۈل موڭغۇللارنىڭ قاغانى دەپ جاكارلىشى، زور
كۆپچىلىك موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھەسەت قىلىشىنى قوزغى-
غاچقا، ھەممىدىن ئاۋۋال ئالاخ چىڭشياڭ قاتارلىقلار ئىسيان
كۆتۈردى. نەتىجىدە 1454 - يىلى 8 - ئايدا، ئالاخ چىڭشياڭ
30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئېسەننى مەغلۇپ قىلىپ،
«ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ئۆي - بىساتىنى بۇلاپ كەتتى.» ⑦ ئېسەن
مەغلۇپ بولۇپ، كۆنكۈي تېغىغا قېچىپ بارغاندا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى
دۈشمىنى بۇكەسۇرسۇنىڭ ئوغلى باخۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

ئېسەن تەيشىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، ئويراتلارنىڭ موڭغۇل ئې-
گىزلىكىدىكى 1399 - يىلدىن 1454 - يىلغىچە داۋام قىلغان
ھاكىم مۇتلەقلىقىگە خاتىمە بېرىلگەچكە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا يېڭى
تاللاشنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ بولسىمۇ، ئويراتلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ
بۇرۇنقى ماكانلىرىدىن قەدەممۇقەدەم غەربكە سىلجىشى بولغاچقا،
تارىختا بۇ «ئويراتلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى» دەپ ئاتىلىپ، ئەك-
سىچە شەرقىي موڭغۇللارنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقىنى كەلتۈرۈپ چى-
قاردى. نەتىجىدە يۇرت ماكانلىرىدىن ئايرىلغان ئويراتلار شەرقتە
ئۆز قوۋمداشلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىسا، غەربتە ئاللىقاچان
يەرلىكلىشىپ بولغان يىراق قەبىلداشلىرىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا
ئۇچرىدى.

تارىخنامىلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، «ئېسەن ئۆل-
گەندىن كېيىنكى 100 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، تارىخىي
ماتېرىياللاردا ئويرات ئىتتىپاقىنىڭ قايتا ئەسلىگە كەلگەنلىك
ھادىسىسىدىن بېشارەت بېرىلمەيدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب
شۇكى، شەرقىي موڭغۇللاردىن بولغان فېئوداللارنىڭ تەسىر كۇ-
چى باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقتىن، ئويراتلارنى كەينى - كەينىدىن
مەغلۇپ قىلدى.» ⑧ بۇنىڭ بىلەن ئويرات ئاھالىلىرىنىڭ دەسلەپ-
كى قەدەمدە باركۆل، قۇمۇل ۋە ئېرتىش، ئېمىل دەريا ۋادىلىرى-
غا كۆچۈشىدىن ئىبارەت غەربكە كۆچۈش ھەرىكىتى باشلاندى.
ئەمما بۇ چاغدا «ئۇلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت رايونى كۇنكۇي،
زابۇقان دەريا ۋادىلىرىنى مەركەز قىلغان بولۇپ، شەرقتە ھانگاي
تېغىغىچە، غەربتە ئېرتىش دەرياسىغىچە يېتىپ باراتتى، شىمالدا
تاڭنۇ تېغىدىن ئاشاتتى.» ⑨ دېمەك ئېسەن تەيشىدىن كېيىن
ئويراتلار ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى پائالىيىتىنى
تارايتىشقا باشلىغان بولۇپ، XV ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن
كېيىن پەيدىنپەي غەربكە كۆچۈشكە باشلىغانىدى. بۇ ھال ئويرات-
لارنىڭ ئېسەن ئۆلگەندىن كېيىن دەرھاللا غەربكە كۆچۈشكە باش-
لىماي، بىرمەھەل ئۆتكەندىن كېيىن شەرقىي موڭغۇللارنىڭ بې-
سىمى تۈپەيلىدىن غەربكە كۆچكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
ئۇنداقتا يەنە شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، «ئويراتلارنىڭ
كەڭ - كۆلەمدە غەربكە كۆچۈشى، XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن
كېيىن ئىدى» ⑩ دېگەن يىل چېكىگىچە، ئويراتلار بىرقەدەر
مۇشكۇل تارىخىي قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەنىدى.

ئۇنىڭ بىرى، XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، خالخا (شەرقىي
موڭغۇللار) سىستېمىسىدىن كېلىپ چىققان دايانخان شەرقىي
موڭغۇللارنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىگىلىگەن زې-
مىنلىرىنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىپ، شەرقىي
موڭغۇللارغا بولغان تىزگىنلەشنى كۈچەيتكەنىدى. «موڭغۇللار-

نىڭ مەنبەسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، دايانخان ئايالى ماندۇ قاي چېچەن قاتۇن بىلەن بىرگە ئىككى قېتىم ئويراتلارغا قارشى جازا يۈرۈش قىلغاندى. بىرىنچى قېتىمقىسى دايانخان تەختكە چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە يۈز بەرگەن بولۇپ، دايانغان «ئويراتلارغا تاقابىل تۇرۇپ، تاسبورتۇدا ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، غەلىبە قازىنىپ، ھەددى - ھېسابسىز بۇيۇملارنى غەنىيمەت ئالغاندى.» ⑪ «موڭغۇللارنىڭ نەسەبنامىسى» دىمۇ بۇ قېتىمقى جەڭ توغرىسىدا خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان بولۇپ، خۇسۇسەن دايانخان ئويراتلارنىڭ سانغۇنلىرىغا قارىتا تۆۋەندىكىدەك مەنئى قىلىش بەلگىلىمىسىنى چىقارغانىدى:

«بۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىمارەتنى ئوردا دەپ ئاتىماي، تۇرالغۇ دەپ ئاتاش، مالخايغا قىستۇرۇلغان پەي تۆت تالدىن ئېشىپ كەتمەسلىك، ئولتۇرۇپ - قوپۇشتا تىزلىنىشقا رۇخسەت قىلىپ، ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلماسلىق، گۆشنى چىشلەپ يېيىشكە رۇخسەت قىلىپ، كېسىپ يېيىشكە رۇخسەت قىلماسلىق، قېتىنىڭ نامىنى چەگ دەپ ئۆزگەرتىپ ئاتاش.» ⑫

«موڭغۇللارنىڭ ئالتۇن تارىخى» دىمۇ يۇقىرىدىكى تاسبورتۇ جېڭى توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «تاسبورتۇدا قىرغىن قىلىشىپ، دېگدۇنادا جەڭ قىلىپ، تېزدىن سان - ساناقسىز بايلىق توپلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئالتە تۇمەن تۇتۇننىڭ قوۋملىرى ئويراتلارنىڭ ئېلىنى قوشۇۋالدى» ⑬ دەپ كۆرسىتىلگەن. روشەنكى بۇ خاتىرىلەردە دايانخاننىڭ ئۇستۇن ھەربىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى نامايەندە قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دايانخان باشچىلىقىدىكى شەرقىي موڭغۇللارنىڭ ئويراتلارنىڭ ئۇستىدىن غالىب كەلگەنلىكىنىڭ دەلىلى ئىدى. نەتىجىدە ئويراتلارنىڭ بىر قىسمى يۆتكىلىپ، بىراقلا شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىگە كۆچۈپ كەلدى. مەسىلەن، «ئويراتلارنىڭ ۋاڭى ئونغان 7 مىڭ قوۋمغا باشچىلىق قىلىپ، بارسكۆلگە كېلىپ ئولتۇراق-

لاشتى.» ⑭ بۇنىڭدىكى بارسكۆل هازىرقى باركۆل ناھىيىسى بولۇپ، ئويراتلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدە ئاۋۋال قەدەم باسقان جايلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئويراتلار بىلەن دايانخاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەنە بىر قېتىملىق ئۇرۇش XV ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرى يۈز بەرگەن بولۇپ، «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» گە ئاساسلانغاندا، دايادخان ئويراتلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىچكى ئىختىلاپتىن پايدىلىنىپ، ئويراتلارغا ھۇجۇم قىلغانىدى. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ شياۋ زۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» دە خاتىرىلىنىشىچە، 1496 - يىلى دايانخان 3 مىڭ كىشىلىك بىر كارۋان ئۆمىكىنى بېيجىڭغا ئەۋەتمەكچى بولۇپ تەييارلىنىپ، ئەۋەتمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئەۋەتكەن «جاۋاب سۆزىدە، ئويراتلاردىن بولغان ئاكا - ئۇكىلار بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشىۋاتىدۇ، قايتىپ بېرىپ ئۇلارغا ھۇجۇم قوزغاپ، كۈز كەلگەندە قايتىدىن سوۋغا - سالام تەقدىم قىلماقچىمىز» ⑮ دېيىلگەنىدى. دېمەك، ئويراتلار شەرقىي موڭغۇللارنىڭ زور بېسىمى تۈپەيلىدىن نائىلاج موڭغۇل چۆللۈكىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن چېكىنىپ چىقىپ، پەيدىنپەي تۇرپان ھاكىمىيىتى بىلەن چېگرىلىنىشقا باشلىغانىدى. «ئەمما ئويراتلار قازاقلار بىلەن تۇرپاننىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن يەنە شەرقىي جەنۇبتىكى گەنسۇ، چىڭخەي ئەتراپىدىن يېڭى ئوتلاقلارنى ئىزدەشكە كىرىشكەن» ⑯ بولغاچقا، شەرقىي موڭغۇللار بىلەن بولغان توقۇنۇشتىن قايتا ساقلىنىپ قالالمىدى. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ توقۇنۇش ئالتانخاننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئويراتلارغا قارىتا يەنە يېڭى قىسمەتلەرنى ئېلىپ كەلدى.

ئالتانخان دايانخاننىڭ نەۋرىسى بولۇپ، ئۇ تۈمەتلەرنى ئىدارە قىلغاندا، ئۇنىڭ كۈچى تازا كۈچەيگەنىدى. ئۇ ئاۋۋال شەرقىي موڭغۇللارنىڭ قوۋملىرىنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، كۆپ قېتىم غەربكە جازا يۈرۈش قوزغاپ،

تىغ ئۈچىنى ئويرات ۋە سېرىق ئۇيغۇرلارغا قاراتتى. ئويراتلارنىڭ ئالتانخان بىلەن بولغان زور بىر قېتىملىق توقۇنۇشى، 1552 ـ يىلى يۈز بەرگەن بولۇپ، ئالتانخان مىڭ سۇلالىسى بىلەن چېگرا سودىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئويراتلارغا ھۇجۇم قىلغاندى. ئۇرۇشتا ئالتانخان سەككىز مىڭ خويىتلارنىڭ خانى مىڭخاتۇنى ئۆلتۈرۈپ، پۈتكۈل تۆت ئويرات قەبىلىسىنى ئىگىلىگەندى. بۇنىڭدىكى تۆت ئويرات قەبىلىسىنى ئىگىلەش، ئەمەلىيەتتە خويىت قەبىلىسىنىڭ ئۈستىدىن قازانغان غەلىبە بىلەن ئويراتلارنى چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئايرىم يايلاقلىرىدىن ئايرىلىپ كۆچۈشكە قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى تارىخنامىلەردە بۇ ۋەقەنى ئويراتلارنىڭ قاراقۇرۇمنى قولدىن بېرىپ قويۇشى دەپ تىلغا ئالغاندى. مەسىلەن، خۇۋست «موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ (ئالتانخان) 1552 ـ يىلى تۆت ئويرات قەبىلىسىگە قارشى يۈرۈش قىلدى ھەمدە كۆنكۈي ـ زابۇقان تېغىدا نايمان مىڭخان خويىت (سەككىزمىڭ خويىت) لارنىڭ خانى مانى مىڭخاتۇ (Mani Minghatu) نى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنى خوتۇنى جىگىگېن ئاغا (Jigeken Agha) بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى توقاي بىلەن كۆكۈتېرنى ئەسىرگە ئالدى ۋە ئۇلارنىڭ پۈتكۈل قوۋملىرىنى بويسۇندۇردى. ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ قولىدىن قاراقۇرۇمنى قايتىدىن تارتىۋالدى» ⑰ دەپ كۆرسەتكەندى. دېمەك، ئويراتلار ئالتانخان بىلەن بولغان بۇ قېتىمقى جەڭدىن كېيىن قاراقۇرۇم دائىرىسىدىن چېكىنىپ چىققاندى.

كەنكۈي ـ زابۇقان جېڭىدىن كېيىن، ئالتانخان ئويراتلارغا قارشى يەنە بىرقانچە قېتىم جازا يۈرۈش ئۇيۇشتۇردى. موڭغۇل تىلىدا يېزىلغان «ئالتاننامە» دىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، ئالتانخان 1558 ـ يىلى غەربكە يۈرۈش قىلغاندى. «كېيىن يەنە جالانماتقان تېغىدىكى ئويراتلارنىڭ تۈمەن تۈتۈن ئاھالىلىرىگە جازا

يۇرۇش قىلدى. ئۇ يۇكسەك ھۆرمەتكە ئىگە ئەنبىيالارنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ ۋەز ئېيتقۇزۇپ، ھەرىكەت قىلغانلىقتىن، گۇل-مىنىڭ خاننىڭ قول ئاستىدىكى ئۆچىرەي تەيشى بابانقارا دېگەن جايغا كېلىپ ئەل بولدى. بۇ ۋاقىتتا بارچە ئەلنىڭ ھەممىسى شادلىققا چۆمۈپ، شۇ يەردىكى بارگاھتا تۇردى. ئۇ يەنە دەرھال تەزىم، قائىدە - يوسۇن، جەڭنامىلەرنى پىششىق بىلىدىغان مول بىلىمگە ئىگە زايسان ئۇيزىڭنى شاھخاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا چاغاتاي خاندىن بۇيان بىر مىللەتتىن كۆپىيىپ ئاۋۇپ كەلگەنلىكىگە ئائىت پاكىتنى سۆزلەتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن شاھخان بەكلا خۇرسەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئارغىماق، مەرۋايىت، گۆھەر ۋە باشقا بۇيۇملارنى ھەدىيە قىلدى.» ⑱

جالانماتقان تېخى قۇمۇلنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 100 چاقىرىم يىراقلىقتىكى تاغ بولۇپ، ئويراتلار خېلى بۇرۇنلا بۇ تاغنى ماكان قىلغاچقا، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت ماتېرىياللاردا، كۆپىنچە «شىمالىي تاغ» دېگەن نام بىلەن قەيت قىلىنىغاندى. بۇ ھال ئالتانخاننىڭ غەربكە كۆچۈپ، شەرقىي شىنجاڭ ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلگەن ئويراتلارغا جازا يۇرۇش قىلىشتىن تاشقىرى يەنە، ئويراتلارنى تەلتۆكۈس بەيئەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئويرات-لارنىڭ خەۋپىگە ئۇچرىغان تۇرپان سۇلتانى شاھخان بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ بىرلىكتە ھەرىكەت قوللىنىش ئىستىكىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «بىراق ئالتانخاننىڭ بۇ مۇددىئاسى كۆپىنچە مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرايتتى، ئۇلار دائىم يوشۇرۇنچە ئويراتلارغا خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرغانلىق-تىن، ئالتانخان ئويراتلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانىدى.» ⑲ ئېنىقكى بۇ مىڭ سۇلالىسى تۇرپان ھاكىمىيە-تى بىلەن ئويراتلارنى تەڭلا قوللاپ، ياتلارنى - ياتلار ئارقىلىق چەكلەپ تۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويغاندەك، ئالتانخان باشچى-لىقىدىكى تۇمەتلەرنىڭ ھاكىمىيىتى بىلەن ئويراتلارنىڭ بىرگە

مەۋجۇت بولۇپ، ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى كۆشەندە قىلىشنى داۋام-
لىق خالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت تاشقى سىياستى بىلەن زىچ مۇنا-
سىۋەتلىك ئىدى.
ئويراتلار بىلەن ئالتانخاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش تاكى
ئالتانخان ئۆلگەنگە قەدەر داۋاملاشقان بولۇپ، 1562 ـ يىلى
ئالتانخاننىڭ جەمەتىدىن بولغان ئوردۇستىكى كوتۇختۇ چېچىن
قۇنتەيجى قاتارلىقلار غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئېرتىش دەرياسى
بويىدىكى «تورغۇتلارغا جازا يۈرۈش قىلىپ، تۇرغۇتلارنىڭ تەي-
شىسى قارا بۆكۆلنى ئۆلتۈردى.» ⑳ 1574 ـ يىلى ئالتانخاننىڭ
جەمەتىدىن بولغان بۇيان باتۇر قۇنتەيجى قاتارلىق ئاكا ـ ئۇكىلار
هانگاي تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى سەككىز مىڭ خويىتلارغا هۇجۇم
قىلغاندا، كوتۇختۇقۇنتەيجى يەتتە سۇدىن قايتىشىدا، بارىكۆلدە
توختاپ، باتۇت قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلدى. دېمەك يۇقىرىقىلار-
دىن كۆرۈشكە بولىدۇكى ئالتانخاننىڭ دەۋرىدە ئويراتلار پەيدىن-
پەي غەربكە سىلجىپ، هازىرقى قۇمۇل ۋىلايىتىگە قاراشلىق
بارىكۆلدىن تاشقىرى، ئالتاي دائىرىسىدىكى ئېرتىش دەرياسى
ۋادىسىدىمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى.
1582 ـ يىلى ئالتانخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەۋلادلى-
رى ئويراتلارغا قارشى داۋاملىق جازا يۈرۈشلىرىنى تەشكىللەپ
تۇردى. قىسقىسى بۇ مەزگىلدە شەرقىي موڭغۇللارنىڭ قوۋملى-
رى، ئويراتلارنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قىستاپ كېلىپ،
ئۇلارنى خېلى ئېغىر تەهدىتكە ئۇچراتقانىدى. بۇ خىل تەهدىت
ئاستىدا ئويرات قەبىلىلىرى تەدرىجىي يېقى ئىتتىپاق بولۇپ
ئۇيۇشۇپ، كۈچلۈك رەقىبلىرىگە بىرلىكتە قارشى تۇردى. ئەمما
بىز ئويرات قەبىلىلىرىنىڭ تارىختىكى بۇ يۈزلىنىشلىرىدىن شۇنى
هېس قىلالايمىزكى، شەرقىي موڭغۇللارنىڭ فېئودالىرى ئويرات-
لارغا نىسبەتەن باشتىن ـ ئاياغ چەتنەشتۇرۇش، بولۇپمۇ يىراق
غەرب تامان قوغلىۋېتىش سىياسىتىنى قوللانغانىدى. ئېنىقراق

قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنى ئالتاي تېغىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىشنى نىيەت قىلغانىدى. ئويرات موڭغۇللىرى بولسا شەرقتىن كېلىۋاتقان تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇش بىلەن بىرگە، غەربتە ئۆزلىرى دۇچ كېلىۋاتقان ناچار مۇھىتقا ماسلىشىشقا تىرىشتى. «بۇ جايلاردا ئۇلارغا داۋاملىق قارشى تۇرغىنى بىرى تۇرپان ھۆكۈمرانى بىلەن يەنە بىرى قازاقىستاننىڭ خان ۋە سۇلتانلىرى بولدى.» «1588 - يىلى تۇرپان ھۆكۈمرانى ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، شەرق تەرەپتىكى جەنۇبىي تاغ بىلەن شىنىڭ شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى.» ㉑

XVII ئەسىردىكى موڭغۇل تارىخ يىلنامىسى «ساراتۇچ»دا كۆرسىتىلىشىچە، 1587 - يىلى خالخالار بىلەن ئورانقايلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى ئويراتلارغا جازا يۈرۈش قىلىپ، ئېمىل دەريا ۋادىسىغىچە يېتىپ بارغانىدى. كوزىن ئويراتلارنىڭ XVI ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن 80 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يۆتكىلىشلىرىگە ئاساسەن، ئويراتلارنىڭ بۇ مەزگىلدىكى جايلىشىشىنى مۇنداق تىلغا ئالىدۇ: «ئويراتلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايونىنىڭ شەرق تەرىپى، شەرقىي موڭغۇللارنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرىگە ياندىشىپ تۇرىدىغان خويىتلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان رايونى ئىدى، خويىتلارنىڭ چاۋىچىلىق قىلىدىغان رايونلىرىنىڭ ئارقىدىكىسى تۇرغۇتلارنىڭ، ئۇنىڭ سەل نېرىسىدىكىسى چوروس، دۆربىت ۋە خوشۇتلارنىڭكى ئىدى.» ㉒

بۇنداق قاراش دۆلەت ئىچىدىكى موڭغۇلشۇناسلارنىڭ ئارىسىدا بىرقەدەر كەڭ تارقالغان. ئەڭ مۇھىمى ئويراتلارنىڭ XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچكەندە، ئېلىبالىق ۋە تۇرپان ھاكىمىيەتلىرىنىڭ زېمىنلىرىدا پۇت دەسسەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇۋالغانلىقى بولۇپ، بۇ توغرىدا ھەر خىل قاراشتىكىلەر مەۋجۇت. مەسىلەن. زىلاتكىن «XV

ئەسىردىن X VI ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە ئويراتلار ئىگىلىگەن
زېمىنلارنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كىچىك بولغانلىقتىن، غەربتە
پەقەت زايسان كۆلىدىن قارا شەھەرگىچە بولغان جايلارغىچە يې-
تىپ بارغان» [23] دەپ كۆرسىتىدۇ. دۆلەت ئىچىدە بەزى ئالىملار
بولسا «X IV ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئويرات قەبىلى-
سى ئەتراپىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتتە كەسكىن ئۆزگىرىشلەر پەيدا
بولدى، بۇرۇن چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت مەركى-
زى بولغان بالقاش كۆلى رايونلىرى، يەتتە سۇ رايونى ۋە جۇڭغار
ئويمانلىقى ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ، ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمى-
دىكى ئىككى قۇدرەتلىك كۈچ ـ تۆمۈرلەڭ ئىمپېرىيىسى ۋە
شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقتى. •••••• ئەمەلىيەتتە
ئويراتلار ئۆز ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوز-
غاشتىن ئىلگىرىلا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان رايونلارنى ئۆزىنىڭ
هۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالغان ھەمدە ئۆزىنىڭ ھۆ-
كۈمرانلىق مەركىزىنى جەنۇبقا سورۇپ، تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى
جۇڭغار ئويمانلىقىغا كۆچۈرۈپ كەلگەن» [24] دەپ يازىدۇ. ھالبۇ-
كى بۇ ھەقتىكى يازما ماتېرىياللار بىلەن يېقىنقى بىرقەدەر ئومۇ-
مىي تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، پۈتۈنلەي ئۇنداقمۇ ئە-
مەس. چۈنكى نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ
ئۇيغۇرلاشقان ئەۋلادلىرىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن مۇرەككەپ تارىخى
توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ بەكلا كەمچىل بولۇشى ۋە ئۇلارنىڭ
ھامان يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تارىخىدىن چەتلىتىپ بايان قىلىنى-
شى، ئويراتلارنىڭ غەربكە كۆچۈش جەريانىنى باشتىن ـ ئاياغ،
توسالغۇسىز كۆچۈش قىلىپ قويدى. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ كۆرۈپ
ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلار بۇ جايلاردىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ھوشيار-
لىقىنى قوزغىماي قالمىغانىدى. يەنە كېلىپ باتۇر قۇنتەيجىنىڭ
دەۋرگىچىلىك كۆپ ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئەڭ
ئاخىرىدا تەشكىللىك ۋە پىلانلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغانىدىن

كېيىنلا، ئاندىن غەربكە كۆچۈشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلىگەنىدى. بۇ جەرياندا خوشۇت قەبىلىسىنىڭ تەيشىسى كۆشخان بىلەن جۇڭغار (چورۇس) قەبىلىسىنىڭ تەيشىسى باتۇر قۇنتەيجى بىر تەرەپتىن شەرقىي موڭغۇللار بىلەن تىنچ ئۆتۈشنى قولغا كەلتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئويرات ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپلارنى پەسەيتىشكە تىرىشىپ، يايلاق ماجىرالىرىنىڭ ئالدىنى ئالدى. بۇ ھەقتە دۆلەت ئىچىدىكى موڭغۇل تارىخىنىڭ ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن بىرى بولغان «موڭغۇللارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» دا مۇنداق دېيىلگەن:

«1629- يىلىدىكى توقۇنۇش سۈلھى بىلەن ھەل قىلىنغاندىن كېيىن كۆشخان بىلەن باتۇر قۇنتەيجى قاتارلىقلار ئويراتلارنىڭ يايلاق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، ئويراتلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپ ۋە كۈچلۈك قوشنىلار بىلەن بولغان توقۇنۇش ۋە سۈركىلىشلەردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ دەپ قارىدى. بىراق ئويراتلار روسىيە، قازاقلار ۋە تاتارلاردىن ئىبارەت ئۈچ كۈچلۈك قوشنىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغاچقا، كېڭىيىشكە ۋە ئۆزلىرىنىڭ يايلاقلىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. بۇنىڭ بىلەن كۆشخان ئويراتلارنىڭ باشقا تەيجىلىرى بىلەن ئىتتىپاقنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، ئويراتلارنىڭ يايلاقلىرىنى جەنۇبقا كېڭەيتىپ ۋە جۇ دەرياسى، ئىلى دەرياسى، بورتالا، تارباغاتاي، قوبۇقسار ھەم ئېرتىش دەرياسىنىڭ باش ئېقىنى قاتارلىق جايلارغا سورۇشنى قارار قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئويرات قەبىلىلىرى كۆشخاننىڭ باشچىلىقىدا، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونلارغا قارىتا، پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدىكى زور كۆلەمدىكى ھەربىي ھەرىكەت قوللاندى. چاغاتاي ئەۋلادلىرى ئويراتلارنىڭ بۇ جايلارغا بېسىپ كىرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مۇناسىپ ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ ۋە يۆتكەپ، ئويرات ئىتتىپاقىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئېرەنقا بىرغا تېغىنىڭ شەرقىي ئېتىكى-

دىكى ئېرىجاراتۇ (كۆرقارا ئۇسۇنىڭ غەربىي جەنۇبى) دا ئۇرۇش
قىلدى. ئويرات قوشۇنلىرى چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ قوشۇنلىرىنى
مەغلۇپ قىلغاچقا، شۇڭا بۇ جايغا ئېرىجاراتۇ دەپ نام قويۇلۇپ
قالدى.» [25]

دېمەك، ئويراتلار غەربكە كۆچۈپ، XVII ئەسىرنىڭ 30 -
يىللىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن، پەيدىنپەي تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى-
دىكى بىپايان كەڭ داللارنى ئىشغال قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىغان
بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىدىكى يەنە بىر مىللىي ھاكىمىيەت —
جۇڭغار خانلىقىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت
ھازىرلاپ بەرگەنىدى.

ئويراتلارنىڭ XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى كەڭ كۆلەمدى-
كى كۆچۈشىدىن بۇرۇن باشلانغان غەربكە كۆچۈش ھەرىكىتى،
ئويراتلارنى بۇ جايلاردا مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە قىلغاندىن كې-
يىن، كەڭ ئويرات ئاھالىلىرىگە قارىتا ئۆزلىرىنىڭ يېڭىدىن
ئىگىلىگەن زېمىنلىرىنى يات تائىپىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ
قېلىش ئىستىكىنى پەيدا قىلدى. بۇ تەبىئىيكى ئويرات ۋاڭ،
گۇڭلىرىنىڭمۇ ئارزۇسى بولسىمۇ، بىر قىسىم ۋاڭ - گۇڭلار
بۇنىڭغا سەل قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى تارقاق ھالەتتىكى
ئورنىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدى-
كى قەسەمىياتلارنى قىلدى. مەسىلەن، خويىت قەبىلىسىنىڭ تەي-
شىسى سۇلتان تەيشى: «بىز كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلەلمەيمىز،
...... بىز ئويراتلار بىشىمىزنى ئەگسەكلا بولىدۇكى، يەنە قانداق
ئامال قىلالايتتۇق» [26] دېگەنىدى. لېكىن كېيىنكى ئەمەلىيەت ئاز
ساندىكى ئويرات ۋاڭ - گۇڭلىرىنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە،
ئۇلارغا تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنىڭ داۋالغۇپ تۇر-
غان ۋەزىيىتىنىڭ جىددىيلىكىنى تونۇتتى.

تارىخنامىلەردىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئويراتلار بۇ چاغدا
بىرقەدەر قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنىدى. بىر تەرەپتىن ئۇلار-

نىڭ نوپۇس ۋە چارۋىلىرى شىددەت بىلەن كۆپەيگەن بولسا، يەنە
بىر تەرەپتىن ئوتلاقلىرىنى كېڭەيتىشى چەكلىمىلىككە ئۇچرىدى.
خۇددى باشتا كۆرسىتىلگەندەك، ئويراتلار بىلەن شەرقىي موڭ-
غۇللارنىڭ سۈركىلىشى ھېلىھەم داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتات-
تى. شىمالدا بولسا روسىيىنىڭ كۈچلىرى تاكى ئېرتىش دەرياسى
بويلىرىغىچە يېتىپ كەلگەنىدى. جەنۇبتا شەرقىي چاغاتاي خانلى-
قىنىڭ ئۇيغۇرلاشقان ئەۋلادلىرىنىڭ كۈچلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ
غەربىدە بولسا يەتتە سۇ ۋادىسىنى مەھكەم بېقىپ ياتقان قازاق
خانلىقىنىڭ كۈچلىرى بار ئىدى. «قازاق سوۋېت ئېنسىكلوپېدى-
يىسى» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، X VII ئەسىرنىڭ 20 ـ
يىللىرى قازاق خانلىقى نوغايلار بىلەن بىرلىشىپ، ئويراتلارنى
توبىك دەرياسى بويىغىچە سۈرۈپ ئاپىرىپ ئۇلارنى يەتتە سۇ ۋادى-
سىغا كەلتۈرمەسلىككە تىرىشقانىدى ㉗.

ئويراتلارنىڭ تەگرى تېغىنىڭ شىمالىدا دۈچ كەلگەن ئېغىر
ئەھۋالى، ئۇلارنى تەشكىللىك پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر
قىلغان بولسىمۇ، X VII ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى بىلەن 30 ـ
يىللىرىنىڭ ئارىلىقلىرىغا كەلگەندە، جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ تەي-
شىسى قارا قۇللا پەيدىنپەي ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلاپ، ئويرات
قەبىلىلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشتى. گەرچە «ئۇنىڭ قارىمىقى-
دىكى قوشۇنلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، ئۇ قەتئىي ئۆزىنىڭ
ئەمەلىي كۈچىنى مۇستەھكەملەپ، قورال كۈچى ۋە دىپلوماتىيە
ۋاستىسى بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى ئويرات سۇيۇرغاللىقلىرىدىكى
ھۆكۈمرانلارنى بويسۇندۇردى.» ㉘ بۇ چاغدا ئويراتلارنىڭ بىر
قىسىم نويانلىرىمۇ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ يېتىپ، پەي-
دىنپەي قاراقۇللانىڭ ھەرىكىتىنى قوللاش تەرەپتارىدا بولدى.
شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ چاغدا يەنە ئويرات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ
قەرەرلىك كېڭىشى بولغان «چولغان» نىڭ رولىمۇ جارى قىلدۇ-
رۇلغاچقا، قەبىلىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئوتلاق ماجىرالىرىنى

پەسەيتىپ، سىرتنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا يېتەكلىدى. 1628 ـ يىلى چۇلغاننىڭ ماقۇللۇقى بىلەن تورغۇتلار ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى ئېقىنلىرىدىن ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنلىرىغا كۆچتى. ئارقىدىنلا خوشۇت قەبىلىسىمۇ، چىڭخەيگە كۆچۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئويراتلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كىرىزىس ئاستا ـ ئاستا تۈگىتىلىش بىلەن بىرگە، ئوتلاقلار خېلىلا بوش قېلىپ، قەبىلىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىقتىسادىي توقۇنۇشمۇ ئازايدى. بۇ خىل ئاساستا، ئويراتلار سىرتنىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرغۇدەك ئىمكانىيەتكە ئېرىشىش بىلەن تەڭ، ئۆز تارىخىدا رەسمىي بۇرۇلۇش ياسىدى. باتۇر ئۇباشى تۈمەن يازغان «تۆت ئويرات تارىخى»دا كۆرسىتىلىشىچە، «كېيىن ئويراتلار قالماق دەپ ئاتالغاندى، 1627 ـ يىلى ئويرات ئىتتىپاقى يىمىرىلدى، قالماقلار ئالدىراپ ـ تېنەپ غەربكە كۆچتى. خوشۇتلار بولسا تىبەتكە كۆچۈپ باردى. ھالبۇكى جۇڭغارلار بولسا جۇڭغارىيىدە تۇرۇپ قالغاندى.» [29] جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ماكانلىرىدا تۇرۇپ قېلىشى، جورس جەمەتىدىن بولغان جۇڭغارلارنىڭ ئېسەن تەيشىدىن بۇيانقى سەلتەنەتىنىڭ يەنە بىر قېتىم ئەسلىگە كېلىشى ئىدى.

1635 ـ يىلى جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ تەيشىسى قاراقۇللا ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى باتۇر فۇنتەيجى ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ يېتەكچىلىك رولى تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، جۇڭغار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنىڭ تىكلىنىشى بولۇپ، ئويراتلار مانا مۇشۇ باتۇر قونتەيجىنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ، رەسمىي كۈچىيىشكە باشلىدى. شۇنىڭدەك باتۇر فۇنتەيجىنىڭ نامىمۇ، مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، مۇسۇلمان مەنبەلىرىدە قالماق خانى «قۇنتاجى» دېگەن نام بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. زىلاتكىن باتۇر قونتەيجى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان 1635 ـ يىلىنى جۇڭغار خانلىقىنىڭ مەۋجۇت

بولغان يىلىنىڭ بىرىنچى يىلى دەپ قاراپ، سىبىرىيە تارىخ
يىلنامىچىسى چېرىبانوۋنىڭ ئەسىرىدىكى تۆۋەندىكى خاتىرىنى
تىلغا ئالىدۇ:
«بۇ بىرقانچە يىلدا، قالماق تەيشىلىرى دەسلەپكى شەكىلدى-
كى جۇڭغارغا ئىگە بولدى، چۈنكى قاراقۇللا تەيشىنىڭ ئوغلى
باتۇر تەيشى قابىل ھەم باتۇر بولغاچقا، تارقاق ھالەتتىكى ئويى-
راتلارنىڭ ئېلى بىلەن ئۇلارنىڭ تەيشىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ،
بۇخارىيەنىڭ بىر قىسمىنى بويسۇندۇردى. بۇنىڭ بىلەن 1635-
يىلىدىن ئېتىبارەن، باتۇر تەيشى، قونتەيجى دەپ ئاتىلىشقا باش-
لىدى.» ㉚
ئومۇمەن جۇڭغار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى تارىخىغا باتۇر قۇن-
تەيجىنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ ئاساس سېلىنغان بولۇپ، 1640 -
يىلى تارباغاتايدا ئويرات ۋە خالخا موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ
بىرلەشمە يىغىنى چاقىرىلىپ، موڭغۇل ئويرات قانۇنى ماقۇللان-
دى. بۇ قانۇننىڭ ماقۇللىنىشى، جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ ئورنىنى
يۇقىرى كۆتۈرگەچكە، جۇڭغار خانلىقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم
ئاساسقا ئىگە قىلدى. 1653 - يىلى باتۇر قۇنتەيجى ئۆلۈپ،
ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى سېڭگى ۋارىسلىق قىلغاندا، جۇڭغار خانلى-
قىنىڭ ئەمەلىي كۈچى يەنە ئاشتى. بىراق سېڭگى 1670 - يىلى
ئىچكى ئىختىلاپتا ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى غالدان
تەختكە چىققاندا، جۇڭغار خانلىقى بىردىنلا قۇدرەت تېپىپ، شىن-
جاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھاكىمۇتلەقلىق قىلىشقا باشلىدى.

ئىزاھلار:

①㉑㉓㉘ ئى. يا. زىلاتكىن «جۇڭغار خانلىقىنىڭ تارىخى» خەنزۇچە
تەرجىمىسى، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تارىخ فاكۇلتېتى كۆپەي-
تىپ باستۇرغان نۇسخا، 1 - كىتاب. 93 -، 114 -، 109 -،
128 - بەت.

② «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. ئويراتلار ھەققىدە قىسسە» 328 -

جىلد.
㉕⑲⑧③ «موڭغۇللارنىڭ ئومۇمىي تارىخى»
1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى 2 - كىتاب 460 -، 626 -، 548 -، 633 - بەت. مىللەتلەر نەشرىياتى

⑳⑪④ «موڭغۇللارنىڭ مەنبەسى» 5 -، 6 - جىلد.
⑤ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ
تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 1174 - بەت.
⑥ ك. ئى. پېتروۋ «XIV - XV ئەسىرلەردىكى قىرغىزلار بىلەن
ئويراتلارنىڭ مۇناسىۋىتى» تەرجىمىسى، «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تارىخىغا
ئائىت تەرجىمىلەر مەجمۇئەسى» نىڭ 3 - قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن. جۇڭگو
ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى مىللەتلەر تارىخ
ئىشخانىسىنىڭ غەربىي شىمال گۇرۇپپىسى تۈزگەن.
⑫⑩⑦ «ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتى 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى 1 - كىتاب 39 -، 42 - بەت.
⑨ «جۇڭغارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل
خەنزۇچە نەشرى 38 - بەت.
⑬ «موڭغۇللارنىڭ ئالتۇن تارىخى» جيا جىڭيەن، جۇفېڭ نەشرگە
تەييارلىغان نۇسخا، «غەربىي موڭغۇللارنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» دا
كەلتۈرۈلگەن نەقىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىل خەنزۇچە
نەشرى 127 - بەت.
⑭ «مىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»
290 - جىلد.
⑮ «مىڭ سۇلالىسىنىڭ شياۋزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»
113 - جىلد.
⑯ «مىڭ سۇلالىسىنىڭ شىزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»
238 - جىلد.
⑰ خوۋست «موڭغۇل تارىخى» (HISTORY OF THE
MONGOLS ) 1 - كىتاب 2 - قىسىم، ئىنگلىزچە نەشرى 610 - بەت.
⑱ «ئالتاننامە» 69 - 71 - بەت، سىن چۈەن جىشيۇڭ يازغان
«دايىسىڭ ئېجەي تەيجىنىڭ مىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغانلىقى ۋەقەسى
توغرىسىدا» ناملىق ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، تەرجىمىسى «موڭغۇل-

شۇناسلىقتا ئائىت ماتېرىيال ۋە ئۇچۇرلار» نىڭ 1987 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان.

㉒ كوزىن «ئويراتلارنىڭ تارىخي ئېپوسى»، زىلاتكىن يازغان «جۇڭغار خانلىقىنىڭ تارىخى» ناملىق ئەسەردە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 1 ـ كىتاب 114 ـ بەت.

㉔ ليۇ زىشياۋ «ئۇيغۇر تارىخى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى بىرىنچى قىسىم 1 ـ كىتاب 623 ـ بەت.

㉖ گاباڭ شىراپ «تۆت ئويرات تارىخى» 17 ـ 18 ـ بەتلەر، زىلاتكىن يازغان «جۇڭغار خانلىقىنىڭ تارىخى» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 1 ـ كىتاب 126 ـ بەت.

㉗ «قازاق سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى» ئالماتا 1972 ـ يىل قازاقچە نەشرى Ⅳ توم 476 ـ بەت.

㉙ باتۇر ئوباش تۇمەن «تۆت ئويرات تارىخى»، زىلاتكىن يازغان «جۇڭغار خانلىقىنىڭ تارىخى» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 1 ـ كىتاب 153 ـ بەت.

㉚ مەركىزىي دۆلەتلىك قەدىمكى ھۆججەتلەر ئارخىپخانىسى 196 ـ جىلد 1542 ـ نومۇرلۇق چېربانوۋنىڭ يىلنامىسى 184 ـ ۋاراق؛ زىلاتكىن يازغان «جۇڭغار خانلىقىنىڭ تارىخى» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 1 ـ كىتاب 156 ـ بەت.

## 2. جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خانلىقىغا قاراتقان سىياستى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى

ئويرات موغۇللىرىنىڭ ئىتتىپاقى ئاساسىدا قۇرۇلغان جۇڭغار خانلىقى 1680 ـ يىلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلاشقان ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغانىدى. يەركەن خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى — جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا ھەربىي يۈرۈش قىلغانلىقى ۋە ئاق تاغلىق غوجىلارنىڭ ئىچكى جەھەتتە ئۇلارغا بېقىنىپ ماسلىشىشى ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشقانىدى. قارىماققا بۇ جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خانلىقىنى يوقىتىش سىياستىنىڭ ئاشكارا ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىشىدەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەرگىزمۇ تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش بولماستىن، بەلكى جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ يەركەن خانلىقىغا قاراتقان سىياستىنىڭ تۈپلۈك نەتىجىسى ئىدى.

جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەڭ ئاۋۋال يەركەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسىم ھۆكۈمرانلىرىدىن بولغان شاھ خاننىڭ دەۋرى (ھىجرىيە 949 ـ 978ـ يىللار) دا كۆرۈلگەنىدى. ئەمما بۇ مەزگىل جۇڭغار خانلىقىنىڭ تېخى ئۆز سەلتەنىتىنى قۇرۇپ چىقمىغان مەزگىلى بولغاچ، ئۇلارنىڭ يەركەن خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى باشقا مەنبەلەردىن كۆرە، مۇسۇلمان مەنبەلىرىدە «قالماق» نامى بىلەن يۇرگۈزۈلىدۇ. مانا بۇ «قالماق»لار ھەققىدىكى بايانلار شاھ مەھمۇد ئىبنى فازىل جوراس تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخ» ① دا بىرقەدەر كۆپ بېرىلگەن بولغاچقا، جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خانلىقىغا قاراتقان سىياستىنى بىلىشنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

شاھ خان تۇرپان ھۆكۈمرانى مەنسۇر خاننىڭ تەخت ۋارىسى

بولۇپ، تۇرپاندىن كۆچاغىچە بولغان زېمىنلارنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغانىدى. بىراق ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى زېمىنلار ئويراتلار (قالماقلار) نىڭ زېمىنلىرىغا يېقىن بولغاچقا، ئويراتلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئەڭ كۆپ ئۇچرايتتى. شۇ سەۋەبلىك شاھخاننىڭ ئىلكىدىكى تۇرپان سۈيۈرغاللىقى بىلەن ئويراتلار بىرقانچە قېتىم توقۇنۇشقانىدى:

«شاھخان قالماقلارغا قارشى جەڭ قىلماقچى بولدى.…… قالماقلارغا يېتىشىپ دېيەرلىك ھالدا ئولجا ئەسىرلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ قايتىشتى. قالماقلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ يۈزمۇيۈز توسۇشتى. شاھ خانمۇ ئۇرۇش سېپىنى تۈزۈپ قاتتىق تۇتۇش قىلدى. ناھايىتى دەھشەتلىك جەڭ بولدى، شۇ چاغدا شەھيار ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇرۇش سېپىنى بۇزۇپ، تۈزكورلۇقىنى ئاشكارىلاپ قېچىپ كەتتى. نەتىجىدە شاھخان مەغلۇپ بولدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ مەردانىلىك بىلەن شېھىتلىك شەربىتىنى ئىچتى.»

«مىڭ سۇلالىسى تارىخى» غا ئاساسلانغاندا، شاھخان مىلادىيە 1570 - يىلى ئويراتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا، «ئوق تېگىپ ئۆلگەنىدى.» ② بۇ قېتىمقى جەڭدە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدار شەھيار ئۇرۇش سېپىنى بۇزۇپ قېچىپ كەتكەنىدى. شاھ خاننىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاياغلاشقان بۇ جەڭدە، يەركەن ھۆكۈمرانلىرى ئۈن - تىنسىز تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئويراتلارنىڭ كۈچى ئارقىلىق شاھخاننى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغاندەك قىلاتتى. ئويراتلار بولسا تۇرپان ھۆكۈمرانلىرى بىلەن يەركەن ھۆكۈنرانلىرىنىڭ سۈركىلىشىگە يېقىندىن دىققەت قىلغانىدى. شاھخاننىڭ ئويراتلارغا قارشى ئۇيۇشتۇرغان باشقا بىر قېتىملىق يۈرۈشىدە، ئابدۇرەشىتخاننىڭ ئاقسۇدا ۋالىي بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوغلى مۇھەممەدخان شاھخاننىڭ قىزىنىڭ پېيىگە چۈشكەنىدى. شاھخان

بولسا بۇ چاغدا ئويراتلار تەرەپكە ئاتلىنىپ ماڭغانىدى. شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ يازغانلىرىغا قارىغاندا شاھخان بۇ قېتىمقى جەڭدە ئوخشاشلا نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولۇپ، قايتىپ كەلگەن-دىن كېيىن، قىزىنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولغان مۇھەممەدخانغا قارشى ئاقسۇغا يۈرۈش قىلىپ، مۇھەممەدخاننى ئائىلە تاۋابىئات-لىرى بىلەن قارا شەھەرگە تۇتۇپ ئېلىپ كەلگەنىدى.

مۇھەممەدخان ئاكىسى ئابدۇكېرىم خاننىڭ ۋاستىسى تۈپەي-لىدىن تەخمىنەن بەش ئايلاردىن كېيىن تۇتقۇندىن بوشىتىلىپ يەركەنگە قايتىپ كەلگەنىدى. ئويراتلارنىڭ شاھخاندىن كېيىن، يەركەن ھۆكۈمرانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، مانا مۇشۇ مۇھەممەدخان ئاكىسى ئابدۇكېرىمدىن كېيىن يەركەن خانلىقى-نىڭ تەختىگە چىققان مەزگىلدە يۈز بەرگەنىدى. ئابدۇرەشىتخان-نىڭ يەنە بىر ئوغلى قۇرەيش سۇلتاننىڭ بالىسى خۇدابەندى سۇلتان، شاھخان ئۆلگەندىن كېيىن تۇرپان سۇيۇرغاللىقىدا يۈز بەرگەن ئىختىلاپلاردىن پايدىلىنىپ، تۇرپان ۋە قارا شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇۋېلىپ، مۇھەممەدخان بىلەن ئاشكارا قارشىلاشقا-نىدى. مۇھەممەدخان ئۆزىنىڭ ئەڭ كىچىك ئىنىسى ئابدۇرەھىم-خاننى خۇدابەندى سۇلتاننىڭ ئورنىغا تۇرپان ۋە قارا شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانى قىلىپ تەيىنلەپ ئەۋەتكەنىدى. ئويراتلارنىڭ يەركەن خانلىقىغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ تاللىشى دەل مۇشۇ ۋەقەدە ئەت-ىبقلانغان بولۇپ، بۇ توغرىدا شاھ مەھمۇد مۇنداق كۆرسەتكەن-دى:

«ئابدۇرەھىمخان ئابدۇرەشىتخاننىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى ئې-كەن، مۇھەممەدخان ئۇنى مىرزا شاھنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن چا-لىش (قارا شەھەر)، تۇرپان تەرەپكە پادشاھلىققا ئەۋەتكەن ئې-كەن، ئۇ چاغلاردا قۇرەيش سۇلتاننىڭ ئوغلى خۇدابەندى سۇلتان «تۆكەخان» دېگەننىڭ ياردىمى بىلەن چالىش تۇرپاننىڭ ھوقۇقى-نى تۇتۇپ تۇرغانىكەن. ئابدۇرەھىمخان بىلەن مىرزا شاھلار

تۇرپانغا يېتىپ كەلگەندە، خۇدابەندى سۇلتان قالماقلاردىن ياردەم سورىغانىكەن، قالماقلار ياردەم بېرىمىز دەپ كەپتۇ. لېكىن خۇدابەندى سۇلتاننى تۇتۇپ ئابدۇرەھىمخان بىلەن مىرزا شاھقا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. مىرزا شاھ خۇدابەندى سۇلتاننى يەركەنگە ئېلىپ كەپتۇ. ئابدۇرەھىمخان بولسا مۇستەقىل ھالدا تۇرپان، چالىشنىڭ پادىشاھى بولۇپتۇ.»

ئابدۇرەھىمخاننىڭ قارا شەھەر ۋە تۇرپاننىڭ ھۆكۈمرانى بولۇشى ۋە ئۇنىڭ «ئۇ يەردە 40 يىل مۇستەقىل پادىشاھلىق قىلىشى» مەنسۇر سىستېمىسىنىڭ ئورنىنى سەئىد ياكى ئابدۇرەشىت سىستېمىسىنىڭ ئىگىلىشى ئىدى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن يەركەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بىلەن شەرقىي قىسمىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش ئۈزۈل - كېسىل توختاپ قالمىدى. ئەكسىچە ئىلگىرىكى مەنسۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن سەئىد ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئوخشاش بىردە توختاپ، بىردە داۋام قىلىپ ئويراتلارنىڭ كۈچلىرىنى بۇنداق سۈركىلىشنىڭ قاينىمىغا ئېلىپ كىرگەچ تەرەققىي قىلدى. خۇدابەندى سۇلتان ۋەقەسىنى ئالساق ئويراتلار دەسلەپتە ئۇنىڭدىن ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. بىراق ئۇلارنىڭ ئۇنى تۇتۇپ، ئابدۇرەھىمخان تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىشى بولسا شۈبھىسىزكى، ئويراتلارنىڭ يەركەن خانلىقىغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ئىدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئويراتلارنىڭ كۈچلۈك تەرەپكە يان بېسىپ، ئاجىز تەرەپكە قارشى تۇرۇش ياكى ياردەم بەرمەي، پۇرسەتپەرەسلىك قىلىش ئۇسۇلىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. بۇ خىل ئۇسۇل ئويراتلاردا خېلى بىر مەزگىل داۋام قىلغان بولۇپ، يەركەن خانلىقىنىڭ تەختىگە مۇھەممەتخاننىڭ ئوغلى شۇ جائىدىن ئەخمەت خان چىققان مەزگىلدە يۈز بەرگەن مۇھەممەد ھاشىم سۇلتان ۋەقەسىدە، تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەنىدى:

«مۇھەممەد ھاشىم سۇلتان مۇھەممەدخاننىڭ قىزىدىن تۇ-
غۇلغان بولۇپ، ئۇنى خانزادە دېيىشەتتى. ئۇ شۇ جائىدىن ئەخمەت
خاندىن ئاغرىنىپ كۇچاغا باردى. ئاندىن كېيىن مۇھەممەد ھاشىم
سۇلتان بىلەن ئابدۇرەھىمخان ئوتتۇرىسىدا چىقىشالماسلىق يۈز
بەردى. مۇھەممەد ھاشىم سۇلتان قالماقلاردىن ياردەم تەلەپ
قىلدى، تەلەپكە بىنائەن قالماقتىن ياردەمچى كەلدى. ئابدۇرە-
ھىمخانمۇ جەڭگە تەييارلىق قىلدى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى
تۇتىشىپ سوقۇشقا چۈشكەندە، قالماقنىڭ لەشكەرلىرى ئۆزىنى
ياقىغا تارتىپ تۇرۇشتى. ئىككى تەرەپ راسا ئۇرۇشۇپ ئاخىرى
مۇھەممەد ھاشىم سۇلتان مەغلۇپ بولدى. سۇلتان مەغلۇپ بول-
غاندىن كېيىن، قالماقلار مۇھەممەد ھاشىم سۇلتانغا ھۇجۇم
قىلىپ ئابدۇرەھىمخان تەرەپكە ئۆتتۇۋالدى. مۇھەممەد ھاشىم
سۇلتان سېپىلنىڭ ئىچىگە مۆكۈنۇۋالدى. قالماقلار ئولجا ئېلى-
شىپ قايتتى.»

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئويراتلارنىڭ يەركەن
خانلىقىغا قاراتقان سىياسىتى، قارشى تۇرۇش، ئاردىن پايدا
ئېلىش ۋە قارشى تەرەپنىڭ مەغلۇپ بولغان پۇرسىتىدىن پايدىلى-
نىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش بولۇپ، توغرىسىنى ئېيتقاندا،
شامالغا قاراپ ئىش كۆرۈش ئىدى. بۇ خىل سىياسەت يەركەن
خانلىقىنىڭ مۇھەممەدخان دەۋرىدىن باشلىنىپ، ئويراتلارنىڭ
جۇڭغار قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان باتۇر قۇنتەيجى جۇڭغار
خانلىقىنى قۇرغانغا قەدەر داۋام ئېتىپ، ئويراتلارنىڭ كۈچىيىشى-
گە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ باردى. بولۇپمۇ باتۇر قۇنتەيجى جۇڭغار
خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن، تۆت ئويرات قەبىلىسى بىرلىككە
كەلتۈرۈلۈپ، ئويراتلارنىڭ شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سى-
ياسىي ۋە ئەمەلىي كۈچى بارغانسېرى ئاشتى. بۇ تەبىئىيكى
ئويراتلارنىڭ يەركەن خانلىقىغا قاراتقان سىياسىتىدە ئىككىنچى
قېتىم تاللاشنى ئېلىپ كەلگەچكە، ئىلگىرىكىدەك ئەھۋالغا قا-

راپ، پايدىغا ئۆزلىرىنى ئۇرۇدىغان ھالەتنى ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭغا
مۇناسىپ ھالدا بۇ مەزگىلدە يەركەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق
سىستېمىسىدىمۇ زور دەرىجىدە ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئابدۇرە-
ھىمخانىنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇللا خان ھىجرىيىنىڭ 1048 - يىلى
(مىلادىيەنىڭ 1638 - ۋە 1639 - يىللىرى) شۇ جائىدىن
ئەخمەت خانىنىڭ نەۋرىسى ئەخمەتخاننى بەلخ شەھىرىگە كېتىشكە
مەجبۇر قىلىپ، يەركەن خانلىقىنىڭ تەختىنى قولىغا ئالدى.
شەرقتە قۇمۇلدىن غەربتە تاكى خوتەنگىچە بولغان جايلارنىڭ ھەم-
مىسىگە ئۆزىنىڭ ئابدۇرەھىمخان سىستېمىسىدىن بولغان ئىنىلى-
رىنى ھۆكۈمران قىلىپ بېكىتتى. شۇنداق قىلىپ ئابدۇرەھىم-
خان سىستېمىسىدىن بولغان خان ۋە سۇلتانلار خانلىقنىڭ بارلىق
ھوقۇقىنى ئىگىلىگەنىدى.

ھىجرىيىنىڭ 1048 - يىلى (مىلادىيەنىڭ 1638 - ۋە
1639 - يىللىرى) ئابدۇللاخان قەشقەر ۋە يەركەن شەھەرلىرىدە
بىر تۈركۈم يۇرت كاتتىلىرىنى تاجۇ - تەختىنى تاشلاپ كەتكەن
ئەخمەتخان بىلەن يوشۇرۇن ئالاقىسى بار دەپ قەتلى قىلدى. بۇ
ۋەقە يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئويرات قوشۇنلىرىنىڭ يەركەن
خانلىقىنىڭ چېگرىسى ئىچىگە ئاشكارا بېسىپ كىرىپ بۇلاڭ -
تالاڭ قىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى. بۇ ۋەقە ئەينى ۋاقىتتا يەركەن
خانلىقى دائىرىسىدە بەلگىلىك زىلزىلە پەيدا قىلغاچقا، شاھ مەخ-
مۇد جوراسىنىڭ ئەسىرىدە بىرقەدەر ئوچۇق تىلغا ئېلىنغانىدى:

«خان ئوۋ ئوۋلاش مەقسىتىدە يېڭىسار تەرەپكە راۋان بول-
دى. قۇنچىن، سەررەڭ، شەمەرلەر قالماقتىن كېلىپ خوتەن
مەملىكىتىگە ھۇجۇم قىلدى. مۇھەممەد مەنسۇربەگ لەشكەرلەرگە
باشلىق بولۇپ سېپىلدىن تاشقىرى چىقتى. ئىككى تەرەپ قاتتىق
ئېلىشتى. ئۇرۇشتا مۇھەممەد مەنسۇربەگ بىلەن مىرزا شەھباس
جۇراسلار ئۆلتۈرۈلدى، ئىبراھىم سۇلتاننىڭ يۈرەكلىك قارشى
تۇرۇشى نەتىجىسىدە خوتەن مەملىكىتى ئامان قالدى. خان شاھ

مەنسۇربەگ بىلەن سۇبهان قۇلى بەگلەرنى باشلامچى قىلىپ قالماق ئارقىسىدىن لەشكەر ئەۋەتتى. ... ئەمەلدارلار قالماقلار بار جايغا يەتمەي تۇرۇپ باقى دۆلەت دېگەن جايدىن قايتتى. شەمەر، سەرەڭ-لەر ئاقسۇغا هۇجۇم قىلدى. ئەسىر، ئولجىلارنى ئېلىپ قايتتى. مىرازا شاه قاسىم ئوردا بېگى كۇچانىڭ هاكىمى ئىدى. خان قۇلى بەگ باي ناهىيىسىدە ئىدى. شەمەر، سەرەڭلەر بايغا يېتىپ كەلدى. شاه قاسىمبەگ كۇچادىن باي ناهىيىسىگە كېلىپ خان قۇلى بەگنىڭ هەمراهلىقىدا سەرەڭ، شەمەرلەرنى هىيلە بىلەن تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ئۆلتۈرمەك-چى بولدى. شەمەرنى خان قۇلى بەگكە تاپشۇرۇپ، سەرەڭنى ئېلىپ كۇچاغا قايتتى.»

قۇنچىن، سەرەڭ، شەمەر قاتارلىقلار باتۇر قۇنتەيجى جۇڭ-غار خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن خوتەن، ئاقسۇ ۋە باي قاتارلىق جايلارغا هۇجۇم قىلغان ئويرات قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىرى بو-لۇپ، ئاقسۇ ۋە يەركەن خانلىقىنىڭ خوتەن ۋە كۇچادىكى قوماندان-لىرى ئىبراهىم سۇلتان ۋە شاه قاسىم قاتارلىقلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانىدى. بۇنىڭدىكى قۇنچىن، سەرەڭ، شەمەرلەرگە كەلسەك، روسۇنكوۋ ۋە ئاكۇمۇشكىن قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلار جۇڭغار خانلىقىنىڭ مەركىزىي قوبۇقساردىن ئەۋەتىلگەن قوشۇن قوماندانلىرى بولماستىن، بەلكى يۇلتۇز ۋادى-سىغا ئورۇنلىشۇالغان خويىت قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى ئىدى. ئاكۇمۇشكىن «شۇبهىسىزكى سەرەڭ، شەمەر قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى سۇلتان تەيشىنىڭ قول ئاستىدىكى دارغالار ئىدى» ③ دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قاراش ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇپ، «زا-ياندىدانىڭ تەرجىمىهالى»غا ئاساسلانغاندا، ئويرات لاماسى زاياد-باندىدا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق شىزاڭغا بېرىش سەپىرىدە يۇلتۇزدىن ئۆتكەندە، شەمەرنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولغانىدى. قۇنچىن، سەرەڭ، شەمەرنىڭ خوتەن ۋە بايدىكى

مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن ئويراتلارنىڭ قوشۇنلىرى شاھ مەھمۇد-
نىڭ ئەسىرىدە بىرقانچە يەردە تىلغا ئېلىنىسمۇ، بۇنىڭ ئىچىدە
بىرقەدەر مۇھىم بولغىنى ئابدۇللاخاننىڭ ئويراتلارغا قارشى يۈل-
تۇز ۋە قاراشەھەر تەرەپكە لەشكەر تارتقان ۋەقەسى ھېسابلىنىدۇ:

«ئىبراھىمخان قاراشەھەردە ئىدى. خان بىر يۇتۇم سۇنىمۇ
خاتىرجەم ئىچەلمىدى. يەركەندە مۇھەممەد سىدىق خەلىپە سىدىق
قازى، كىپەك بەگلەرنى قويۇپ، ئۆزى راۋان بولدى. ئىبراھىم-
خان، ئىسمايىلخان، يىلداڭ تەيجى چالىشنى تاشلاپ بىر چەتكە
چىقىۋالدى. خان ئۆز مەيلىچە سەيلە - تاماشا قىلدى. شاھ باقى
بەگ ‹بىرنەچچە لاما چالىشنىڭ ئاستىدىن ئۈستى تەرەپكە كېلىۋا-
تىمىش› دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. خان شاھ باقى بەگنىڭ
ھەمراھلىقىدا كىشى ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ ماللىرى مۇسۇلمانلارنىڭ
قولىغا چۈشتى. ... سەرەڭ ۋە تەيجى، ئىبراھىمخان، ئىسمايىل-
خان ۋە باشقا بىر بۆلۈك تۆرىلەر ئارقىدىن يېتىشتى. كەيدەركو-
نىڭ ئادەملىرى يىلداڭ تەيجىنى كۆرۈپ قاچتى. بەزىلەر نۇرىدىن
خانغا قوشۇلدى. ... سەرەڭ، يىلداڭلار كەيدەركۇنىڭ ئارقىسىدىن
ھۇجۇم قىلىپ، نۇرىدىن خاننى قورشاپ تۇتۇۋالدى.»

ئابدۇللا خاننىڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى،
ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن كۆرە ئۆز پەرزەنت، ئىنىلىرىدىن گۇمان-
خورلۇق قىلىش دەۋرىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، ھەممىدىن ئاۋۋال
خوتەندىكى ئىككىنچى ئىنىسى ئىبراھىمخاننى چالىش (قارا شە-
ھەر) گە سۈرگۈن قىلغانىدى. ئابدۇللا خان ئىبراھىمخاننىڭ با-
تۇرلۇقىغا ھەسەت قىلغاچقا، بۇ نۆۋەت ئۇنى ئۈچىنچى ئىنىسى
ئىسمايىلخان بىلەن قوشۇپ سۈرگۈن قىلغانىدى. ئۇلار چالىشقا
كەلگەندىن كېيىن خويىت قەبىلىسىدىن بولغان يىلداڭ تەيجى
(سۇلتان تەيشى) نىڭ قوشۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئابدۇللاخانغا
قارشى تۇرغانىدى. نەتىجىدە ئابدۇللاخاننىڭ بۇ نۆۋەتتىكى قارا
شەھەر ۋە يۇلتۇزغا قىلغان يۈرۈشى ئوڭۇشسىزلىق بىلەن ئاياغلى-

شىپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ خوجىلار گۇرۇھىدىن كۆرە، يەركەن خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىگە بولغان مۇداخىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەنى بۇ مۇداخىلە جۇڭغار خانلىقىغا باتۇر قۇنتەيجىدىن كېيىن خان بولغان سېڭگىنىڭ دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئابدۇللا خاننىڭ ئۆز ئوغلى يولۋاسخان بىلەن ئازارلىشىپ قېلىشىدەك تارىخىي شارائىتتا يۈز بەرگەنىدى:

«سېڭگى غالدامەگە چىدىماسلىق قىلىپ، 5 مىڭدەك تاللانغان باتۇرلار بىلەن كېرىيىگە ھۇجۇم قىلىش داغدۇغىسىنى قىلدى. خۇدابەندى بەگ كېرىيىنىڭ ھاكىمى ئىدى. ئۇ خانغا ئادەم ئەۋەتتى. خان يەركەننىڭ بارلىق ئەمەلدار، لەشكەرلىرىنى ياردەمگە ئەۋەتتى. سېگگى تۇيۇپ قېلىپ، كېرىيىنى قويۇپ ئەجيان تەرەپكە كەتتى. خان نىيىدىن ئۆتۈپ، سېڭگىنىڭ يولى توسۇلسۇن دەپ لەشكەرلەرگە بۇيرۇق قىلدى. سېگگى بىلەن ئۇچرىشىپ قاتتىق ئۇرۇش بولدى. يولۋاسخان، خاندىن بىر قىسىم ئادەملەرنى ئېلىپ ئۆز قوشۇنىغا قوشۇشنى تەلەپ قىلغانىدى. سېڭگى تاغمۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكۇدەك دەرىجىدە ئۈچ قېتىم ناھايىتى قاتتىق ھۇجۇم قىلدى. لېكىن مىرزاتېنىبەگ ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن قوشۇننىڭ ئالدىدا پىيادە يۈردى. سېگگىنىڭ ھۇجۇملىرىغا بەرداشلىق بېرىپ تەۋرىمىدى، بىر چاغدا سېڭگى قايتىپ سۈلھى تەلەپ قىلدى. لەشكەر ئىچىدىن خان بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدى. ......

خان يولۋاسخانغا يۈرۈش قىلىشنى نىيەت قىلىپ، ئاقسۇدىكى ئوغلى نۇرىدىن خان بىلەن بىرلەشتى. خان ۋە نۇرىدىن خانلار تۇيغۇت دېگەن يەردە ئۇچرىشىپ ھەممىسىنى قاراۋۇللۇققا ئەۋەتتى. بىر كېچە ئۆتكەندىن كېيىن يولۋاسخان قېچىشنىڭ قەستىنى قىلىپ، ئەمەلدارلىرىنى ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ئۆزى بولسا يېرىم كېچىدە سېپىلنىڭ تېمىنى تېشىپ بەدەر قاچتى. ئابدۇللاخان قەشقەر مەملىكىتىنىمۇ نۇرىدىن خانغا بېرىۋەتتى، خان كۆ-

چادا تۇرۇپ قالدى. ... بۇ ئارىدا يولۋاسخان ئوجۇرتىنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەر مەملىكىتىگە كەلدى.»

يۇقىرىقىلار سىيىتنىڭ يەركەن خانلىقىغا قاراتقان مۇداخىلىسىگە ئائىت دەسلەپكى خاتىرىلەر بولۇپ، سىيىتى كۈچلۈك دۈشمەن سۈپىتىدە ئابدۇللا خاننىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولغاندا، ئابدۇللا خان ئوغلى يولۋاسخان بىلەن ئاداۋەتلىشىپ قالغانىدى. كېيىن ئابدۇللا خان ئاقسۇدىكى ئوغلى نۇرىدىن خان بىلەن بىرلىشىپ، يولۋاسخاننى قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىپ، نۇسرەت بىلەن يەركەنگە قايتىپ كۈچادا بىر مەزگىل تۇرغان بولسىمۇ، يولۋاسخان سىيىتنىڭ سادىق ھەمكارلاشقۇچىسى خوشۇت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئوجۇرتىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنىدى. ئوجۇرتىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ئەمەلىيەتتە سىيىتى باشچىلىق قىلىۋاتقان جۇڭغار خانلىقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش بولۇپ، سىيىتى كېرىيىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئاۋۋال مانا مۇشۇ ئوجۇرتىنىڭ ئوغلى غالدامە ئاقسۇ ۋە قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ قايتىپ كەتكەنىدى. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خانلىقىغا قاراتقان سىياسىتىدىكى يەنە بىر قېتىملىق ئۆزگىرىش بولۇپ، ئەمدىلىككە كەلگەندە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ توغرىدىن ـ توغرا ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانماي، بەلكى تەخت ماجىراسىغا ئاشكارا ئارىلىششقا باشلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك تەرەپ بولۇپ، ئابدۇللاخان ئوغلى يولۋاسخاندىن مەغلۇپ بولۇپ تاجۇ ـ تەختىنى تاشلاپ، ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن، ئىسمايىلخان بىلەن يولۋاسخاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرادا تېخىمۇ گەۋدىلەنگەنىدى. لېكىن سىيىتى باشچىلىق قىلغان ئويراتلارنىڭ جۇڭغار خانلىقىنىڭ يولۋاسخاننى قوللاش دەرىجىسىمۇ، يولۋاسخاننىڭ ئەمەلىي كۈچىگە قاراپ ئۆزگىرىپ بارغانىدى. شۇنىڭدەك ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يەركەن خانلىقىغا قاراتقان

مۇداخىلىسىنى ئۆز گۇماشتىلىرىنى تاللاش دەرىجىسىگىچە يەت-
كۈزگەنىدى. ئومۇمەن يەركەن خانلىقىغا ئابدۇللا خاندىن كېيىن
خان بولغان يولۋاسخاننىڭ قىسقىغىنە بىر يىلدىن ئارتۇق سەلتە-
نەت دەۋرىدە يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇنىڭ راۋاجى
1680 ـ يىلىدىكى مۇنقەرز بولۇش ۋەقەسىدىن بىرقانچە يىل
ئاۋۋال يۈز بەرگەن يەنە بىر قېتىملىق زور ۋەقەدۇر. شۇ سەۋەب-
لىك شاھ مەھمۇد جوراس يەركەن خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇش
جەريانىدىن كۆرە، بۇ ۋەقە توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي توختالغان-
دى:

«خان تەيجىنىڭ ④پىكرىگە قوشۇلۇپ، سېگگىگە تاقابىل
تۇرۇش ئۈچۈن يولغا چىقتى. قاتتىق ئۇرۇش بولدى. ئىسلام
تەرەپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، مىرزا ھاكىمبەگ شېھىتلىك شەر-
بىتىنى ئىچتى.... سېڭگى ئەنۋەربەگنىڭ تۇغىنى ئەركابەگ ئارقى-
لىق يولۋاسخانغا ئەۋەتىپ، ئاقسۇ تەرەپكە كېلىشكە قىزىقتۇردى.
يولۋاسخان ئاقسۇ تەرەپكە لەشكەر تارتىپ راۋان بولدى، ئارال
دېگەن جايدا سېڭگى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇچتۇرپان ناھىيىسىگە
مېڭىشتى. ئۇچتۇرپان قورغىنىدا ئىستىھكام قۇرغان ئادەملەر
يولۋاسخانغا ئوت ئېچىشقا ئالدىراشتى. قورشاۋ ئۇزۇنغا سوزۇل-
دى. يولۋاسخاننىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ باشلىقى مىرزا ئەلى شاھ
قەشقەر، يەركەننىڭ بىر بۆلۈك مىرزادىلىرى بىلەن ئۇچتۇرپان
دەرۋازىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇچتۇرپاننىڭ سىرتقى دەرۋازىسىنى
ئىگىلىۋالدى. ئۇچتۇرپاننىڭ ئادەملىرى يەنە كۈچ چىقىرىپ قوغ-
لاپ چىقاردى. بۇ جەرياندا 300 دەك ئادەمنى ئۆلتۈردى. سېڭگى
تويغۇت تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ، تويغۇتنىڭ باشلىقى سېتىۋالدىنى
ئۆلتۈرۈپ، تويغۇتنى تۇتۇپ، يولۋاسخاننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى.
يولۋاسخان سېڭگىدىن ئەندىشىگە چۈشۈپ كەلگىنىگە پۇشايمان
قىلدى. ئۆز يېقىنىنىڭ پىكرى بويىچە مەملىكەتنى سېڭگىگە
تاپشۇرۇپ، ئۆزى ئاتىسىنىڭ خىزمىتىگە بېرىشنى قارار قىلدى.

سېڭگى دۆلەتنى يولۋاسخاننىڭ كىچىك ئوغلى ئەبۇسەئىد سۇلتانغا
بېرىپ، مىرزا ئەلى شاھنى ئۇنىڭ ئاتالىقى قىلىپ، ئىسپەندىيار
بەگنى قەشقەر ھۆكۈمىتىگە ئېلان قىلدى.»

دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن ناھايىتى ئېنىقكى، ئابدۇللا خاندىن
كېيىن يەركەن خانلىقىغا خان بولغان يولۋاسخاننىڭ تەختكە چى-
قىشى ۋە ئۇنىڭ ئەندىشىگە چۈشۈپ، قەشقەرگە قايتىپ كېتىشى،
پۈتۈنلەي جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خانلىقىغا قاراتقان سىياسى-
تىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن
يولۋاسخاننىڭ ئەمەلىيەتتە سېڭگىنىڭ قول ئاستىدىكى سادىق بىر
گۇماشتىغا ئايلىنىپ قېلىش دەرىجىسىگىچە بېرىپ يەتكەنلىكىنى
كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ھالبۇكى جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خانلى-
قىدىن گۇماشتا ئىزدەش دەرىجىسى، ئىسمايىلخاننىڭ غەلىبىسى
ۋە سېڭگىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن بىر ئىزدا توختاپ قالغان بولۇپ،
تاكى يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇ-
بىنى ئۆز گۇماشتىلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگۈچىلىك ئالدىراپ ئۆزلى-
رىنىڭ بۇنداق مەقسىتىگە يېتەلمىگەنىدى. پەقەتلا ھايات - ماما-
تلىق بىر قېتىملىق پاجىئەدىن ئىبارەتتۇر. روسۇنكوۋەن: «ئالا-
ھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، جۇڭغار خانلىقى
1660 - يىلىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن سېڭگى تەڭرى تېغىنىڭ
جەنۇبىغا كېڭەيىشكە باشلاپ، قەشقەرنى ئىگىلەپ تۇرغان يول-
ۋاسخاننى قوللىدى، شۇنىڭدەك ئۇزاق ئۆتمەي يەركەندە قورچاق
ھاكىمىيەت قۇردى» ⑤ دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قاراش سەل
مۇتلەقلەشتۇرۇۋەتكەنلىك بولۇپ، يەركەن خانلىقىنىڭ تەختىگە
ئىسمايىلخان ئالماشقىچە بولغان جەرياندا، يولۋاسخاننىڭ سېڭگىگە
قانداق پوزىتسىيە تۇتقانلىقىغا دىققەت قىلىنمىغانىدى. بۇ ھەقتە
شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ ئەسىرىدە يەنە «يولۋاسخان قايتتى، ئۇ
سېڭگى بىلەن قىلىشقان گەپلىرىدىن يېنىپ، پۇقرالارنىڭ بېشىغا
زۇلۇم قولىنى ئۇزاتتى» دېگەن خاتىرە ئۇچرايدۇ. روشەنكى بۇ

سۆزنىڭ ئۇرامىدىن يولۋاسخاننىڭ تاكى ئۆلگىچە يەركەن خانلىقى-
نىڭ تەختىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكى يورۇتۇلغان بولۇپ، مۇنداقچە
قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ سىڭگىگە بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىۋالغان-
لىقى بىلىنىدۇ.

دەرۋەقە يولۋاسخاننىڭ قەشقەرگە قايتىشى، ئۇنىڭ خانلىق
ئورنىدىن ۋاز كەچكەنلىكى بولماستىن، بەلكى شاھ مەھمۇد جۇ-
راس كۆرسەتكەندەك پادشاھلىق ئورنىغا قايتىشى ئىدى. ئۇنىڭ
ئۆلتۈرۈلۈشى بولسا، مەركىزىي خانلىق دائىرىسىدىكى خەلقلەر-
نىڭ يولۋاسخانغا بولغان نارازىلىق كەيپىياتى ئاساسىدا، ئەمەلگە
ئاشقانىدى. بۇنىڭدا جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئۇنىڭ مەملىكىتىنى
مۇھاپىزەت قىلىشقا ئەۋەتكەن قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئەركابەگ
ئاساسلىق رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ سىڭگىنىڭ
كۆرسەتمىسى بويىچە شۇنداق قىلمىغانىدى، بەلكى يولۋاسخان
ئۆلگەن مىلادىيە 1669 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆت-
مەي، ئىسمايىلخان يەركەن خانلىقىنىڭ چوڭ خانلىق تەختىگە
ئولتۇرۇپ، ياندۇرقى يىلى سىڭگىنىڭ ئۆزىمۇ ئانا باشقا ئاكىلى-
رى چېچىن تەيجى ۋە چوتۇ باتۇرلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگە-
نىدى. ئەكسىچە ئەركابەگ بولسا ئىسمايىلخاننى ئاقسۇدىن يەركەن-
گە يۈرۈش قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ، ئىسمايىلخانغا ياردەملى-
شىپ، يولۋاسخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ كۈچ-
لىرىنى مەغلۇپ قىلىشىدا، زور خىزمەت كۆرسەتكەنىدى. شۇ-
نىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسمايىلخان، يەركەن خانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈ-
رۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا باش مىرابلىق ۋەزىپىسىنى ھەدى-
يە قىلغانىدى. بۇ ھال ئەركابەگنىڭ سىڭگىنىڭ تاپشۇرۇقى بى-
لەن قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە خۇددى شاھ
مەھمۇد جوراس كۆرسەتكەندەك پۇقرالارنىڭ ھالىغا يېتىش كەيپى-
ياتىنىڭ پەيدا بولۇپ، پەيدىنپەي سىڭگىدىن قول ئۈزگەنلىكىنى
ۋە سىڭگىنىڭمۇ يەركەن خانلىقى دائىرىسىدە گۇماشتا تاللاش

دەرىجىسىگە خاتىمە بېرىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يولۋاس-
خان قەشقەرگە كېتىشتىن ئاۋۋال مەملىكەتنى تاپشۇرغان كىچىك
ئوغلى ئەبۇسەئىد سۇلتانغا كەلسەك، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىسمايىلخان
بىلەن ئاقسۇدا تىركىشىۋاتقان بىر بۆلۈم كىشىلەرنىڭلا كاتتىۋېشى
بولالىغانىدى، خالاس. ھەرگىزمۇ يەركەن خانلىقىنىڭ چوڭ خان-
لىق سالاھىيىتى بىلەن سېڭگىگە قورچاق بولۇپ بەرمىگەنىدى.
شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىسمايىلخان تەختنى ئىگىلىگەندىن كې-
يىن، ئاكىسى ئابدۇلېتىپ سۇلتان بىلەن ئوخشاش بىر خىل
قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمىغانىدى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خان-
لىقىغا قاراتقان سىياسىتى، ئويراتلار تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا
ھەدەپ ئۆزلىرىنىڭ پائالىيىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋاتقان XVI
ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلانغانىدى.
بۇنىڭدا ئاساسەن ئۇلار تۇرپان ھۆكۈمرانلىرى بىلەن يەركەن ھۆ-
كۈمرانلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشكە ئارىلىشىشتىن باش-
لاپ، توغرىسىنى ئېيتقاندا، قايسى تەرەپ كۈچلۈك بولسا، شۇ-
نىڭغا يان باسىدىغان شامالغا قاراپ ئىش كۆرۈش سىياسىتىنى
قوللانغانىدى. XVII ئەسىرنىڭ 40 ـ ۋە 50 ـ يىللىرىغا كەلگەندە،
بۇ خىل نوقۇل ھالدىكى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەر-
تىپ، رەسمىي كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزدى. XVII ئەسىرنىڭ 60 ـ
يىللىرىدىكى ئەھۋال بولسا، تامامەن باشقىچە بولۇپ، سېڭگى
تەختكە چىقاندىن كېيىن، ئۇ يەركەن خانلىقىغا قارىتا ئاشكارا
مۇداخىلە يۈرگۈزۈپ، ھەتتا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە سادىق گۇ-
ماشتىلارنى تىكلەش دەرىجىسىگىچە بېرىپ يەتكەنىدى. بۇ ماھى-
يەتتە جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خانلىقىنى بويسۇندۇرۇش ھە-
رىكىتىنىڭ سېڭگىنىڭ دەۋرىدە باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەرسى-
مۇ، ئەمەلىيەتتە يەركەن خانلىقىغا قاراتقان سىياسىتى ۋە ئۇنىڭ
ئۆزگىرىش جەريانىدىنلا ئىبارەت بولغانىدى.

ئىزاھلار:

① بۇ تېمىدا پايدىلىنىدىغان شاھ مەھمۇد جۇراسنىڭ ئەسىرىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىللەر، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 - يىل ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان شاھ مەھمۇد جوراس نامىدىكى «سەئىدىيە خانداـ نلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

② چېن گاۋخۇا «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل، تۇرپانغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىل خەنزۇچە نەشرى 3 - بەت.

③ ئۇ. ف. ئاكومۇشكىن ئىزاھلاپ نەشر قىلدۇرغان شاھ مەھمۇد جۇراس نامىدىكى «تارىخ»، رو سۇنكۇەن يازغان «XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرـ ىلىرىدىكى قالماقلار ۋە شەرقىي تۈركىستان» ناملىق ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، خەنزۇچە تەرجىمىسى «موڭغۇلشۇناسلىققا ئائىت ماتېرىيال ۋە ئۇچۇرلار»نىڭ 1985 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان.

④ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان خان بىلەن تەيجى يەركەن خانلىقىنىڭ خانى ئىسمايىلخان بىلەن خويىت قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى يىلداڭ تەيجى (سۇلتان تەيشى) نى كۆرسىتىدۇ. بۇ نۆۋەت سېكىگى يولۋاسخاننى قوللاپ، يەركەن خانلىقىنىڭ تەخت ماجىراسىغا ئارىلاشقاندا، ئۇ ئىسمايىلخان تەرەپتە تۇرۇپ، سېكىگىگە قارشى تۇرغانىدى.

⑤ ئىزاھ ①دىكى رو سۇنكۇەننىڭ ماقالىسىگە قاراڭ.

# ئۈچىنچى باب

## جۇڭغار خانلىقىنىڭ تۇرپان ۋە قۇمۇل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

### 1. جۇڭغار خانلىقىنىڭ تۇرپان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۈچقا كۆچۈشىگە ئائىت مەسىلىلەر

تۇرپان X ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىم مەزگىلىگە ئائىت خوتەن ساك تىلىدىكى ھۆججەتتە «tturpana» ① شەكلىدە تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ ئەمما XIII ئەسىرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە «Turpan» ② شەكلىدە تىلغا ئېلىنغانىدى. بۇ ھال تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ تارىخىي جەريانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزگىچە مۇرەككەپ تارىخىي خاسلىقىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. يەنە كېلىپ بۇ قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ XIII ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن كېيىنكى تارىخىدا يۈز بەرگەن بەزى ئۆزگىرىشلەردىن روشەن پەرقتە ئىگە بولغاچقا، كېيىنكىسى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن بىر خىل ئامىلدىنلا ئىبارەت بولۇپ كەلگەنىدى.

جۇڭغار خانلىقىنىڭ تۇرپان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، دەل مۇشۇ خىلدىكى مۇناسىۋەت جۈملىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، گەرچە تۇرپان رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە زور داۋالغۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، بۇنىڭدا بىرقەدەر مۇھىمراقى جۇڭغار

ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تۇرپاننى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن بەزىبىر ۋەقەلەردۇر. بىراق بۇ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تۇرپان بىلەن بولغان دەسلەپكى مۇناسىۋىتى بولماستىن بەلكى بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى كۆرسىتەتتى.

جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تۇرپان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئويراتلار تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەزگىلدىلا كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. تارىخنامىلەردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ داۋامى بولغان ئېلبالىق ھاكىمىيىتى XV ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن كېيىن تۇرپان بوستانلىقىنى ئىشغال قىلغانىدى. ئويراتلارنىڭ تۇرپان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مانا مۇشۇ ئېلبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئويرات ھۆكۈمرانلىرى بىلەن بولغان سۈركىلىشىدىن باشلانغان بولۇپ، ئۇۋەيس ۋە مەنسۇر ھەم مەنسۇرنىڭ ئوغلى شاھخاننىڭ دەۋرىدىكى سۈركىلىشمۇ ئوخشاشلا، ئويرات ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تۇرپانغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىكىنى مەقسەت قىلغانىدى. ئەگەردە بۇنى ئويراتلارنىڭ ئېلبالىققا قاراتقان ئۇرۇشىنىڭ مەقسىتىنى ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلىرىنى قوراللىق قايىل قىلىش دەپ چۈشىنىپ، نوقۇل ھالدىكى بۇلاڭ - تالاڭ ئېلىپ بارمىغان ③ دەپ قارىغاندا، ئۇ ھالدا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ غالداننىڭ دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەرىكىتى تامامەن مۇشۇ مەقسەتنى چۆرىدەپ ئېلىپ بېرىلغان بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمەلىيەتتە بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئويراتلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ داۋاملىق غەربكە قاراپ كېڭىيىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى.

دەرۋەقە، ئويراتلارنىڭ تۇرپان بىلەن بولغان سۈركىلىشى، ئۇۋەيسخاننىڭ نەۋرىسى مەنسۇرنىڭ دەۋرىدە بىرقەدەر ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، ئويراتلار ئەينى ۋاقىتتا تۇرپان بىلەن چېگرىداش بولغان جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغانىدى. بۇ توغرىدا «قۇمۇل

ۋەقەسىگە ئائىت ئوردىغا يوللانغان مەكتۇپلار» دا تۇرپاندىن «شەرقتە قۇمۇل چېگرىسىغا بېرىش ئۈچۈن 600 چاقىرىم يول يۈرۈشكە، غەربتە كۇسەنگە بېرىش ئۈچۈن 700 چاقىرىم يول يۈرۈشكە، جەنۇبىدىن شىمالىغا بېرىش ئۈچۈن 100 چاقىرىم يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شىمالىي تاغنىڭ ئارقىسىدا ئويرات دازىلىرى ( 达子 ) ، جەنۇبىي تاغنىڭ ئارقىسىدا تۇرپان فەنزىلىرى ( 番子 ) بار، جەمئىي 15 ـ 16گە يېقىن چوڭ ـ كىچىك قەلئە بار، ھەربىر قەلئەنى بىردىن ئاتامان باشقۇرىدۇ. سۇلتان مەنسۇرنىڭ ئۆزى بىر توپا قەلئەدە تۇرىدۇ، قەلئەنىڭ دائىرىسى 2 چاقىرىمچە كېلىدۇ. جەنۇبى بىلەن شىمالىدا ئىككى دەرۋازىسى بار. شەھەر سېپىلىنىڭ شىمالىدا نەچچە غۇلاچ كېلىدىغان بىر ئېگىز سۇپا بار. ئۇ تۇرا دەپ ئاتىلىدۇ، سۇلتاننىڭ ئوغلى ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ. تۇرانىڭ ئۈستىدە بىر ئاسما كۆۋرۈك بار، كېچىسى ئېسىقلىق تۇرىدۇ» ④ دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك، مەنسۇرنىڭ دەۋرىدە ئويراتلار تۇرپان بوستانلىقىغا قىستاپ كەلگەن بولۇپ، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە بىخەتەرلىكىنى تەھدىتكە ئۇچاتقانىدى.

ئويراتلار بىلەن تۇرپان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش بەزىدە يەنە پەسىيىشكە قاراپ يۈزلەنگەن بولۇپ، مەسىلەن، «ئويراتلار بىلەن بىرلىشىپ، باشقا ۋاسسالارنىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ، شاجۇ بىلەن گۇاجۇغا تەھدىت سالغانىدى.» ⑤ ناھايىتى روشەنكى بۇ تۇرپان سۇيۇرغاللىقىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنىڭ كۈچەيگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئويراتلار كۆپ قېتىم تۇرپان ھۆكۈمرانلىرى بىلەن ياراشقانىدى. شۇنىڭدەك يەنە خەلقنىڭ تۇرمۇشىمۇ بىرقەدەر ئەمىنلىككە ئېرىشكەنىدى. تۇرپان بوستانلىقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئادەتتىكى نورمال تۇرمۇشى ھەققىدە، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىگىلىگەن مەلۇماتلىرىدا تۆۋەندىكىدەك خاتىرە ئۇچرايدۇ:

«ئۈنىڭ (مەنسۇرنىڭ) قول ئاستىدا ئەر ـ ئاياللاردىن بو-
لۇپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بار. قېرى ـ ئاجىزلىرىدىن باشقا
ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئوق ئاتالايدىغانلىرى 6 ـ 7 ـ مىڭ ئادەم
بىلەن چەكلىنىدۇ. كۈز ۋە قىش پەسلىدە قەلئەدە ئولتۇرىدۇ،
ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ قوغلىشىپ مال باقىدۇ
ياكى بەزىدە ئېقىنلارنىڭ بويىدا تېرىقچىلىق قىلىدۇ، بەزىدە ئوۋ-
چىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. سۇلتانمۇ ئادەتتە شىكارغا چىقىپ
تۇرىدۇ، شىكارغا چىققاندا ئاياللىرى ئۈنىڭ بىلەن بىرگە چىقى-
دۇ.» ⑥

يۇقىرىدىكى خاتىرە تۇرپان بوستانلىقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ
ئادەتتىكى تىنچ تۇرمۇشىنىڭ مەلۇم تەسۋىرى بولۇپ، 1544 ـ
يىلى مەنسۇر ئۆلگەندە، بىرمەھەللىك داۋالغۇشنى كەلتۈرۈپ چى-
قاردى. يەنى مەنسۇرنىڭ چوڭ ئوغلى شاھخان سۇلتان بولغانى-
دى. «شاھخان شىمالدىكى بەدەۋى (ئويراتلارنى كۆرسىتىدۇ)
لارنىڭ قوۋملىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغاندا، ئوق تېگىپ ئۆلگە-
نىدى. ماسۇ (مەسئۇت؟) ئۈنىڭ ئىنىسى بولغاچقا، قوۋمدىكىلەر
ئۇنى تەختكە چىقارغانىدى.» ⑦ بۇنىڭدىكى ماسۇ شاھخاننىڭ بىر
نەۋرە ئىنىسى بولۇپ، يەركەن خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى سەئىد
سىستېمىسىدىكى خانلار بىلەنمۇ بىر نەۋرە ئىدى. روسىيىلىك
ئاكۇمۇشكىننىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، ماسۇ (مەسئۇت)
ئەخمەت سىستېمىسىدىكى مەنسۇر، سەئىد قاتارلىقلارنىڭ ئىنىسى
بولغان ئەمىن خوجىنىڭ ئوغلى ئىدى. بۇ نۆۋەت ئۈنىڭ شاھخا-
نىڭ ئورنىغا تۇرپاننىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ تەيىنلىنىشى، تۇرپان
دائىرىلىرىنىڭ شاھخاننىڭ ئۆز ئىنىسى مۇھەممەد سۇلتاننىڭ،
تۇرپان سۇلتانى بولۇشىغا قايىل بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك
بولۇشى مۇمكىن. بۇ توغرىدا مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت
تارىخي مەنبەلەردە «تۇرپاندىكى قەلئەلەرنىڭ كاتتىۋاشلىرى مۇ-
ھەممەد خاننى رەھىمدىل ئەمەس دەپ قارىدى ھەمدە قوۋمدىكىلە-

ـرى ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۆرۈندى» ⑧ دەپ خاتىرىلەنـ.
گەن. ناھايىتى ئېنىقكى بۇنىڭدىكى مۇھەممەدخان ئابدۇرەشىت
خاننىڭ ئوغلى مۇھەممەدخان بولماستىن، بەلكى مەنسۇرخاننىڭ
ئىككىنچى ئوغلى يەنى شاھخاننىڭ ئىنىسى مۇھەممەد سۇلتان
بولۇشى كېرەك.

مەنسۇر ھايات چېغىدا سەئىد بىلەن بىر ئانىدىن بولغان
ئىنىسى ئەمىن خوجا، يەركەنگە كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يەنە
بىر ئىنىسى باباچا ۋە ئىككى ئوغلى بىلەن قۇمۇلدىن كۇچاغىچە
بولغان جايلارنى ئىدارە قىلغانىدى. بۇ جەريان يەركەن خانلىقى
دەۋرىگە ئائىت تارىخىي مەنبەلەردە كۆرۈلۈشتىن تاشقىرى يەنە
مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي خاتىرىلەردىمۇ كۆپ ئۇچـ.
رايدۇ. مەسىلەن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جاڭ يۇ يازـ.
غان «چېگرا رايونلار توغرىسىدا تەھسىل» دە مۇنداق خاتىرىلەنـ.
گەن:

«تۇرپاننىڭ ھۆكۈمرانى سۇلتان مەنسۇر ئىنىسى باباچانى
كۇچادا، چوڭ ئوغلى شاھسۇلتاننى چالىشتا تۇرغۇزدى، ئىككىنـ.
چى ئوغلى مۇھەممەد قۇمۇلنى ئىگىلەپ، ھەرقايسىسى ئۆز جايىـ.
نى ساقلاپ تۇردى.» ⑨

مەنسۇرخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەد سۇلتان شاھخان
تۇرپاننىڭ ھۆكۈمرانى بولغاندا، قۇمۇلنى بازا قىلىپ، ئويراتلار
بىلەن بىرلىكتە، ئاكىسىغا قارشى تۇرغانىدى. مۇشۇ مەنىدىن
ئالغاندا، شاھخاننىڭ ئويراتلارغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشى،
نوقۇل ھالدىكى بۇلاڭ ـ تالاڭدىن سىرت، ئىنىسى بىلەن ئويراتـ.
لارنىڭ بىرلەشمە تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىق
تۇرىدۇ. ئەمما مىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخنامىلىرىدە شاھخاندىن
كېيىن تۇرپان سۇيۇرغاللىقىغا خان بولغان سۇلتانلارنى ئارىلاشـ.
تۇرۇۋەتكەچكە، كەينى ـ كەينىدىن بىرقانچە سۇلتانلارنىڭ نامىـ.
نى تىلغا ئالىدۇ. شۇنداقتىمۇ مۇھىم بىر يىپ ئۇچى كۆرسىتىپ

بىرلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا نۆۋەتتىكى بىر ئابزاس خاتىرىگە ئەھ-
مىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ:
«تۇرپاندىكى ماسۇ شاھخانغا يىراق شەرەم ئاكا بولغاچقا،
كونا قائىدە بويىچە خان بولسا بولمايتتى. پەقەت ئاكا - ئۇكىلىق
سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان كىشىلا، تۇرپانغا خان بولسا بولاتتى،
شۇڭا ماسۇ ئاتا - بالا ئىككىيلەن يەركەنگە تۇتۇپ ئەۋەتىپ بېرى-
لىپ، تۇرپانغا مۇھەممەد سۇلتاننىڭ ئۆزى خان بولدى.» ⑩
يۇقىرىدىكى خاتىرىگە ئاساسلانغاندا تۇرپان سۇيۇرغاللىقىغا
ماسۇدىن كېيىن مەنسۇرخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەد سۇل-
تان بىرمەھەل خان بولۇپ، بۇنىڭدىكى ئۇقۇشماسلىق مەھەممەد
سۇلتاندىن كېيىنمۇ تۇرپانغا زادى قايسى سىستېمىدىكى سۇلتان-
لارنىڭ خان بولغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەھمىيەت بې-
رىشكە تېگىشلىك نۇقتا بولۇپ، بۇ يەردە شاھ مەھمۇد جوراس
نەقىل كەلتۈرگەن تۆۋەندىكى خاتىرىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ:
«ئابدۇرەھىمخان ئابدۇرەشىتخاننىڭ كىچىك ئوغلى ئىكەن،
مۇھەممەدخان (ئابدۇرەشىت خاننىڭ بەشىنچى ئوغلى) ئۇنى مىر-
زا شاھنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن چالىش، تۇرپان تەرەپكە پادىشاھ-
لىققا ئەۋەتكەنىكەن، ئۇ چاغلاردا قۇرەيش سولتاننىڭ ئوغلى
خۇدابەندى سۇلتان «تۆكە خان» دېگەننىڭ ياردىمى بىلەن چا-
لىش، تۇرپاننىڭ ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغانىكەن.» ⑪
دېمەك، مەنسۇرخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەد سۇلتان-
دىن كېيىن تۇرپان سۇيۇرغاللىقىنىڭ ھوقۇقى سەئىد سىستېمى-
سىدىكى سۇلتانلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولۇپ، ئابدۇرەشىتخاننىڭ
كىچىك ئوغلى ئابدۇرەھىمخان ئۇ يەرلەردە 40 يىل مۇستەقىل
پادىشاھلىق قىلغانىدى. يەنى ئابدۇرەھىمخان ئاكىسى مۇھەممەد-
خان تەرىپىدىن XVI ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن باشلاپ تۇرپان
سۇيۇرغاللىقىنى ئىدارە قىلغانىدى، بۇ مەنسۇرخاننىڭ ئوغلى مۇ-
ھەممەد سۇلتان تۇرپان سۇيۇرغاللىقىنىڭ تەختىگە چىققان

1570 ـ يىللاردىكى ۋاقىتقا ئۇيغۇن كېلىدۇ. مىڭ سۇلالىسى
دەۋرىگە ئائىت تارىخىي مەنبەلەردە مۇھەممەد سۇلتاننى قۇرەيش
سۇلتانىنىڭ ئۇچىنچى ئىنىسى دەپ خاتا يېزىپ قويغان بولىشىمۇ،
ئۇنىڭ تۇرپان سۇيۇرغاللىقىنىڭ تەختىگە تۆت يىل ئولتۇرغانلىقى-
نى مۇئەييەنلەشتۇرگەنىدى. بۇنداق بولغاندا ئابدۇرەھىمخان تۇر-
پان سۇيۇرغاللىقىنىڭ تەختىگە 1574 ـ يىلىدىن باشلاپ ۋارىس-
لىق قىلغان بولىدۇ.

تۇرپان سۇيۇرغاللىقىنىڭ تەختىنىڭ مەنسۇر سىستېمىسىدىن
سەئىد سىستېمىسىنىڭ قولىغا ئۆتۈشى، تۇرپان بوستانلىقىغا بىر
مەزگىللىك ئەمىنلىكنى ئېلىپ كەلگەنىدى. نەتىجىدە ئىلگىرى
يەككە ـ يېگانە تۇرۇپ كەلگەن تۇرپان سۇيۇرغاللىقى ئەمدىلىككە
كەلگەندە، تاشقى دۈشمەننىڭ تەھدىتىگە يەركەن خانلىقىنىڭ باي-
رىقى ئاستىدا تاقابىل تۇرىدىغان بولدى. لېكىن سەئىد سىستېمى-
سىدىكى سۇلتانلارنىڭ تۇرپانغا ئۇزاق مۇددەت ھۆكۈمرانلىق قى-
لىشى ۋە ئاكا ـ ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىنى
تاغا ـ جىيەنلەر ھەمدە جىيەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ
ئىگىلىشى، مەركىزىي خانلىقنىڭ ھوقۇقىنى زور دەرىجىدە ئا-
جىزلاشتۇرۇۋەتتى. ئىچكى ئىناقسىزلىق مۇقەررەر خانلىقنىڭ
تەھدىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتكەچكە، ئويراتلارنى يەركەن خانلى-
قىغا قارىتا ئاشكارا مۇداخىلە قىلىشتىن ئىبارەت پايدىلىق پۇر-
سەت بىلەن تەمىن ئەتتى. بولۇپمۇ تۇرپان سۇيۇرغاللىقىنىڭ
ئابدۇرەھىمخاندىن كېيىنكى ھۆكۈمرانلىرى، ئۆزلىرىنىڭ يەر-
كەن خانلىقى بىلەن بولغان سۇركىلىشىدە ئويراتلارنى ئىتتىپاقچى
قاتارىدا كۆرگەچكە، ئويراتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە پەيدىن-
پەي پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا
يەركەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىمۇ، ئۆزىنىڭ شەرقىي قىسمى-
دىكى سۇيۇرغاللىقىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتكە ئانچە دىققەت
قىلمايدىغان بولۇپ قالدى.

XVII ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، جۇڭغار خانلىق-
نىڭ قۇرۇلۇشى، ئويراتلارغا شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا زور
ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلگەچكە، يەركەن خانلىقى بىلەن بولغان
مۇناسىۋەتتە، تۇرپان بىلەن قۇمۇلنى ئاجىز نۇقتا دەپ ھېسابلى-
دى. روشەنكى بۇ ئەھۋال خېلى بىر مەزگىل داۋام ئەتكەن
بولۇپ، سېڭگى ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى غالداننىڭ سەلتەنەت دەۋرىدە،
تېخىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بولۇپمۇ غالداننىڭ دەۋرىگە كەلگەن-
دە ئۇ، تۇرپان سۇيۇرغاللىقىنىڭ ھۆكۈمرانى بابىخاننىڭ پەرزەنت-
لىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، 1679 ـ يىلى
7 ـ ئايدا تۇرپاننى ئىشغال قىلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭغار
ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان تۇرپان سۇيۇرغاللىقىغا
يۈرگۈزۈپ كەلگەن سىياسىتىدە بۇرۇلۇش يۈز بېرىپ، بىردىنلا
ئۇلارنى تۇرپاننىڭ ۋاستىچى ھۆكۈمرانلىرىغا ئايلاندۇردى. سى-
ۋان راپتاننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، تۇرپان رايونىدىكى ھۆكۈمران-
لىقنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، پۈتكۈل تۇرپان رايونىدىكى
ئۇيغۇرلارنى جۇڭغار خانلىقى ئۈچۈن تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئالبا-
تۇلارغا ئايلاندۇردى. بۇ توغرىدا «غەربىي چېگرا ھەققىدە قىسقىچە
مەلۇمات» دا تۆۋەندىكىدەك خاتىرە قالدۇرۇلغانىدى:

«قىزىلدىن پىچان بېكىتىگىچە بولغان ئارىلىق 20 چاقىرىم
كېلىدۇ. پىچان شەھىرىدە 3 ـ 4 يۈزچە ئۆيلۈك ئادەم بار،
ھەممىسى ئويراتلاردىن بولغان سىۋان راپتاننىڭ قول ئاستىدىكى
ئۇيغۇرلار بولۇپ، تېرىقچىلىق قىلىپ كۈننى ئالىدۇ، پىچان
شەھىرىنىڭ كاتتىۋېشى ھاكىمبەگ دەپ ئاتىلىدۇ. پىچان شەھى-
رىدىن لەمجىن دېگەن جايغىچە 80 چاقىرىم يول يۈرۈشكە توغرا
كېلىدۇ. لەمجىن قەلئەسىنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈزچە ئۆيلۈك
ئادەم بار، ئۇلارمۇ سىۋان راپتانغا قاراشلىق ئۇيغۇرلار ھېسابلى-
نىدۇ. كاتتىۋېشى قاشقا دورغا دېگەن كىشىدۇر. ......
لەمجىندىن سېڭگىم قەلئەسىگىچە 60 چاقىرىم، سېڭگىمدىن تۇر-

پانغىچە 100 چاقىرىم يول يۇرۇشكە توغرا كېلىدۇ. تۇرپان شەھىرىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇدىغان سۇلتان ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ 2 مىڭدىن ئاشىدۇ، ئۇلارمۇ تېرىقچىلىق قىلىپ، قوغۇن - تاۋۇز، ئۈزۈم قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ، بۇ جاي بەكلا ئىسسىق، تۇرپاننىڭ شىمالىدا بۇغدا تېغى دەيدىغان چوڭ بىر تاغ بار، تۇرپان بىلەن بولغان ئارىلىقى 30 - 40 - چاقىرىمچە كېلىدۇ. تاغنىڭ ئىچىدە ئاشتۇزى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. تۇرپاندىن بۆگەن دېگەن جايغىچە 60 چاقىرىم يول يۇرۇشكە توغرا كېلىدۇ. بۆگەندىن يىلانلىق دېگەن جايغىچە 100 چاقىرىم يول يۇرۇشكە توغرا كېلىدۇ، يوللىرى كەڭ ۋە تاش - شېغىللىق. يىلانلىق دېگەن جاي كۆلگە ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇلاق سۇلىرىدىن ھاسىل بولغان ئېقىن بويلىرىدا قۇمۇش ئۆسىدۇ، ياز كۈنلىرى يول يۈرگەندە، يىلان كۆپ چىلىقىدۇ. ئەتراپىدا پۈتۈنلەي سۋان راپتاننىڭ جەمەتىدىكى ئاغىلىرى بىلەن تەيجى خانلارغا قاراشلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەرلىرى بار.» ⑫

«غەربىي چېگرا ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات» دا تىلغا ئېلىنىدىغان يۇقىرىدىكى خاتىرە، تۇرپان رايونىنىڭ سۋان راپتان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدىكى تارىخىغا ئائىت ۋەقەدۇر. قارىماققا ئۇ جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ خېلى مۇستەھكەملىكىدىن دېرەك بەرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سۋان راپتاننىڭ غالدانىنىڭ كونا سىياسىتىنى يولغا قويۇشى، چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ھەربىي توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تۇرپان ئەينى مەزگىلدە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ جۇڭغارلارغا زەربە بېرىشتىكى يۈرۈش قىلىش ھەربىي نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلگەچكە، كۆچلەر دائىرىسىنىڭ تالىشىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. «XVIII ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى چىڭ سۇلالىسى كۆچلىرىنىڭ تۇرپانغا كىرىپ ئورۇنلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ جاي-

لارنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى.» ⑬ شۇنىڭدەك غالدان ھالەك بولغاندىن كېيىن، قۇمۇلنىڭ تارخانبېگى ئەبەيدۇللانىڭ چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشى، تۇرپان رايونىدىكى يەرلىك ھۆكۈمدارلارنىڭ ئارىسىدىمۇ بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ تەبىئىيكى يەنە شەرقىي شىنجاڭ رايونىنى ئىگىلەپ، قۇمۇل ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولىدىغان سودا مەنپەئەتنى كونترول قىلىشنى كۆزلىگەن جۇڭغار خانلىقىنىڭ پىلانىنى بەرپات قىلىۋەتكەچكە، ئىقتىسادىي جەھەتىمۇ زور زىيان ئېلىپ كەلدى، قىسقىسى، غالداندىن كېيىن قۇمۇل ۋە تۇرپاندا يۈز بەرگەن بەزى ئۆزگىرىشلەر، جۇڭغار خانلىقىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزگەچكە، سىۋان راپتان تۇرپان رايونىدىكى ئاھالىلەرنى باشقۇرۇشقا قارىتا، ئايرىم تەدبىرلەرنى قوللىنىشنى ئەۋزەل بىلدى.

سىۋان راپتاننىڭ تۇرپان رايونىدىكى ئاھالىلەرنى باشقۇرۇشقا قارىتا قوللانغان تەدبىرى، چىڭ سۇلالىسى شەرقىي شىنجاڭ رايونىدا قەدەممۇقەدەم ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىۋاتقان شارائىتتا يولغا قويۇلغان بولغاچقا، زور داۋالغۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇرپان رايونىدىكى يەرلىك ئەمەلدارلار ئەينى ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسىپەرەس ۋە جۇڭغارپەرەس دەپ بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. جۇڭغار پەرەس كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى ئېزىز خوجا، جۇڭغارلارنى قوللاپ، بىر بۆلۈم ئۇيغۇرلارنى جۇڭغار خانلىقىنىڭ دائىرىسىدىكى ئۇچقا كۆچۈردى. بۇ تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىمىن خوجا باشچىلىقىدىكى ئىچكىرىگە كۆچكەن بۆلىكىدىن باشقىلىرىنىڭ كۆچۈشى بولغاچقا، تارىختا تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇچقا كۆچۈشى دەپ ئاتىلىپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇچتۇرپاننىڭ تارىخىدىمۇ مۇھىم دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە بولۇپ قالدى.

ئۇچتۇرپان تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا، قۇرغاق تەكلىماكان

قۇملۇقىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىگە جايلاشقان، شىنجاڭدىكى
تەبىئىي شارائىتى ياخشى ناھىيىلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئەسلىدە غەر-
بىي يۇرتتىكى 36 بەگلىك ۋە كېيىن كۆپەيگەن 54 بەگلىكنىڭ
بىرى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى تارىخىي
دەۋرلىرىگە ئائىت يازما مەنبەلىرىدە، ئۇچتۇرپان توغرىسىدا قىم-
مەتلىك مەلۇمات قالدۇرۇلغان. مەسىلەن، «خەننامە. غەربىي
يۇرت تەزكىرىسى»دە «ۋېنسۇ بەگلىكىنىڭ خانى ۋېنسۇ شەھىرىدە
تۇرىدۇ، تۈتۈنى 2200، نوپۇسى 8400 نەپەر، يارامىلىق ئەسكە-
رى 1500 نەپەر» دېيىلگەن. «خەننامە. قۇم بەگلىكى تەزكىرى-
سى»دە «ۋاڭ ماڭنىڭ دەۋرىدە قۇم بەگلىكىنىڭ خانى چېڭ
ۋېنسۇ بەگلىكىنىڭ خانىنى ئۆلتۈرۈپ، ۋېنسۇ بەگلىكىنى ئۆزىگە
قوشۇۋالغان» دېيىلگەن. «كېيىنكى خەننامە. بەن چاۋنىڭ تەر-
جىمىھالى»دا «قۇم بىلەن ۋېنسۇدىن ئىبارەت ئىككى بەگلىك
كۇسەن بەگلىكى تەسىس قىلغان مەخسۇس ئورگانلار تەرىپىدىن
باشقۇرۇلاتتى» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرى-
سى»دە «يەنە 600 چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن بارخان
قەلئەسىگە بارغىلى بولىدۇ، بۇ قەلئە ۋېيرۇڭ قەلئەسى دەپمۇ
ئاتىلىدۇ، ئۇ قۇم ئايمىقى بولۇپ، جەنۇب تەرىپى تارىم دەرياسىغا
يېقىن ...... بارخان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىن تارىم دەريا-
سىغا 120 چاقىرىم يول بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىچىك تاش قەلئەسى-
گە بارغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن يەنە 20 چاقىرىم يول يۈرگەندە
ئۇچنىڭ چېگرىسىدىكى توشقان دەرياسىغا يەتكىلى بولىدۇ. ئۇ-
نىڭدىن يەنە 60 چاقىرىم يول يۈرگەندە چوڭ تاش قەلئەسىگە
بارغىلى بولىدۇ، بۇ ئۇچ بولۇپ ۋېنسۇ ئايمىقى دەپ
ئاتىلىدۇ» ⑭ دېيىلگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئۇچ —
مەشھۇر بىر شەھەرنىڭ نامى»، «توشقان دەرياسى — ‹ئۇچ›
شەھىرىگە ئاقىدىغان بىر دەريانىڭ نامى»، «چاغلا — ئۇچ شەھە-
رىنىڭ چېتىدىكى بىر يايلاقنىڭ ئېتى» ⑮ دېيىلگەن. «قۇتادغۇ-

بىلىك»دە «قاراخانىيلار خانلىقى مەزگىلىدە «u č ordu» ⑯
نامىدىكى بىر بەگلىكنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.
ھالبۇكى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بەزى ئەسەرلەر
بىلەن، XX ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى قايتا نەشر قىلىنغان قامۇس-
لاردا، ئۇچتۇرپان «خەن دەۋرىدىكى سەپەرباي بەگلىكى
(尉头国) نىڭ ئورنى ئىدى» ⑰، «شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدى-
چە سەپەرباي بەگلىكى دەپ ئاتالغان. سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە
سۇلى بەگلىكىگە تەۋە بولغان، چيەنلۇڭ يىللىرىدا ئۇچتۇرپ-
ان دەپ ئۆزگەرتىلگەن» ⑱ دەپ قارالغاچقا، نۆۋەتتە ئايرىم
تەتقىقاتچىلار قەدىمكى ۋېنسۇ بەگلىكى (温宿国) بىلەن ھازىر-
قى ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى (温宿县) نى بىر دەپ قاراپ،
ۋېنسۇ بەگلىكىنىڭ نامىنى «urunsu» دەپ ترانسكرىپسىيە قىل-
دى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس ئىدى.

قەدىمكى ۋېنسۇ بەگلىكىنىڭ ئورنى ھازىرقى ئۇچتۇرپان
دائىرىسىدە ئىدى. بۇ چۈشەنچە «خەننامە» ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك
ئەسەرلەردە خاتىرىلەنگەن يول ئارىلىقىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.
مەسىلەن، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە «ۋېنسۇ بەگ-
لىكىدىن شەرقتە قۇم بەگلىكىگە بېرىش ئۈچۈن 270 چاقىرىم
يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ» دېگەن مەلۇمات ئۇچرايدۇ. «خەننا-
مە»دە خاتىرىلەنگەن بۇ يول ئارىلىقىنىڭ ھازىرقى يول ئارىلىقى-
دىن ئانچە چوڭ پەرقى يوق بولۇپ، بۇنىڭغا ھازىرقى كونا شەھەر-
نىڭ ئۇچتۇرپان بىلەن بولغان يول ئارىلىقىنى قوشۇپ ھېسابلى-
غاندا، پەرق تېخىمۇ كىچىك بولىدۇ. بۇ ھەقتە «شىنجاڭ ھەققى-
دە تەپسىرات» دىمۇ «كونا شەھەر ئۆتىڭىدىن ئۇچتۇرپان مەھكى-
مىسىنىڭ ئۆتىڭىگە بېرىش ئۈچۈن جەمئىي 270 چاقىرىم يول
يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ» ⑲ دېگەن ئېنىقلىما ئۇچرايدۇ. ئەمما
ئۇنىڭدىكى ئۇقۇشماسلىق، قەدىمكى قۇم بەگلىكىنىڭ ھازىرقى
كونا ۋە يېڭى شەھەرنىڭ زادى قايسىسىدا ئىكەنلىك مەسىلىسى

بولۇپ، ئىلگىرى مۇھاكىمە ئېلىپ بارغانلارنىڭ ئارىسىدا بىر قانچە خىل قاراش بار، ئومۇملاشتۇرغاندا ئۇلار، «جۇڭگونىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان باي ناھىيىسى دائىرىسىدە دېگەن قاراش؛ ئا. ستەيىن، پ. پېللىئوت، گرېنارد ۋە جاڭ شېڭلياڭ قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قوي-غان ئاقسۇ دائىرىسىدە دېگەن قاراش؛ خۇاڭ ۋېنبى ئوتتۇرىغا قويغان مۇزئارت دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى قىرتاغدىكى قالماق شەھىرىدە دېگەن قاراش؛ فېڭ چېڭجۈن ئوتتۇرىغا قويغان ئاقسۇ كونا شەھەردە دېگەن قاراش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر كەڭ تارقالغىنى ئاقسۇ كونا شەھەر نام-لىق كېيىنكى قاراشتۇر.

دەرۋەقە، قەدىمكى قۇم بەگلىكىنىڭ ئورنى ھازىرقى ئاقسۇ كونا شەھەر دائىرىسىدە بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قەلئە دەپ ئىككى چوڭ شەھەر قەلئەسى بار ئىدى. جەنۇبىي قەلئە ئوخشاشلا خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇم بەگلىكى بىلەن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بارخان بەگلىكىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئۇ-نىڭ ھازىرقى ئورنى بولغان قارا يۇلغۇن 1902 ـ يىلىدىكى كونا شەھەرنىڭ ئون چوڭ يېزا ـ كەنتىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ خىل ھۆكۈم بەزى ئالىملار تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئېتىراپ قى-لىنغانىدى ⑳. قىسقىسى جەنۇبىي قەلئە بىلەن شىمالىي قەلئەنىڭ گورىزونتال يۆنىلىش بويىچە بىر ـ بىرىگە ماس جايلاشقانلىقى-دىن، شۇنىڭدەك «يېڭى تاڭنامە» نىڭ «جۇغراپىيە» ۋە «غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى يول ئارىلىقلىرى بىلەن شۇەنزاڭ خاتىرى-لىگەن بارخان بەگلىكىنىڭ دائىرىسى ھەققىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، شەكسىزكى، مەيلى قەدىمكى قۇم بەگلىكى بولسۇن ياكى بارخان بەگلىكى بولسۇن، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئورنىنىڭ ھازىرقى ئاقسۇ كونا شەھەردىلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. يەر-لىكتىن ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارغا قارىغاندىمۇ، «خەلق ئا-

زادلىققا قەدەر ۋېنسۇنى ئاقسۇ، ئاقسۇ يېڭى شەھەرنى ‹ ئاسۇق›.
ياكى ئاسۇق بازىرى دەپ ئاتاپ كەلگەنىدى. » ㉑ بۇنىڭدا پەقەت
«ۋېنسۇ» دېگەن ئىككى خەتلا خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋېنسۇ
بەگلىكى ( 温宿国 ) نىڭ نامىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە
بۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەزى خادىملارنىڭ ۋېنسۇ بەگلىكى-
نىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى خاتا مۆلچەرلىشى تۈپەيلىدىن كې-
لىپ چىققان سەۋەنلىك ئىدى. دېمەك، قەدىمكى ۋېنسۇ بەگلىكى-
نىڭ ئورنى هازىرقى ئۇچتۇرپان دائىرىسىدە بولۇپ، هازىرقى
كونا شەھەر (ۋېنسۇ ناھىيىسى) دائىرىسىدە قەدىمكى قۇم بەگلى-
كى مەۋجۇت بولغانىدى.

كۇچادىن تېپىلغان بۇددا دىنىغا ئائىت بىر پارچە سانسكرىت-
چە ھۆججەتتە شىنجاڭدىكى ئۈچ ئورۇننىڭ قەدىمكى نامى خاتىرى-
لەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى Bharuka—raja ، ئىككىنچى-
سى saka—raja ، ئۈچىنچىسى he čyuka—raja دېگەن سۆز
ئىكەن. ئەنگلىيىلىك سانسكرىتشۇناس H. W. Bailey ئەپەندى
مەزكۇر ھۆججەتتىكى saka—raja دېگەن سۆزنى يەنە «ساك پادى-
شاھى» دېگەنلىك بولۇپ، كىچىك تاش قەلئەسىنىڭ ھۆكۈمرانى
بولۇشى كېرەك دەپ پەرەز قىلغان ㉒. كېيىن ئېلىمىز ئالىمى
جاڭ گۇاڭدا قاتارلىقلار ماقالە ئېلان قىلىپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى
«Bharuka» نى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇم بەگلىكى،
«He čyuka» خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋېنسۇ بەگلىكى دەپ
ھېسابلىغان. ㉓ نىھايەت، بۇنىڭدىكى «He čyuka—raja» دېگەن
سۆز قەدىمكى ۋېنسۇ بەگلىكىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى بولۇپ،
«raja» سانسكرىتچە «خان، پادىشاھ، بەگ، ھۆكۈمران» ㉔
دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرەتتى. «He čyuka—raja» دېگەن سۆز
بولسا، قەدىمكى ۋېنسۇ بەگلىكىنىڭ دەل سانسكرىت تىلىدىكى
ئاتىلىشى ئىدى. قەدىمكى خەنزۇ تىلىنىڭ فونېما قائىدىسىگە

ئاسـاسلانغاندا، ( 温 ) «ur» دەپ، « 宿 » «suəuk» يـاكى «suk» دەپ ㉕ تـەلەپپـۇز قىلىـنـاتـتى. دېمەك، «ursuk» ياكى «určuk» دېگەن سۆز « 温宿 » دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان بولۇپ، سانسكرىت تىلىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ «Hečyuka—raja» دەپمۇ ئاتالغانىدى.

سانسكرىت ۋە تۈركىي تىللىرىنىڭ تىل تارىخى جەريانىدا، «Hečyuka» دېگەن سۆز يەنە ئاھاڭ ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، كېيىنچە «yuka» دېگەن سۆز چۈ- شۈپ قېلىپ، «Heč» ئۈچتۇرپاننىڭ قەدىمكى خاس نامىغا ئـاي- لانغان. بۇنىڭ ئەڭ روشەن دەلىلى شۇكى، ئۈچتۇرپاننىڭ «تۈر- كىي تىللار دىۋانى» دىكى ئاتىلىشى بولغان «uč» دېگەن سۆز، قانداقتۇر بۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى سانسكرىت تىلىدىكى «Huč» ياكى «Hoč» ( Heč< Hoč< uč ) نىڭ كېيىنكى راۋاجى ئىدى. خۇسۇسەن « 温宿 » دېگەن سۆزمۇ ئاھاڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، توشقان دەرياسىنىڭ ئاقسۇ كونا شەھەر دائىرىسىدىكى بۆلىكىگە جايلاشقان «urči» دېگەن جاي نامىنىڭ ھېلىمۇ مەۋجۇتلۇقىدىن ئالغاندا، ئۇ ئۈچتۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. بـۇنداق ئـاھـاڭ ئـۆزگىرىشكە «ursuk» يـاكى «určuk» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيىسى بولغان « 温宿 » دېگەن ئىككى خەت ئۇيغۇن بولۇپلا قالماي، يەنە قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئاتىلىشىمۇ ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ، ئۆزئارا سېلىشتۇرساق <ursuk<ursuək uč<učuk<určuk دېگەن شەكىل ھاسىل بولىدۇ. بۇ خىل

ئەھۋالغا ئاساسەن، سانسكرىت تىلى ئومۇملىشىشتىن ئاۋۋال ھازىرقى ئاقسۇ رايونىدا، باشقا بىر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەت مەۋجۇت بولغان دېيىلسە، ئۇ ھالدا قەدىمكى ۋېنسۇ بەگلىكىنى ئاپىرىدە قىلغۇچىلارنى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا بىرقەدەر كەڭ تارقالغان ساك قوۋملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايانكى، قەدىمكى ۋېنسۇ بەگلىكىنىڭ خەنزۇ، سانسكرىت تىللىرى ۋە تۈركىي تىلدىكى ئاتىلىشلىرىنىڭ ھەممىسى « ursuk » ياكى «ur čuk» دېگەن سۆزنى مەنبە قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن «u č» دېگەن سۆز بىۋاستە كېلىپ چىققانىدى.

تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، قەدىمكى ۋېنسۇ بەگلىكىنى ئاپىرىدە قىلغۇچىلارنىڭ ساك قوۋمىدىن ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە «ۋېنسۇ بەگلىكىنىڭ يەر شارائىتى ۋە ئادىتى كىرورەن قاتارلىق ئەللەرنىڭكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ» دېگەن يىپ ئۇچى ئۇچرايدۇ. بۇ ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ، بۇ نۇقتىغا خېلى بۇرۇنلا بەزى تەتقىقاتچىلار دىققەت قىلىپ، «ۋېنسۇ ۋە قۇمدىن ئىبارەت ئىككى بەگلىكنىڭ خان جەمەتى بىلەن خەلقى كۇسەنلىكلەر بىلەن ئوخشاش بىر خىل ئىرقتا ئەمەس» [26] دەپ قارىغانىدى، لېكىن مەسىلىنىڭ ھالقىلىق يېرى كىرورەنلىكلەر بىلەن ۋېنسۇ بەگلىكىنىڭ ئادىتىنىڭ ئوخشاشلىقى بولۇپ، بۇ نوقۇل ھالدىكى ئۆرپ - ئادەت مەسىلىسىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى خېلى كەڭ مەنىدىكى ئۆرپ - ئادەت ئوخشاشلىقىنى يورۇتۇپ بەرگەن بولۇپ، تىل ۋە باشقا جەھەتتىكى ئوخشاشلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى جەزمەن ئىدى.

خەن كاڭشىن ئەپەندىنىڭ كىرورەن خارابىلىقىنىڭ شەرقىي چېتىدىكى يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 1300 يىل بۇرۇن بولغان قەب-

ـرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان ئالتە دانە باش سۆڭەك ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، «بۇ ئالتە دانە باش سۆڭەكنىڭ بىرىدە ئېنىق موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆرۈلگەندىن باشقا، قالغان بەشىدە غەربىي ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ناھايىتى ئوچۇق …… بۇ ئۇنىۋېرسال خۇسۇسىيەتلەر ئومۇمەن سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى جەنۇبىي پامىردىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردىكى ساكلار قەبرىلىكىدىن چىققان باش سۆڭەككە ئوخشايدۇ.» [27] بۇنىڭدىن باشقا ئېلىمىز ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىمۇ ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ لوپنۇر رايونىدا ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىش جەريانىدا ئېرىشكەن يەكۈنىگە ئاساسەن، «كرورەنلىكلەر بىلەن ساك قوۋمىدىكىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى بار ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلىش ھاجەتسىز» [28] دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. دېمەك، يەر شارائىتى ۋە ئادىتى كرورەنلىكلەر بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ۋېنسۇ بەگلىكى، قەدىمكى ساك قوۋملىرى تەرىپىدىن ئاپىرىدە بولغانىدى. شۇڭا ئوتتۇرپادىنىڭ قەدىمكى نامى بولغان «ۋېنسۇ» دېگەن سۆزنىڭ ماتېرىيال ئاساسىنى ساك تىلىدىن ئىزدەش بىرقەدەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسا كېرەك. ھالبۇكى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «ئۈچ» دېگەن سۆزگە بەرگەن «uč — چېگرا، چېگرىدىكى ئەل» [29] دېگەن تەبىرى بىلەن «ursuk» ياكى «určuk» دېگەن سۆزنىڭ تىل مەنىسىنىڭ يەنە قانداق مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھازىرچە تىل ماتېرىياللىرى كەملىك قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

گەرچە «urunsu» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ماتېرىيال ئاساسى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كۆرۈلسىمۇ، مەھمۇد قەشقىرى بۇ نامنى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئاقسۇنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللانماستىن، پەقەت بىرقانچە يەردىلا «urun — urunyurun،

ھەرقانداق ئاق نەرسە. ئۇيغۇرلار «ئاق، دەيدۇ» ، «قاش ئۆ-
گۈز — خوتەن شەھىرىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئاقىدىغان ئىككى
دەريا، بىرى ئۇرۇڭقاش ئۆگۈز — يورۇڭقاش دەرياسى» دېيىلى-
دۇ. بۇ يەردىن سۈزۈك ئاق قاشتاش چىققاچقا، دەريا مۇشۇ نام
بىلەن ئاتالغان» «— Kayas قاياس. توخسى ۋە چىگىل شەھەرلى-
رىنىڭ ئېتى، ئۈچ قورغان مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. بىرىنچى-
سى «ساپلىغ قاياس» ، ئىككىنچىسى «ئۇرۇڭقاياس» ، ئۈچىنچى-
سى «قاراقاياس» [30] دەپ تىلغا ئېلىنغانىدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ-
كى قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە «ئۇرۇڭ» سۆزى بىلەن ئاتالغان
يەر نامى شىنجاڭدا ئىككىلا ئورۇندا قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ
بىرى ھازىرقى «يورۇڭقاش دەرياسى» ، يەنە بىرى ھازىرقى قور-
غاسنىڭ «ئاقسۇ» ( 清水河子 ) يېزىسى ئىدى. ئاقسۇنىڭ خاس
نامى بولسا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى يۇمىلاق خەرىتىدە، تاڭ
سۇلالىسى دەۋرىدىكى «بارخان بەگلىكى» نىڭ ۋارىيانت شەكلى
بولغان «بارمان» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادە قىلىنغانىدى.
ئەھۋال دەل شۇنداق ئىكەن، «ۋېنسۇ» دېگەن سۆزنى «ئۇ-
رۇڭسۇ» دەپ ھېسابلاش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمايلا قالماستىن،
بەلكى ئۈچىنىڭ ئۈچتۇرپانغا ئۆزگىرىش جەريانىمۇ، سۋان راپتاڭ-
نىڭ يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان تۇرپان رايونىدىكى ئاھالىلەرنى
باشقۇرۇشقا قارىتا قوللانغان تەدبىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ ھەقتە «چىڭ ئوردىسىنىڭ شىڭزۇڭ
زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» دە مۇنداق دېيىلگەن:
«نائىب ۋەزىر قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم قىلىپ ئېيتىشىچە،
مۇبادا زور قوشۇنىمىز داۋاملىق ئىلگىرىلىسە، تۇرپاننى ناھايىتى
ئاسان ئىشغال قىلىپ، ئۇلارنى قومۇلغا ئوخشاش ئەمىن تاپقۇ-
زۇپ، پۈتۈنلەي تەۋەيىمىزگە كىرگۈزۈشكە بولىدىكەن. ئەگەردە
يەنە تەۋەيىمىزگە ئېلىپ تۇرۇپ قوغدىيالمىساق، ياخشى بولمايدى-
كەن. ئالىمادىس قوشۇنىمىز تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچراپ، ئا-

جىزلىقىمىز سېزىلسە ياكى سىۋان راپتان ئادەم توپلاپ تۇرپاننى قايتا قۇتقۇزۇشقا كەلسە ھەمدە تۇرپاندا بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا قوغداپ قالغىلى بولمىغاننىڭ ئۈستىگە، ئەكسىچە قولدىن بېرىپ قويىمىزدە، ئاقىۋىتى تېخىمۇ يامان بولىدىكەن. شۇڭا ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى تەپسىلىي پىلان تۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ۋەزىيەتتە بىرەر ئۆزگىرىش بولسا، ئاۋۋالقىدەك مەسلىھەتلىشىپ، زەربە بېرىپلا قايتىپ كەلسەڭلار بولىدۇ. ...... بۇ يارلىق بويىچە ھەربىي ئىشلار ۋەزىرى ئۇقتۇرۇپ قويسا بولىدۇ.» ㉛

دەرۋەقە، چىڭ سۇلالىسى سىۋان راپتان باشچىلىقىدىكى جۇڭغار خانلىقىنىڭ كۈچلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن 1716 - يىلى 6 - ئايدا بىرىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلغانىدى. 1717- يىلى 3 - ئايدا بولسا يەنە ئۈرۈمچى بىلەن تۇرپانغا ھۇجۇم قىلغانىدى. ھالبۇكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھەربىي كۈچى بىلەن تۇرپاندا بىرەر ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشىدىن بەكلا ئەندىشە قىلغاچقا، بۇ نۆۋەت تۇرپاننى ئۇزاق مۇددەت ئىشغال قىلىپ تۇرۇشنى خالىمىدى. مۇھىمى تۇرپاننى ئىشغال قىلىش «ئۆزلىرىنىڭ قۇمۇلنى ئىشغال قىلىشىغا ئوخشاش يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ ئارزۇسى ئەمەس ئىدى، بەلكى جۇڭغارلارنىڭ كۈچلىرىنى چىڭ سۇلالىسى زېمىنىنىڭ غەربىدىن قوغلىۋېتىش ئىدى.» ㉜ 1720 - يىلى 7 - ئايغا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى تۇرپانغا قارىتا يەنە بىر قېتىم ھەربىي ھەرىكەت قوللىنىپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىغا زەربە بەردى. بۇ نۆۋەت چىڭ سۇلالىسى ئالدىنقى ئىككى قېتىمقىنىڭ دەل ئەكسىچە تۇرپاننى ئىشغال قىلدى. بۇ توغرىدا «جۇڭغارلارنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى» دە مۇنداق دېيىلگەن:

«تەمىنات ئىشلىرى ئامبىنى ئارانا قاتارلىقلار 7 - ئاينىڭ دەسلەپكى 8 - كۈنى قوشۇن بىلەن چىقتىم دېگەن جايغا يېتىپ

باردى، …… دەسلەپكى 10 ـ كۈنى يەنە پىچانغا يېتىپ باردى. بۇ چاغدا پىچان شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كاتتىۋېشى ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئادەمگە باشچىلىق قىلىپ ئەل بولدى. 13 ـ كۈنى زور قوشۇن تۇرپان دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندا، تۇرپاندىكى ئاقسۇلتان بىلەن باش ئاقساقال شاھنەزەر قاتارلىقلار پۈتۈن قوۋملىرى بىلەن قارشى ئېلىپ ئەل بولدى، جەمئىي 550 دانە ئوۋ مىلتىقى، تۆگە، ئات قاتارلىق بۇيۇملار غەنىيمەت ئېلىندى.» ㉝

چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تۇرپان بىلەن ئۈرۈمچىگە بېسىپ كىرىشىنىڭ ھارپىسىدا، «سۇۋان راپتان ئۆز چېگرىسى ئەتراپىدىكى خەلقلەرگە بولغان تىزگىنلەشنى كۈچەيتتى ھەمدە يەنە تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنى قارا شەھەرگە كۆچۈردى.» ㉞ لېكىن سۇۋان راپتان تۇرپان رايونىدىكى ئىلگىرى ئۆزىنىڭ تىزگىنلىشىنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى كۆچۈرۈپ كېتەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەجبۇرىي كۆچكەن ئاھالىلەرنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمى يېرىم يولدىن قايتىپ كەلگەنىدى. بۇ توغرىدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «جۇڭغارلارنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى» دە «تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلاردىن ئالىم خوجا مۇنداق دېدى: سۇۋان راپتان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاھالىلىرىنى قارا شەھەرگە كۆچۈرگەنىدى، ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ قېچىشقا باشلىغاچقا، جۇڭغارلار قوغلىغان بولسىمۇ، قاچقان ئۇيغۇرلارنىڭ زەربە بېرىشى بىلەن چېكىنىدۇرۇلدى، بۇ ئۇيغۇرلار ھازىر لۇكچىندە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ توختى مامۇتنى ئۆزلىرىگە باش قىلىپ سايلاپ، بىزنى تېزدىن ياردەم سوراشقا ئەۋەتتى» ㉟ دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك، قارا شەھەرگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى، سۇۋان راپتاننىڭ پەرمانىغا قارشى چىقىپ، لۇكچىنگە قايتىپ كېلىپ، توختى مامۇتنى ئۆزلىرىگە ئاقساقال قىلىپ سايلىغانىدى. توختى مامۇت جۇڭغار قوشۇنلىرىنىڭ قايتۇرما زەربە بېرىشىدىن ئەندىشە

قىلىپ، ئالىم خوجا قاتارلىقلارنى دەل شۇ مەزگىلدە تۇرپانغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىدىن ياردەم سوراشقا ئەۋەتكەنىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تۇرپانغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ جۇڭغار قوشۇنلىرىغا زەربە بەرگەندە، يەرلىك ئامما بىلەن بىر بۆلۈم فېئودال تۆرىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن «بىز جۇڭغارلارغا جازا يۈرۈش قىلىمىز، سىلەر بىلەن ئاداۋىتىمىز يوق» دېگەن مەزمۇندا جاكارنامە چىقارغانىدى. بۇ سۆزسىزكى بىر بۆلۈم يەرلىك فېئوداللارنىڭ ئاۋاز قوشۇشىغا ئېرىشكەچكە، جۇڭغار خانلىقىنىڭ تۇرپاندىكى تەسىر كۈچىنى ئەجەللىك زەربىگە ئۇچراتقانىدى:

«كاڭشىنىڭ 59 ـ يىلى، تەمىنات ئىشلىرى ئامبىنى ئارانا قوشۇن بىلەن پىچان، لۈكچىن، تۇرپان شەھەرلىرىگە يېتىپ بارغاندا، زور قوشۇنىمىز جۇڭغارلارغا جازا يۈرۈش قىلىدۇ، سىلەر بىلەن ئاداۋىتى يوق دەپ جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قوۋملىرى بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، 5 يۈزدىن ئارتۇق چارۋا ۋە قورال ـ ياراغنى تاپشۇرۇپ بەردى. بەيئەت قىلغان ئاھالىدىن ھال سورالدى، باش ئاقساقال شاھنەزەر، ئاتامان ئاقسۇلتان قاتارلىقلار بەيئەت قىلدى. تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېزىز خوجا دەيدىغان باشقا بىر ئاتامىنى ئەل بولۇشنى خالىماي، جۇڭغارلار بىلەن بىرگە كەتتى. قوشۇنىمىز نۇسرەت قۇچۇپ، سىۋان راپتاننىڭ قوشۇنلىرى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، ئۇلار تۇرپاننىڭ بىرقانچە مىڭ تۈتۈن ئاھالىسىنى مەجبۇرىي قاراشەھەرگە كۆچۈردى، يېرىم يولدا مىڭ تۈتۈندىن ئارتۇق ئاھالە قېچىپ، لۈكچىنگە جەم بولۇپ، توختى مەمۇتنى باش ئاقساقال قىلىپ تەيىنلەپ، جۇڭغارلارنىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى تۇردى.» ㊱

يۇقىرىدىكى بايان «خان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن تاشقى ۋاس-

سالار موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاڭ ـ گوڭلىرىنىڭ نەسەب-
نامە ۋە تەرجىمىھالى» دا تىلغا ئېلىنغان خاتىرە بولۇپ، بۇنىڭدى-
كى ئېزىز خوجا تۇرپاندىكى جۇڭغارپەرەس كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى
بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشنى خالىماي، سىۋان
راپتاننىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە بىر بۆلۈم ئۇيغۇرلارنى تۇرپاند-
دىن قاراشەھەرگە كۆچۈرگەنىدى. ئەمما ئېزىز خوجا چىڭ سۇلا-
لىسى قوشۇنلىرى ئۈرۈمچى بىلەن تۇرپانغا ئىككىنچى قېتىم
بېسىپ كىرگەندىلا جۇڭغار خانلىقىغا قېچىپ كەتكەن بولۇپ،
چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇ نۆۋەتتىكى قوشۇنلىرى چېكىنىپ كەتكەن-
دە تۇرپانغا قايتىپ بېرىپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئاھالە كۆچۈ-
رۈش ئىشىغا ياردەملەشكەنىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا ئېزىز
خوجىنى جۇڭغارلارغا ئۆز ئىختىيارىيلىقى بىلەن بەيئەت قىلغان
دەپ ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ زاماندىشى — تۇرپاندىكى چىڭ
سۇلالىسى پەرەس كۈچلەرنىڭ ۋەكىلى ئىمىن خوجىنىڭ ئۇ توغ-
رىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى يارخاشەنگە يەتكۈزگەن تۆۋەندى-
كى سۆزىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ:

«خوجىسبەگنىڭ ئاتىسى ئېزىز خوجا ئەسلى تۇرپاننىڭ كات-
تىلىرىدىن ئىكەن. كاڭشى يىللىرى قوشۇنلىرىمىز تۇرپانغا بې-
سىپ كىرگەندە ئىمىن خوجا ئىككى ئاكىسى بىلەن لۈكچۈن
شەھىرىدە خاندانلىقىمىزغا ئەل بولغان. ئېزىز خوجا جۇڭغارلار-
دىن پاناھ تىلەپ كەتكەن. خان قوشۇنلىرى تۇرپاندىن چېكىنىپ
كەتكەندە، سىۋان راپتان ئېزىز خوجىنى ئەۋەتىپ ئىمىن خوجى-
نىڭ ئىككى ئاكىسىغا زىيانكەشلىك قىلدۇرغان، تۇرپاننىڭ لۈك-
چۈن دېگەن يېرىدىكى ئۇيغۇرلارنى قارا شەھەرگە كۆچۈرگۈزۈپ،
ئارقىدىنلا يەنە ئۇچقا كۆچۈرگەن.» ㊲

دېمەك، ئېزىز خوجا جۇڭغارلارغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن،
جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئاھالە كۆچۈرۈش ئىشىغا ياردەملىشىپ ئاۋ-
ۋال قارا شەھەرگە، ئاندىن ئۇچتۇرپانغا كۆچۈپ بارغان بولۇپ،

بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئوغلى خوجىسىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئىبزىز خوجا ئاتا - بالا ئىككىيلەن تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەسلەپ قاراشەھەرگە، كېيىن قاراشەھەردىن ئۈچتۇرپانغا كۆچۈشىدە ھەقىقەتەن مۇھىم رول ئوينىغاچقا، تارىخنامىلەردە ئىبزىز خوجا ئۈچنى ئۈچتۇرپان دەپ ئاتىدى دەپ كۆرسىتىلگەنىدى. گەرچە بۇ مۇتلەقلەشتۇرۇۋېتەكەنلىك بولسىمۇ، ئىبزىز خوجىنىڭ جۇڭغار خانلىقىنىڭ تۇرپاندىكى ئاھالىلەرنى ئىدارە قىلىشىدا، خۇددى ئىمىن خوجا چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن جان پىدالىق قىلغاندەكلا زور خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ تۇرپان ئاھالىلىرىنىڭ قاراشەھەرگە كۆچە - كۆچمەيلا يېرىم يولدىن قايتىپ كەتكىنىدەك ئەھۋالىنىڭ قايتا سادىر بولۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈچتۇرپاندا ئولتۇراقلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېڭى يۇرت - ماكانلىرىنى قۇرۇشنى مۇھىم دەپ قاراپ خىزمەت ئىشلىگەنلىكىنىڭ دەلىلى ئىدى. مانا بۇ ئۈچىنىڭ ئۈچتۇرپانغا ئۆزگىرىشىنىڭ تارىخىي جەريانى بولۇپ، خۇسۇسەن تۇرپان رايونىدىكى بىر قىسىم يېزا، كەنتلەرنىڭ ناملىرىمۇ ئۈچتۇرپاندا قوللىنىلدى. بۇ ھەقتە «خان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن تاشقى ۋاسساللار موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاڭ - گوڭلىرىنىڭ نەسەبنامە ۋە تەرجىمىھالى» بىلەن «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەپسىراتى»دا ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات قالدۇرۇلغان:

«خوجىسبەگ ئۈچتۇرپانلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئىبزىز خوجا ئەسلى تۇرپاننىڭ كاتتىلىرىدىن ئىدى. جۇڭغارلار ئۇنى مەجبۇرلاپ قاراشەھەرگە كۆچۈردى. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە ئۈچقا كۆچۈپ باردى، شۇڭا ئۈچ دېگەن نام تۇرمان دەپمۇ ئاتالدى. تۇرمان تۇرپان بىلەن ئاھاڭ جەھەتتىن يېقىن بولۇپ، يېزا - كەنتلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۇرۇپاندىكى يېزا - كەنتلەرنىڭ ناملىرى بويىچە ئاتالدى. ئىبزىز خوجا ئۆلگەندىن كېيىن ئاقسۇغا دەپنە

قىلىندى. خوجىسبەگ ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ،
ئۇچتا ئولتۇراقلىشىپ، تۇرمانلىق ھاكىمبەگ دەپ
ئاتالدى.» [38]

«ئۇيغۇرلار جۇڭغارلارغا قارام بولۇپ تۇرۇۋاتقاندا، پىچاد-
نىڭ ئاھالىلىرى ئۇچقا كۆچۈرۈلگەنىدى، شۇڭا پىچاندىكى يەر
ناملىرى ئۇچتا قوللىنىلدى، مەسلەن، قاراخوجا، سىڭگىم،
لۇكچۈن، توقسۇن، ياڭخى، بۇگەن، يارۋاغ قاتارلىق يەر نامل-
رى پىچاندىكى يەر ناملىرى ئىدى.» [39]

دېمەك، ئۇچنىڭ ئۇچتۇرپانغا ئۆزگىرىش جەريانى سىۋان
راپتان جۇڭغار خانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىل
(1698 ـ 1727) دە ئەمەلگە ئاشقان بولۇپ، 1765 ـ يىلىدىكى
ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى، يۇقىرىدىكى تارىخىي ۋەقەلەر-
دىن كۆپ كېيىن يۈز بەرگەنىدى.

لېكىن بەزى يولداشلار بۇ مۇھىملىققا ھامان سەل قاراپ
كەلدى. ھەتتا بەزىلەر «ئۇچتۇرپان چىڭ دەۋرىدە ئۇچتۇرپان دەپ
ئاتالغان، ئۇچتۇرپانلىقلار ئىلىغا كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن چىڭ
سۇلالىسى تۇرپاندىن ئۇچتۇرپانغا ئاھالە كۆچۈرۈپ كەلگەن، تۇر-
پاندىن ئۇچتۇرپانغا كۆچۈپ كەلگەنلەر «ئۇچتۇرپان» ( 乌什 )
دەپ ئاتىغان [40] » دەپ يازدى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق قاراشنىڭ ئۆزى
تۈپ نېگىزىدىن ئالغاندا، ئۇچنىڭ ئۇچتۇرپانغا ئۆزگىرىش جەريا-
نىنى يەنىلا 1765 ـ يىلىدىكى ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى
بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشتىن باشقا نەرسە ئەمەس
ئىدى. بۇنىڭدا ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن شۇن-
داق ئاتالغان دېگەندىن كۆرە، ئۇچتۇرپان دېگەن نامنىڭ ۋە شۇ-
نىڭدەك تۇرپان رايونىدىكى بەزى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ناملىرىنىڭ
ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى مەزگىلىدە مەۋجۇت بولغان ياكى
بولمىغانلىق مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.
«جۇڭغارلارنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى» دە تۆۋەندىكىدەك ئىككى

مۇھىم تارىخىي ئۇچۇر بار: ئۇنىڭ بىرى ئاقسۇنىڭ ئىش باشقۇر-
غۇچى ئامبىنى بېيەن تاخەينىڭ قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالى
توغرىسىدا خانغا يوللىغان «مۇشۇ ئاي (2- ئاي) نىڭ 14 - كۈنى
كېچە ئۇچىنچى چىڭ ۋاقتىدا ئۇچتۇرپان شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلار
توپلىشىپ توساتتىنلا غەلىيان قىلدى، ...، ... ۋەقە جىگدە كۆچى-
تىنى يۆتكەش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقتى، ئەسلى يولغا چىقىدىغان
240 نەپەر ئۇيغۇر بۇيرۇققا بىنائەن 15 - كۈنى يولغا چىقماقچى
ئىدى» [41] دېگەن مەكتۇپى بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئۇچتۇرپان» دېگەن
نام، خەنزۇچىدىكى قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى بويىچە ( 乌什 )
(ئۇچتۇرپان) دەپ تىلغا ئېلىنغانىدى. يەنە بىرى قوزغىلاڭچىلار-
نىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ھەققىدىكى مەلۇمات بولۇپ، بۇ مەلۇ-
مات قوزغىلاڭ تېخى باستۇرۇۋېتىلمىگەن ۋاقىتتىكى مەلۇمات
ئىدى. ئۇنىڭدا يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تۇرپان رايونى-
دىكى بەزى يېزا - كەنتلەرنىڭ ناملىرى ئۇچرايدۇ. دې-
مەك، 1765 - يىلىدىكى ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن
كېيىنلا ئەمەس، بەلكى 1765 - يىلىنىڭ ئۆزىدىلا، ئۇچتۇرپان
دېگەن نام ۋە شۇنىڭدەك تۇرپان رايونىدىكى بەزى يەر - جاي
ناملىرى، ئۇچتۇرپان دائىرىسىدە ئاللىقاچان ئومۇملىشىپ بولغا-
نىدى. ئۇنداقتا يەنە شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، ئۇچىنىڭ
ئۇچتۇرپانغا ئۆزگىرىش جەريانى، چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغار
خانلىقىنىڭ تۇرپان رايونىنى تالىشىپ ئېلىپ بارغان ھەربىي
ھەرىكىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ئەمدى ئۇچىنىڭ ئۇچتۇرپانغا ئۆزگىرىش جەريانىنىڭ كونك-
رېت يىل دەۋرىگە كەلسەك، سىۋان راپتان قايسى يىلى تۇرپان
رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنى قاراشەھەر بىلەن ئۇچقا كۆچۈرگەن؟ ...
«خان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن تاشقى ۋاساللار موڭغۇللار بىلەن
ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاڭ - گوڭلىرىنىڭ نەسەبنامە ۋە تەرجىمىھالى»
دا كاڭشىنىڭ 59 - يىلى دېيىلگەن. كاڭشىنىڭ 59 - يىلى

مىلادىيەنىڭ 1720 ـ يىلى بولۇپ، باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردىكى تەپسىلاتلارمۇ ئاساسەن بىر ـ بىرى بىلەن ئوخشاش. ھازىر تۈركىيىنىڭ ئەنقەرى شەھىرىدىكى ئىنسانشۇناسلىق، تارىخ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان MSNr. 13135 نومۇرلۇق بىر پارچە ئۇيغۇرچە ھۆججەتتە تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاراشەھەر بىلەن ئۇچقا، شۇنىڭدەك گەنسۇدىكى گۇاجۇغا كۆچۈشىدەك تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھىجرىيە نامىدىكى ئىككى يىل دەۋرى تىلغا ئېلىنغان. ھۆججەتنى 1961 ـ يىلى ئەخمەت تۆمۈر (Ahmet Temir) «1722 ـ 1741 ـ يىللاردىكى تۇرپانغا ئائىت ھۆججەت» دېگەن نامدا ئېلان قىلغانىدى. ھۆججەتنىڭ تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۇاجۇغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىشىغا مۇناسىۋەتلىك قىسمىدا «جۇڭغار قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەندىشە قىلغان تۇرپانلىقلار ئىمىن خوجىنىڭ باشلامچىلىقىدا، خاقانى چىن پادىشاھىنىڭ قوغدىشىنى تەلەپ قىلدى، بىز جەمئىي 9374 ئادەم، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە خاقانى چىننىڭ قوغدىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق ھەمدە كىيىم ـ كېچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈككە ئېرىشتۇق. 1146 ـ يىلى (مىلادىيە 1733 ـ 1734 ـ يىللار) خاقانى چىن بىزنى يۈك تاقلىرىمىز، ئات ـ ئۇلاق، تۆگە، ھارۋىلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە تۇرپاندىن گۇاجۇغا ئامان ـ ئېسەن يەتكۈزۈپ قويدى ......»⑫ دېيىلگەن. بۇنىڭدىكى ھىجرىيىنىڭ 1146 ـ يىلى (1733 ـ 1734 ـ يىللار) تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىمىن خوجىنىڭ باشچىلىقىدا گۇاجۇغا كۆچكەن يىل دەۋرى بولۇپ، يەنە بىر يىلدىكى كۆچۈشنى ئات يىلى دەپ تىلغا ئالغانىدى. «بۇ ئۇيغۇرچە ھۆججەتكە ئاساسلانغاندا، تۇرپاننىڭ ئاھالىسى تەخمىنەن 100 مىڭدىن كۆپ ئىدى. ئات يىلى ھىجرىيىنىڭ 1135 ـ يىلى (مىلادىيە 1722 ـ 1723 ـ يىللار) ئىدى» ⑬. تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار جۇڭغار خانلىقى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇرۇش

پاراكەندىچىلىكى، شۇنىڭدەك جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مەجبۇر-
لىشى تۈپەيلىدىن جۇڭغارپەرەس ئېزىز خوجىنىڭ باشچىلىقىدا
دەسلەپ قاراشەھەرگە، كېيىن ئۇچقا كۆچۈپ بارغانىدى. شۇڭا
ئۇچنىڭ ئۇچتۇرپانغا ئۆزگىرىش جەريانىنىڭ كونكرېت يىل دەۋ-
رىنى XVIII ئەسىرنىڭ 20 - 23 - يىللىرى ئەتراپىدا ئەمەلگە
ئاشقان دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ.
گېزىگە كەلگەندە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى،
تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇچقا كۆچۈشى، جۇڭغار خانلىقىنىڭ
تۇرپانغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ تۈپلۈك ئۆزگىرىشى ھېسابلىنى-
دۇ. يەنە كېلىپ ئۇ تۇرپاندىن يىراق بولغان ئۇچتۇرپاننىڭ
تارىخىدىكىمۇ دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە بولغاچقا، بۇ جاينىڭ تارىخىدىمۇ
زور بىر قىستۇرمىنى پەيدا قىلغانىدى. ۋەھالەنكى بۇ قىستۇرما
ئۇچتۇرپاندا يۈز بەرگەن 1765 - يىلىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى-
دىن خېلى بالدۇر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، بۇ يەردە ئېنىقلىۋېلىشقا
تېگىشلىك بىر مەسىلە مەۋجۇت. ئۇ بولسىمۇ كىشىلەر تا ھازىر-
غىچە ئالدىنقىسىنى ئۇنتۇپ، كېيىنكىسىنى ئۇنىڭ ئورنىغا مۇ-
ھىم ئارقا كۆرۈنۈش قىلىۋالغان ئەنە ئاشۇ 1765 - يىلىدىكى
ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلاش سەۋەبىدىن ئىبارەت.
ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى شىنجاڭدا جۇڭغار خانلىقى
مۇنقەرز بولۇپ ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭى تىنجىتىلىپ
كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلى-
ڭى ھېسابلىنىدۇ. ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا،
چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاقسۇدىكى ئىش باشقۇرغۇچى ئامبىنى بيەن
تاخەي قاتارلىقلار، چىڭ ئوردىسىغا «ئۇچتۇرپاندىكى جىگدە كۆ-
چىتى يۆتكەيدىغان ئۇيغۇرلاردىن 240 نەپەر ئادەم 2 - ئاينىڭ
14 - كۈنى كەچتە توپلىشىۋېلىپ توساتتىنلا غەلىيان قىلدى»
دەپ مەلۇمات بەرگەندىن باشلاپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەۋرىگە
ئائىت تارىخىي ماتېرىياللاردا، ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى

«جىگدە كۆچىتى يۆتكەش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقتى» دەپ تىلغا ئالدى. ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي ئۇنداقمۇ ئەمەس بولۇپ، ئۇنىڭمۇ چوڭقۇر ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي سەۋەبى بار ئىدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇچتۇرپاندا يۈرگۈزگەن سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇمىنىڭ ئۆتكۈرلەشكەنلىكىنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغارلار بىلەن چوڭ - كى-چىك غوجىلارنىڭ ۋەقەلىرىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى چىڭىش قىلىپ، مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ بىرلىششىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمرانلىق ئاپپا-راتىنى قۇرۇپ چىققانىدى. بىراق چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى ئەمەلدارلىرى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرى ئاخىرلاش-قاندىن كېيىنكى نىسپىي مۇقىم ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ كۈندىن - كۈنگە چىرىكلىشىش بىلەن بىرگە، خەلققە ئىنتايىن ئېغىر زۇلۇم سالدى. بۇنداق ئەھۋاللار شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆپلەپ سادىر بولغان بولۇپ، بولۇپمۇ ئۇچتۇرپاندا ھەممىدىن ئېغىر ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇچ-تۇرپاندا بىر نەپەر ئىش باشقۇرغۇچى ئامبىنى، بىر نەپەر 5 - دەرىجىلىك ھاكىمبېگى، مانجۇ ۋە يېشىل تۇغلۇق قوشۇنلاردىن بولۇپ، جەمئىي 600 دىن ئارتۇق ئەمەلدار ۋە ئەسكىرى بار ئىدى. بۇ ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈش، ئۇچ-تۇرپان خەلقىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسى ئىدى. ئۇچتۇرپان خەلقى بىر تەرەپتىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ مانا مۇشۇ ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىسا، يەنە بىر تەرەپ-تىن يەرلىك بەگلەر بىلەن فېئودال پومېشچىكلارنىڭ ئېزىشىگە ئۇچراپ تۇراتتى. يەنە كېلىپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇچتۇرپاندا يولغا قويغان باج - سېلىقىمۇ ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، ئۇچتۇرپان خەلقى مۇشۇ باج - سېلىقلارنى تۆلەش ئۈچۈنلا ھەر يىلى دېگۈدەك

چىدىغۇسىز ئازاب ـ ئوقۇبەت چېكەتتى. 1897 ـ يىلى يېزىلغان
«خوتەن تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «ئۇچتۇرپان
خەلقىنىڭ تۆلىگەن ئالۋان ـ ياسىقى جان پۇتۇكى، چوتا بېشى،
خان پۇلى يەر پۇلى، قونالغۇ، ئوت پۇلى، پۇقرالىق، باسقاق،
مىرابلىق، غەللە، باج، تاپان ھەققى، چاي، يەم ـ خەشەك
قاتارلىق 65 خىلغا يەتكەن» [44] ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت يەنە چىڭ
سۇلالىسىنىڭ ئۇچتۇرپاندىكى مانجۇ ۋە يېشىل تۇغلۇق ئەسكەرلى-
رىگە كېتىدىغان تۇز بىلەن سەي ـ كۆكتاتنىڭ چىقىمىنىڭ بىر
قىسمىنىمۇ، ئۇچتۇرپان خەلقى ئۆز ئۇستىگە ئالاتتى.
لېكىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇچتۇرپاندىكى ھەربىي ۋە مە-
مۇرىي ئەمەلدارلىرىدىن سۇچىڭ بىلەن ئابدۇللا ئۇچتۇرپانغا ھۆ-
كۇمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، ئۇچتۇرپان خەلقى تېخىمۇ ئېغىر
زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىدى. ئۇلار ئەكسىيەتچى فېئو-
دال تۆرە ئەمەلدارلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ھەرگىزمۇ
خەلقنى ئاياپ قويمىدى. مەسىلەن، سۇچىڭ ئۇچتۇرپاندا ئىش
باشقۇرغۇچى ئامبان بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، خالىغانچە باج
يىغىپ، خەلقنىڭ يۇكىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەندى. ئۇ
«گالۋاڭ بولغاچقا، ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن كارى يوق ئىدى،
ئۇنىڭ ئۇستىگە ھاراققا ئامراق بولغانلىقتىن، دائىملار كەيپ
بولۇپ يۈرەتتى. ھەتتا يەنە بەگلەرنىڭ خوتۇنلىرىنىمۇ يامۇلغا
ئەكىرىپ قوندۇرۇپ قالاتتى، ھەمدە ئۇلارنى يالىڭاچ قىلىپ
قويۇپ ئەسكەرلەر بىلەن يامۇلدىكىلەرنىڭ پەيزى سۇرۇشىگە تاش-
لاپ بېرەتتى.» [45] ئۇ بۇ ئەسكىلىكلەرنى ئۆزى قىلىپلا قالماس-
تىن، يەنە قول ئاستىدىكىلىرى بىلەن ئوغلىنىڭمۇ خورىكىنى
ئۆستۇرۇۋەتكەندى. «بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئوغلى تېخىمۇ قەبىھ بو-
لۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سەل چىرايلىقراق خوتۇن ـ قىزلىرىنى
ئۇچرىتىپلا قالسا، كىملىكىنى سۇرۇشتۇرمەيلا يامۇلغا ئېلىپ
كېلىپ ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن بىرلىكتە شەھۋانىيلىق بىلەن شۇ-

غۇللىناتتى …… بەزى هاللاردا ئۇلارنى ئون نەچچە كۈنگىچە
تۇتۇپ قىلىپ ئاندىن يامۇلدىن چىقىرىۋېتەتتى.» ㊻ قىسقىسى،
سۇچىڭنىڭ ئۇچتۇرپاندا قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان بو-
لۇپ، خەلق ئۇنىڭغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى.
شۇ سەۋەبدىن چىڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى بىلەن چيەنلۇڭخانمۇ
سۇچىڭنىڭ ئۇچتۇرپاندا سادىر قىلغان جىنايى قىلمىشلىرىنى ئې-
تىراپ قىلىپ، ئايرىم - ئايرىم هالدا «سۇچىڭ ئاتا - بالا
ئىككىيلەن ئۇچتۇرپاندا ئۇيغۇرلارغا ئۆز مەيلىچە زۇلۇم سالغان،
هەمدە ئۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغا يامان نىيەتلىك قىل-
غان»، «ئۇنىڭ قىلمىشى هەقىقەتەنمۇ جىنايەت شەكىللەندۈرگەن
بولۇپ، بۇنى ئۇرغۇن ئادەم بىلىدۇ» ㊼ دەپ ئېتىراپ قىلغانىدى. بۇ هال
بىزگە سۇچىڭنىڭ ئۇچتۇرپاندا خەلققە خالىغانچە زۇلۇم سېلىپ،
پۇقرالارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى ئاياغ - ئاستى قىلىشتەك ئېغىر
جىنايى قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرى-
دۇ. ئۇچتۇرپاننىڭ هاكىمبېگى ئابدۇللامۇ سۇچىڭ بىلەن ئېغىز
- بۇرۇن يالىشىپ، خەلققە تېخىمۇ ئېغىر زۇلۇم سالغانىدى.
ئۇنىڭ «تەبىئىتى زالىملىققا مايىل بولغاچقا، ئۇچتۇرپانلىقلارنى
هەر كۈنى دېگۈدەك قامچا بىلەن ساۋاپ خارلايتتى، ئاچ كۆزلۈك
بىلەن تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ قاقتى - سوقتى قىلاتتى. ئۇنىڭ
بىلەن قومۇلدىن بىرگە كەلگەنلەر هەددى - هېسابسىز قانۇنسىز-
لىقلارنى قىلىپ، جايمۇجاي يۈرۈپ، زورلاۋانلىق ۋە ئالدامچىلىق
قىلاتتى. ئۇچتۇرپانلىقلار ئۇلاردىن ئىنتايىن بىزار ئىدى.» ㊽
مەسىلەن، دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ئائىت ئەهۋاللارنى
بىر قەدەر كۆپ بايان قىلغان «زەپەرنامە» دىكى خاتىرىلەرگە ئا-
ساسلانغاندىمۇ «ئابدۇللا ئادەتتىن تاشقىرى زالىم ئىدى، ئۇنىڭ
ئۆزى قومۇلدىن بىرگە ئېلىپ كەلگەن ئاشۇ يېقىن ۋە ئەگەش-
كۈچىلىرى بىلەن بىرلىكتە خەلقنى شىلىپ يەيتتى. خەلقنى
قاقتى - سوقتى قىلىپ، پۇقرالارنىڭ خام بوز، ئاشلىق ۋە ئات،

قوي قاتارلىق چارۋا ـ ماللىرىنى مەجبۇرىي سېتىۋالاتتى، بولۇپ-
مۇ سېمىز ئات، قوي قاتارلىق چارۋا ـ ماللارنى مەجبۇرىي
دېگۈدەك ئېلىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇرۇق، قېرى چارۋا
ماللارنى ئەكېلىپ باھا چاپلاپ نەچچە ھەسسە پۇل ئۇندۇرۇۋالاتتى.
» ㊾ ئابدۇللانىڭ ئۈچتۇرپاندا قىلغان جىنايى قىلمىشىنى ئۇنىڭ
ئاكىسى قۇمۇلنىڭ ئىنانچىخانى يۇسۇپمۇ ئېتىراپ قىلغانىدى. ئۇ
ئۈچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىغاندا ئوچۇق ـ ئاشكارا
ھالدا «پېقىرنىڭ ئىنىسى ئابدۇللا ئۈچتۇرپاننى مالىمان قىلىۋەت-
تى» ㊿ دەپ ئېيتقانىدى. بۇنىڭدىن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى-
نىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن نەسەبلىك ئاقسۆڭەك يۇ-
سۇپنىڭمۇ ئىنىسى ئابدۇللانى ئاقلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە
ئۇنىڭدىن چەك چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا
بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۈچتۇرپاندىكى سۇچىڭ ۋە ئابدۇللا قا-
تارلىق ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۈچتۇرپان خەلقىگە
قاراتقان يۇقىرىقىدەك دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقى، ئۈچتۇرپاندىكى
سىنىپىي ۋە مىللىي زىددىيەتلەرنى ئىنتايىن كەسكىنلەشتۈرۈ-
ۋەتكەنىدى. نەتىجىدە ئۈچتۇرپان خەلقىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى
كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا
قارشى كۈرىشى توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى.
چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا تارىخىي ماتېرىياللىرى بىلەن موللا
مۇسا سايرامىنىڭ يازغان مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، بۇ چاغدا يەنە
مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەردى: ئۈچتۇرپاننىڭ ئىش باشقۇرغۇچى
ئامبىنى سۇچىڭ بىلەن ھاكىمبېگى ئابدۇللا چىيەنلۇڭخاننىڭ كۆر-
سەتمىسى بىلەن 240 نەپەر دېھقانى جىگدە كۆچەتلىرىنى ياغاچ
تۇڭغا قاچىلىتىپ، بېيجىڭغا ئېلىپ بېرىش ئالۋىنىغا تۇتقانىدى.
ئەسلى جىگدە كۆچىتىنى يۆتكەش ئالۋىنىغا تۇتۇلغان بۇ 240
نەپەر ھاشارچى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى يولغا چىقماقچىدى. ئۇلار

2ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ بىر كېچىدىلا ئۇچ-
تۇرپان شەھىرىنى ئىشغال قىلدى.

لېكىن، بۇ ۋەقە ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئوت
پىلتىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇچتۇرپاندىكى تۇرلۇك زىددىيەت-
لەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈۋەتكەندى. چۈنكى ئۇچ-
تۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى، ئۇچتۇرپان خەلقى جىگدە كۆچىتى-
نى يۆتكەش ئالدىنىغا تۇتۇلغان پەيتتە پارتلىغان بولغاچقا، چىڭ
سۇلالىسىنىڭ ئوردا تارىخى ماتېرىياللىرىدىن كۆرە، كېيىنكى-
لەرنىڭ ئېغىزىدىمۇ «جىگدە كۆچىتى يۆتكەش ۋەقەسى»، «جىگ-
دە يېغىلىقى» دەپ ئاتالغانىدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇچتۇر-
پان خەلقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇچتۇرپاندىكى ھەربىي ۋە مەمۇرىي
ئەمەلدارلىرىنىڭ دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىقىغا ئۇچراشتىن سىرت
يەنە، چيەنلۇڭخان تەرىپىدىنمۇ ئەھمىيەتسىز ئالدىنغا تۇتۇلغان
بولۇپ، خەلق ئۇلارنىڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بۇيۇمغا ئايلى-
نىپ قالغانىدى. يەنە كېلىپ چيەنلۇڭخان ئامراق بىر خانىشىنى
دەپ، بېيجىڭدىن شۇنچە يىراق بولغان ئۇچتۇرپاندىن جىگدە كۆ-
چىتىنى ئەكەلدۈرەلمىگەننىڭ ئەنتىنى دەپ، قوزغىلاڭ باستۇرۇل-
غاندىن كېيىن ئۇچتۇرپان خەلقىنى ھەدەپ قىرغىن قىلىشقا بۇي-
رۇق چۈشۈرگەن. «بۇ ئىككى خىل ئەھۋالنى سېلىشتۇرغاندا،
ئالدىنقىسى كېيىنكىسىنىڭ ئالدىدا ھېچقانچە ئىش ئەمەس» [51]
ئىدى.

شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندا، زۇلۇم
قانچە ئېغىرلاشقانسېرى قارشىلىق شۇنچە كۈچىيىدۇ. ھالبۇكى،
ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇچتۇرپاندا
يۈرگۈزگەن سىنىپىي ۋە مىللىي زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇش يۈزى-
سىدىن كۆتۈرۈلگەن بولغاچقا، بۇ نۇقتىنى چيەنلۇڭخانمۇ مەلۇم
جەھەتتىن تونۇپ يەتكەندى. چيەنلۇڭخاننىڭ كۆزدە تۇتقىنى
شىنجاڭنىڭ قوزغىلاڭدىن كېيىنكى ۋەزىيىتى بولغاچقا، ئۇنىڭ

ئېيتقان «سۇ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ يولسىزلىقى بۇ ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان» [52]، «مېنىڭچە ئۇيغۇرلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشىدە باشقا ھېچقانداق سەۋەب بولمىسا كېرەك، چوقۇم ئاشۇ يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ قىلمىشلىرى، ئۇلارنى چىدىغۇسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغاچقا، نائىلاج توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان بولۇشى مۇمكىن» [53] دېگەن سۆزلىرى، پۈتۈنلەي ئۆزىنى نۇقسانسىز خان قىلىپ كۆرسىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئائىت ئىككىنچى بىر مەسىلە، قوزغىلاڭنىڭ جەريانىدىن ئىبارەت. ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشى چيەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى (مىلادىيە 1765 - يىلى) 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى (مىلادىيە 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى) پارتلىغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا سۇچىڭ بىلەن ئابدۇللا تەرىپىدىن جىگدە كۆچىتىنى يۆتكەپ ئاپىرىشقا بۇيرۇلغان 240 نەپەر ھاشارچى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۇچتۇرپاندىن ئايرىلماقچى ئىدى. «ئالۋانغا تۇتۇلغانلار ئۆزلىرىنىڭ نەرسە يۆتكەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، قەيەرگە توشۇيدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە، بېرىپ ھاكىمبەگ ئابدۇللادىن كۆرسەتمە سورىدى. ئابدۇللا ئېيتىپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە ئۇلارنى ئەيىبلەپ بىھۆرمەتلىك قىلدىڭلار دەپ، ئون نەچچە قامچا ئۇرغۇزدى. ئۇلار يەنە يامۇل زەنگىسىدىن ئىلتىماس قىلغاندا، ئۇمۇ بىھۆرمەتلىك قىلدى دەپ ھەربىرىنى 30 دەررىدىن ئۇرغۇزدى.» [54] ئۇچتۇرپان خەلقى بۇنى ئۇققاندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولدى. ئۇلار «بۇ كۆچەتنى بېيجىڭغا ئېلىپ بارغىچە تولا ئادەم ھالاكەتكە ئۇچرايدىغاندەك، بۇ ئەھۋالنىڭ سىرىنى رەھمۇتۇللابېككە ئىزھار قىلساق بىز بىلەن بىر سۆز - بىر نىيەتتە بولسا ناھايىتى ياخشى، ئەگەر سۆزىمىزگە كىرمەي قار-

شىلىق قىلسا بۇنى ئۆزى بىلەر دەپ ئەھۋالنى رەھمۇتۇللابېككە
بايان قىلىشتى. بۇنى رەھمۇتۇللا بېكمۇ ماقۇل كۆ-
رۇپ» [53]، 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كەچتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى
قارار قىلدى. لېكىن قوزغىلاڭچىلار قوزغىلاڭنىڭ سىرىنى مەخ-
پىي تۇتمىغاچقا، ئابدۇللانىڭ چاپارمەنلىرىدىن بىرەيلەن بۇ ئىش-
تىن ئالدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ «ھاكىمبەگنىڭ ئۆيىگە بېرىپ،
ئۇلارنىڭ قاچان توپىلاڭ كۆتۈرىدىغانلىقىنى، قانداق قول سالىدى-
غانلىقىنى، ھازىر قەيەرگە يىغىلىۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭغا تېزدىن
مەلۇم قىلدى. بىراق ئابدۇللا كەيپ بولغاچقا كاشىلا قىلدىڭ دەپ
ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي، ئەيىبلەپ قايتۇرۇۋەتتى.» [56] نەتىجىدە
قوزغىلاڭچىلار ئەسلىدىكى قارار بويىچە 2 ـ ئاينىڭ 14ـ كۈنى
كەچتە، يۆتكەيدىغان جىگدە كۆچەتلىرىنى قارا كەلتەك قىلىپ،
ئۇچتۇرپاندىكى چىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، قورال - ياراغ
ساقلايدىغان ئىسكىلاتنى كۆيدۈرۈۋەتتى. سۇچىڭ بىلەن ئابدۇللا
قالدۇق چىڭ قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، تاغقا چېكىنىپ
ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، قوزغىلاڭچى ئامما تەرىپىدىن
كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ قىلىندى. قوزغىلاڭچىلار ئابدۇللا-
نىڭ ئائىلىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ،
كېيىن ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئارقىدىنلا يەنە ئىش باشقۇرغۇچى ئامبان
مەھكىمىسىگە ھۇجۇم قىلىپ سۇچىڭنىڭ ئوغلى بىلەن مەھكىمە-
دىكى ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈردى. سۇچىڭ خەلقنىڭ غەزىپىدىن
قورقۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن
قوزغىلاڭچىلار بىر كېچىدىلا پۈتۈن شەھەرنى ئىشغال قىلىپ،
چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇچتۇرپاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ
تاشلىدى.

ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى ئېلىپ بار-
غان كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى
ھۆكۈمرانلىقىغا قاتتىق زەربە بەرگەچكە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلىرىنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتكەنىدى.
بولۇپمۇ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلار رايونىنى باشقۇرۇشقا
مەسئۇل مەسلىھەتچى ئامبان ناشتۇڭ بىلەن ئاقسۇنىڭ ئىش
باشقۇرغۇچى ئامبىنى بيەن تاخەيلەر كۆز ئالدىدىكى خەۋپنىڭ
بارغانسىرى زورىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلسا،
يەنە بىر تەرەپتىن جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. ئۇچ-
تۇرپاندا ۋەقە يۈز بەرگەنلىك خەۋىرىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئاڭلى-
غان بيەن تاخەي 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قول ئاستىدىكى 500
دىن ئارتۇق ئەسكەرنى ئېلىپ، شۇ كۈنىلا ئۇچتۇرپانغا يۈرۈش
قىلدى. ئەمما ئايرىم ماتېرىياللاردىكى بايانلاردىن قارىغاندا، بيەن
تاخەي ئۇچتۇرپان قەلئەسىگە يېقىنلاشقاندا «توپ ئېتىپ خەلقنى
مەجبۇرلىغانلىقتىن، خەلق نائىلاج بىرلىكتە قوزغىلىپ، قارشى-
لىق كۆرسىتىپ قوغدىنىشقا مەجبۇر بولغان.» [57] بۇ ئۇچتۇرپان
دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ جەريانىغا مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇھىم
بىر باسقۇچ بولۇپ، بۇنداق بولغاندا قوزغىلاڭچىلارنىڭ قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى مەلۇم بولىدۇ.

دەرۋەقە، بۇنداق گەپ ـ سۆزلەر چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈ-
مەت تەرەپ ھۆججەتلىرىدە ئېيتىلغان بولۇپ، ھەممىدىن بۇرۇن
«چىڭ ئوردىسىنىڭ گاۋزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»
دە تىلغا ئېلىنغانىدى:

«يارلىق، مىڭرۇينىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا ...... بيەن
تاخەي قوشۇن باشلاپ ئۇچتۇرپانغا يېتىپ بارغاندا، توپىلاڭنىڭ
سەۋەبىنى پەقەت سۈرۈشتۈرمەي، دەرھال ئوقۇقا تۇتۇشنى بۇيرۇ-
غان، ئۇچىنچى كۈنى شەھەر دەرۋازىسىنى توپقا تۇتقاندا، ئۇيغۇر-
لارمۇ قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىغان، بيەن تاخەي مەغلۇپ
بولۇپ دەككە ـ دۈككە ئىچىدە 70 ـ 80 ـ چاقىرىم ئارىلىقىچە
قېچىپ بارغان بولسىمۇ، يۈزدىن ئارتۇق پىيادە ئەسكەر بىلەن
ئۈچ دانە زەمبىرەكتىن ئايرىلىپ قالغان.» [58]

«دۆڭخۇا مەھكىمە پۈتۈك خاتىرىلىرى» بىلەن «مۇسۇلمان
يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى مەلۇماتمۇ ئاساسەن يۇ-
قىرىدىكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، «مۇ-
سۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە «ئۇچتۇرپاندىكى
ئۇيغۇرلار شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ چىقىپ بىيەن تاخەينى قار-
شى ئالماقچى بولغاندا، بىيەن تاخەي ئۇلارنى توپقا تۇتۇشقا بۇيرۇق
بەرگەن، ئۇلار شەھەر دەرۋازىسىنى تاقىۋالغان» [59] دېيىلگەن.
قالغان سۆزلەر ئاساسەن بىر - بىرى بىلەن ئوخشاش. بۇنداق
دېيىش بىيەن تاخەي «توپىلاڭنىڭ سەۋەبىنى پەقەت سۈرۈشتۈر-
مەي، دەرھال ئوققا تۇتۇشنى بۇيرۇغان» دېگەن سۆزنىڭ يەنىمۇ
مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلىشىدۇر. ئەمەلىيەتتە ئالدىنقى سۆزنىڭ ئىلى
جاڭجۈنى مىڭ رۈي تەرىپىدىن چىيەنلۇڭخانغا يەتكۈزۈلگەن ۋاقتى،
بىيەن تاخەي قوزغىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۇچتۇرپانغا يېتىپ
بارغان ۋاقتىدىن كۆپ كېيىن ئىدى. چۈنكى «چىڭ ئوردىسىنىڭ
گاۋزوڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» دە تىلغا ئېلىنغان بىيەن
تاخەينىڭ ئوردىغا يوللىغان مەلۇماتى ئاساسىدىكى بايانىدا .يەنە
باشقىچە بىر خىل ئەھۋال يورۇتۇلغان:

«ئاقسۇنىڭ مۇئاۋىن ئىش باشقۇرغۇچى قوماندانى بىيەن تا-
خەينىڭ مەلۇم قىلىشىچە 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قوشۇن باشلاپ،
ئۇچتۇرپانغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، ئەتىسى ئۇچتۇر-
پاندىكى قاراغوجىغا يېتىپ بارغاندا، ئوغرىلارنىڭ 800 دىن ئار-
تۇق ئادىمى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان. ئۇلارغا قوغلاپ زەربە
بەرگەندە، قولغا چۈشكەنلەردىن سۈچىڭنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچ-
رىغانلىقىنى، ھاكىمبەگ ئابدۇللانىڭ تۇتۇلۇپ قالغانلىقىغا ئائىت
بەزى گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىغان. بىيەن تاخەي ئۇچتۇرپاننىڭ
شەھەر سىرتىدىكى قىيالىقتا مۇداپىئەدە تۇرۇپ، 17- 18- كۈن-
لىرى يەنە كېچىدە ئوغرىلارغا ھۇجۇم قىلىپ، 100دىن ئارتۇق
ئادەمنى يوقاتقان. 19 - كۈنىگە كەلگەندە، ئوغرىلارنىڭ ئاتلىق

ۋە پىيادە ئادەملىرىدىن نۇرغۇن كىشى شەھەردىن چىقىپ ئۇرۇش
قىلغان. بيەن تاخەي يەنە ئوغرىلارنىڭ 100 دىن ئارتۇق ئادىمىنى
يوقاتقان بولسىمۇ، دۈشمەن كۆپ، ئۆزى ئاز كېلىپ قالغانلىقى
ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىدىنمۇ 70، 80چە ئادەم چىقىم
بولغان. ھازىر ئۇ جىگدىلىك دېگەن جايدا مۇداپىئەدە تۇرۇۋېتىپ-
تۇ.» ⑥⓪
بيەن تاخەينىڭ ئوردىغا يوللىغان مەلۇماتى ئاساسىدىكى يۇ-
قىرىدىكى بايانغا ئاساسلانغاندا، شۇ نەرسە ئايانكى، قوزغىلاڭچىلار
2 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىكى جەڭدىن بۇرۇن، بيەن تاخەي بىلەن
ئۈچ نۆۋەت كالتە جەڭ قىلغانىدى. ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا
توغرىدىن - توغرىلا توپقا تۇتۇش ۋە كېلىدىغان خەۋپكە قارىماي
شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپ قارشى ئېلىشقا ئوخشاش چۈشىنىش
تەس بولغان ئىشمۇ مەۋجۇت بولمىغانىدى. بۇ دېگەنلىك 2 -
ئاينىڭ 19 - كۈنى بيەن تاخەي شەھەر دەرۋازىسىنى توپقا تۇتقان-
دا، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۇنىڭغا ماس ھالدا ئاللىقاچان ئۆزلىرى-
نىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ بولغانلىقى بولۇپ، مىڭ رۇينىڭ
مەلۇماتىدىكىدەك گەپ - سۆزلەرنىڭ چىقىشى، قوزغىلاڭنىڭ
شۇنىڭدىن كېيىنكى جەريانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.
قوزغىلاڭچىلار بيەن تاخەينى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن دەل
بۇ چاغدا يەنە كۇچانىڭ ئىش باشقۇرغۇچى ئامبىنى ئې باۋمۇ بىر
بۆلەك قوشۇننى ئېلىپ ئۈچتۇرپانغا يېتىپ كەلدى. ئۇمۇ بيەن
تاخەيگە ئوخشاش قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن دەككىسىنى يەپ،
ئاقسۇغا چېكىنىپ بېرىپ، شۇ يەردە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى.
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىنى ناشتۇڭمۇ
ئالدىراپ - تېنەپ قوشۇن باشلاپ ئۈچتۇرپانغا يېتىپ كېلىپ،
بىرلا ھۇجۇم بىلەن قوزغىلاڭچىلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بول-
دى. بىراق ئۇ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ كۈچىنى سەل چاغلاپ، تۆھ-
پىنى تەنها ئىگىلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلغاچقا، قوزغىلاڭچىلار بىلەن

بولغان بىرقانچە قېتىملىق جەڭدە كەينى ـ كەينىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى. شۇنداقتىمۇ ناشتۇك ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئەمەلىي ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، تۆھپىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەدەپ ئوردىغا مەكتۇپ يوللاپ، بيەن تاخەينىڭ مەغلۇبىيىتىنى پەش قىلىپ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇندى. كېيىن يەنە ئىلى جاڭجۇنى مىڭ رۇينىڭ قوزغىلاڭچىلارنى قورشاپ يوقىتىش ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىشىنى توسۇپ، بىرمەھەل ئۆزى ئالدىنقى سەپ قوماندانى بولۇۋالدى. لېكىن ئۇنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتى ئوردىنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغاچقا، چيەنلۇڭخان مىڭ رۇينى ئالدىنقى سەپكە يۆتكەپ كېلىپ ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتمەكچى بولدى.

بيەن تاخەينىڭ ئوردىغا يوللىغان مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، «مىڭ رۇي قوشۇن باشلاپ، كەبىسە 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۈچتۇرپانغا يېتىپ كەلگەندى ۋە ناشتۇك قاتارلىقلار بىلەن كېڭىشىپ، گۇەن يىنباۋ بىلەن شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىدىغان، ناشتۇك بيەن تاخەي ۋە ئې باۋ بىلەن بىرلىكتە شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىدىغان بولدى.» [61] مىڭ رۇينىڭ قوزغىلاڭچىلارغا قارىتا قوزغىغان قورشاپ يوقىتىش ئۇرۇشى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇرۇشتا قوزغىلاڭچىلار چىقىمغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، چىڭ قوشۇنلىرىمۇ خېلى زور بەدەل تۆلىدى، مىڭ رۇي بىلەن بىرلىكتە شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىشقا مەسئۇل بولغان گۇەن يىنباۋغا ئوق تېگىپ ئېغىر يارىلاندى. چيەنلۇڭخان ئىشەنچ قىلىپ ئەۋەتكەن مىڭ رۇينىڭ دەسلەپىدىلا بۇنداق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشى، چيەنلۇڭخاننى قاتتىق ئەندىشىگە سالغاچقا، ئۇ يەنە بېيجىڭدىن سانغۇن ئاگۇينى مىڭ رۇيگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن

قوشۇنلىرىنىڭ سانى بىراقلا 10 مىڭدىن ئېشىپ، ئۈچتۇرپان شە-
ھىرىنى قاتمۇقات مۇھاسىرىگە ئالدى. ئۇرۇشتا چىڭ سۇلالىسى
بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنىبىرى، 3 - ئايدىن كېيىن قوزغىلا-
ڭچىلارنىڭ ئارقا سېپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. 5 - ئايغا كەل-
گەندە يەنە شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇدا
ئۈچ ئاي شەھەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ
كۈچىنى خوراتتى. بۇ جەرياندا چىڭ سۇلالىسى قاتتىق - يۇمشاق
ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىش بىلەن بىرگە، ئالدىنقى
سەپتىكى ئۆزىنىڭ قوماندانلىرىنىمۇ بوش قويمىدى.
چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى قوماندانلىرىنىڭ ئوت-
تۇرىسىدىكى پۈت تېپىشىش، ناشتۇڭ ئۈچتۇرپانغا يېتىپ بې-
رىپ، ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئال-
غان ۋاقىتتىلا باشلانغان بولۇپ، ئۇ دەسلەپتە بيەن تاخەينى نىشان
قىلدى. كېيىن مىڭ رۈينىڭ ئۈچتۇرپانغا كېلىشىنى چەكلەشكە
ئۇرۇنغان بولسىمۇ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۈستى - ئۈستىلەپ مەغ-
لۇپ قىلىشى بىلەن نائىلاج مىڭ رۈيگە يول قويدى. مىڭ رۈي
ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن
ئۇمۇ 3 - ئايدىكى مەغلۇبىيەتنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن قېچىپ،
شۇ ئايدىلا ئوردىغا بيەن تاخەي بىلەن ناشتوڭنىڭ ئۈستىدىن
مەلۇمات يوللىدى. چيەنلۇڭخانمۇ ئالدىنقى سەپتىكى قوماندانلى-
رىنىڭ كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ۋەزىيەتنى پەسەيتىش ئۈ-
چۈن، مىڭ رۈينىڭ مەلۇماتىنى ياقلاپ، 4 - ئايغا كەلگەندە بيەن
تاخەي بىلەن ناشتوڭنى ھەربىي قانۇن بويىچە جازالاشنى قارار
قىلدى. مىڭ رۈي بولسا بۇ قارارنى 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغا
كەلگەندە ئاندىن ئىجرا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرىنى باشقىلار-
غا ئۆتكۈزۈپ بەردى. دېمەك، بيەن تاخەي «قوزغىلاڭنىڭ سەۋە-
بىنى پەقەت سۈرۈشتۈرمەي، دەرھال ئوققا تۇتۇشنى بۇيرۇ-
غان» ، «خەلقنى مەجبۇرلىغان» دېگەن گەپ - سۆزلەر، چىڭ

سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى قوماندانلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
پۈت تېپىشىشلار بىلەن چيەنلۇڭخاننىڭ باشقىلارنى قۇربان قى-
لىپ، شۇنىڭ بەدىلىگە قوزغىلاڭنى ۋاقتىدا تىنجىتىپ، ۋەزىيەت-
نى يىغىشتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنۇشىدەك تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشتە
ئوتتۇرىغا چىقىرىلغانىدى. ئۇنى ئىزچىل شۇنداق چۈشىنىش
قوزغىلاڭنىڭ جەريانىغا سەل قارىغانلىق بولۇپ، ماھىيەت جەھەت-
تە قوزغىلاڭنى يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان قوزغىلاڭ قى-
لىپ قويۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر ئۇچتۇرپان دېھقانلار
قوزغىلىڭىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى جەريانىنى راستىنلا
شۇنداق بولغان دەپ چۈشەنگەندە، ئۇ ھالدا ئۇچتۇرپان خەلقى-
نىڭ، قوزغىلاڭنىڭ كېيىنكى جەريانىدىكى «ئاشلىق قالمىغان»
ئەھۋال ئاستىدىمۇ، «داۋاملىق جان تىكىپ قارشىلىق قىلغان»
⑫ كۈرەش روھىنى قانداق چۈشىنىش تەسەۋۋۇردىن تېخىمۇ يىراق
بولۇپ قالىدۇ، ئەلۋەتتە. ئومۇمەن ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىنى تىنى-
جىتىش جەريانىدا، چيەنلۇڭخاننىڭ قوزغىلاڭنى سېلىشتۇرما قى-
لىپ ئېيتقان، «ئاۋۋالقى قېتىمقى جۇڭغارلارنى تىنجىتىش بى-
لەن ئۇيغۇرلارنى تىنجىتىشقا قارىغاندا، بۇ قېتىمقىدەك كەسكىن
ئېلىشىش ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ» ⑬ دېگەن سۆزىدىن ئالغاندى-
مۇ، يۇقىرىقىدەك گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى كىشى-
نى ھەقىقەتەن ئەجەبلەندۈرىدۇ.

ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئائىت ئۈچىنچى بىر مە-
سىلە، قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىن ئىبارەت. قوزغى-
لاڭنىڭ جەريانىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، 1765 ـ يىلىدىكى
ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىدا، قوزغىلاڭچىلار، ئۆزلىرى بى-
لەن بىرگە ئالۋانغا تۇتۇلغان رەھمۇتۇللابەگنى قوزغىلاڭنىڭ رەھ-
بىرى قىلىپ سايلىغانىدى. بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمەت
تەرەپ ھۆججەتلىرىدىن كۆرە، باشقا ماتېرىياللاردىمۇ شۇنداق دې-
يىلگەن. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ يېزىلىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ ھەممى-

سىدە دېگۈدەك قوزغىلاڭغا دەسلەپ رەھمۇتۇللابەگنىڭ باشچىلىق
قىلغانلىقى، كېيىن ئۇ قۇربان بولۇپ، ئەسمۇتۇللابەگنىڭ داۋام-
لىق باشچىلىق قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدى. ئەمما ئەھمىيەت بې-
رىشكە تېگىشلىكى شۇكى، قوزغىلاڭنىڭ يۇقىرىدىكى ئىككى
نەپەر رەھبىرىدىن باشقا يەنە، مەلۇم ساندىكى كىشىلەردىن تەش-
كىل تاپقان رەھبەرلىك قاتلىمىمۇ بولۇشى كېرەك.
«خان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك
تەزكىرىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن:
«چيەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى ئۇچتۇرپاندا تۇرۇشلۇق ئامبان
سۇچىڭ بىلەن هاكىمبەگ ئابدۇللا ئۇزلىرىنىڭ ئۇچتۇرپاندا تۇر-
غانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنى قاقتى - سوقتى قىلغاندا،
2 - ئايدا رەھمۇتۇللابەگ قاتارلىقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ توپى-
لاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتقۇلۇق قىلدى.» [61]
ناھايىتى روشەنكى بۇ يەردە ئېيتىلغان «رەھمۇتۇللابەگ قا-
تارلىقلار» دېگەن سۆز، ھەرگىزمۇ رەھمۇتۇللابەگكىلا قارىتىلغان
بولماستىن، بەلكى رەھمۇتۇللابەگ بىلەن بىرگە قوزغىلاڭنى ئۇ-
يۇشتۇرغان كىشىلەرگىمۇ قارىتىلغانىدى. يەنە كېلىپ بۇ رەھمۇ-
تۇللابەگ ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكى قوزغىلاڭدا مۇھىم رول ئوينىغان
كىشىلەردىن تاشقىرى يەنە، قوزغىلاڭنىڭ باشقا رەھبەرلىرىنىمۇ
ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئادەملەرنى كۆر-
سىتەتتى. بۇنداق چۈشىنىش بىرقەدەر مۇۋاپىق بولۇپ، بۇنى
قوزغىلاڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە ئائىت بەزى ئىشلاردىنمۇ بى-
لىشكە بولىدۇ:
«2- ئاينىڭ بېشىدىلا ئىغۋالار تـارقىلىشـقا باشلىغانىدى،
14 - كۈنىدىكى جىگدە كۆچىتىنى يۆتكەپ ئاپىرىشقا تەيىنلەنگەن-
لەر سەل كۆپ بولۇپ كەتتى. رەھمۇتۇللا ئاغلاقچى قاسىم خوجا
بىلەن توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى مەسلىھەتلەشتى. قاسىم خوجا ئابدۇل-
لاغا تەسلىم بولۇش، بېرىپ سۇ دارىيىغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى،

ئۆزىنىڭ خالىغان ۋاقىتتا ئابدۇللارنىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ چوڭ
بەگلەرنى قولغا ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، شەھەر ئىچىدە قۇتراتـ
قۇلۇق قىلدى. رەھمۇتۇللا قاتارلىق بەش نەپەر كىشى يەنە ئامۇرـ
سانا بىلەن چوڭ - كىچىك غوجاملار قوشۇنلىرىنى ئېلىپ يېتىپ
كەلدى دەپ، كىشىلەرنى كوچىلارغا تام قوپۇرۇپ، خان قوشۇنـ
لىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشقا دەۋەت قىلدى.» [63]
يۇقىرىدىكى بايان چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا ئەسىرگە
چۈشۈپ قالغان بىر نەپەر قوزغىلاڭچىنىڭ ئىقرارنامىسى بولۇپ،
ئۇنىڭدا قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىرىگە ئائىت تۆۋەندىكىدەك ئىككى
مۇھىم يىپ ئۇچى يورۇتۇلغان: ئۇنىڭ بىرى رەھمۇتۇللابەگنىڭ
قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن دەسلەپ قاسىم خوجا بىلەن مەسلە-
ھەتلەشكەنلىكى؛ ئىككىنچىسى، رەھمۇتۇللا قاتارلىق بەش نەپەر
كىشىنىڭ خەلقنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۈندەپ، تەشۋىق پائالىـ
يەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقىدىن ئىبارەت. بۇ قوزغىلاڭنىڭ ناـ
ھايىتى تېز ئارىدىلا كۈن تەرتىپكە قويۇلۇپ، ئېلىپ بېرىلالىشىـ
دىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەگەر رەھمۇتۇللا بەگنىڭ
ئەتراپىدا ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىگەن بىر تۈركۈم كىشىلەر
بولمىغاندا، بەلكىم ئۇنىڭ ھەرىكىتى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۈچـ
تۇرپاندىكى دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئاللىقاچان سېزىلىپ قالغان
بولاتتى. ھاكىمبەگ ئابدۇللانىڭ بۇ خەۋەرنى كېيىچىلىكتە ئاڭلىـ
شى بولسا، ئالاھىدە بىر توغرا كېلىپ قېلىش بولۇپ، سۇچىلىك
بىلەن بىرگە جىگدە كۆچىتىنى شۇنچە يىراق يەرگە قانداق يۆتكەيـ
دىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، خىزمەت كۆرسىتىپ ئىنئام ئېلىشـ
نى كۆزلىگەن يەردە، قوزغىلاڭنىڭ ئالدىنى ئالماسلىق مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. بىراق ئۇ ئېسىنى يىغقاندا، رەھمۇتۇللابەگ بىلەن
ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى خەلقنى ئاللىقاچان تەشكىللەپ، قوزغىـ
لاڭ كۆتۈرۈپ بولغانىدى.
رەھمۇتۇللابەگنىڭ جەمەتىدىكىلەرگە كەلسەك، قوزغىلاڭـ

نىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى مۇشۇ جەمەتتىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا تارىخ ماتېرىياللىرىدا «جىڭ-دە كۆچىتىنى يۆتكەش ۋاقتىدا رەھمۇتۇللا بىلەن ئىنىسى ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭ ئاتىسى ئەسمۇتۇللا توسۇماقچى بولۇپ، نائىلاج ئەگەشكەن، نەتىجىدە ئۇلار سۇچىڭ تۇرىدىغان يامۇلنىڭ ئالدىغا ئوت قويۇپ، كۆيدۈرۈۋەتكەن. سۇچىڭ بىلەن ئابدۇللا ئوغرىلاردىن ئون نەچچەيلەننى ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، ئوغرىلار بارغانسېرى كۆپەيگەچكە، سۇچىڭ ئاۋۋال ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئارقىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان، ئابدۇللا قولغا چۈشۈپ قالغان» ⑯ دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىكى «رەھمۇتۇللا ئىنىسى بىلەن ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇنى ئاتىسى ئەسمۇتۇللا توسۇماقچى بولۇپ، نائىلاج ئەگەشكەن» دېگەن سۆزلەر، قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىنى چۈشىنىشتە سەل قاراشقا بولمايدىغان سۆزلەر بولۇپ، بۇنىڭلىق بىلەن رەھمۇتۇللا ئاتا - بالا ئىككىيلەننى دەسلىۋېپىدىلا بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن دەپ ھېسابلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى ئاقسۇنىڭ ئىش قول بېگى سالىنىڭ ئىنىسى ئىمىن ئۇچتۇرپاندىن قېچىپ چىققاندا ئېيتقان بولغاچقا، ئۇنىڭدا مەلۇم سىياسىي مەقسەتمۇ يوشۇرۇنغان بولۇشى ياكى بولمىسا ئەسمۇتۇللا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي كۈچىنى نەزەردە تۇتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. قىسقىسى مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەسمۇتۇللانىڭ ئۆزى ئەسلىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇچتۇرپاننىڭ لۇكچىن دېگەن كەنتتىكى توز پۆپۈكلۈك ئوتۇغاتلىق 4 - دەرىجىلىك بېگى ئىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئۇنى رەھمۇتۇللانى توسۇشقا ئۇرۇنغان دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى رەھمۇتۇللا قۇربان بولغاندىن كېيىنمۇ قوزغىلاڭغا داۋاملىق باشچىلىق قىلىپ، تاكى ئاخىرغىچە باش ئەگمىگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئەسمۇتۇللانى پۈتۈنلەي شۇنداق قىلغان دەپ ئالدىراپ دەلىللەشكىمۇ بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇنىڭدا بەلكىم

ئىمىن ئاكىسى سالىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قەستەن شۇنداق
سۆزلەرنى قىلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئىمىننى دەل ئۇنىڭ
ئاكىسى سالى سوراق قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سالى سوراق
قىلغان ئۇچتۇرپاندىن قېچىپ چىققان باشقا ئادەملەر پەقەت «ها-
زىر ئۇچتۇرپاندا ئوغرىلارنىڭ جەمئىي 2600 دىن ئارتۇق پىيادە
ۋە ئاتلىق ئادىمى بار، 200 دىن ئارتۇق ئادىمى ئۆلدى ۋە يارىدار
بولدى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇيرۇتلاردىن (قىرغىزلار) ياردەم
سوراشقا ئادەم ئەۋەتىپتۇ، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى ئاسىيلار بىلەن
ھەمنەپەس بولۇپ كەلگەن لۇكچىن كەنتىدىكى توز پۈپۈكلۇك
ئوتۇغاتلىق 4 ـ دەرىجىلىك بەگ ئەسمۇتۇللا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى
رەھمۇتۇللا قاتارلىقلار» [67] دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىلا قىلغانىـ
دى. بۇنىڭدىن ئەسمۇتۇللا بىلەن رەھمۇتۇللا ئىككىيلەننىڭ خې-
لىدىن بېرىلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇچتۇرپاندىكى سىنىپىي ۋە
مىللىي زۇلۇمىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەنلىكى بىلەن، ئىككىسى-
نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئاتا ـ بالىلىق ئوتتۇرىسىدى-
كى مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ.
دەرۋەقە يەنە ئايرىم ماتېرىياللاردا «قوزغىلاڭچىلارنىڭ باش-
لىقى رەھمۇتۇللا ئوقيا ئوقى بىلەن يارىلىنىپ ئۆلدى. ئۇنىڭ
ئوغلى ئەسمۇتۇللا قوزغىلاڭغا داۋاملىق رەھبەرلىك قىلىپ، شە-
ھەرنى قاتتىق مۇداپىئە قىلدى» [68] دەپمۇ قارالغان. بۇنداق دەپ
قاراش بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپلا قالماي، ماتېرىيال ئاساسمۇ
كەمچىل بولۇشى كېرەك. چۈنكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا تارىخ
ماتېرىياللىرىدىكى ئەسمۇتۇللا بىلەن رەھمۇتۇللانىڭ ئوتتۇرىسى-
دىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئاتا ـ بالىلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت
ئىكەنلىكىگە ئائىت گەپ ـ سۆزلەرنى، دەل رەھمۇتۇللا قاتارلىق-
لاردىن چەك ـ چېگرىسىنى ئايرىپ قېچىپ چىققان ئىمىن بىلەن
نەزەرموپتىنىڭ ئىككىلىسى تىلغا ئالغان بولۇپ، ۋاقىت جەھەتتى-
مۇ ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭى تېخى داۋاملىشىۋاتقان مەز-

گىلگە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، رەھمۇتۇللانىڭ ئاتىسى ئەسمۇتۇللانىڭ خېلى ياشانغان ئادەم ئىكەنلىكى بىلەن ئىنىسىنىڭ كىشىلەر تىلغا ئالغان ئەمرۇللا ئىسىملىك ئادەم ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، قوزغىلاڭچىلاردىن چەك - چېگرىسىنى ئايرىپ قېچىپ چىققانلار، ئوچۇقتىن - ئوچۇقلا ئاتا بىلەن بالىنى، ئاكا بىلەن ئىنىنى ئايرىلاشتۇرۇۋەتمىگەن بولۇشى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنىڭ مۇشۇ تەرىپى بولسىمۇ ئىشەنچلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئەمدى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا تارىخ ماتېرىياللىرىدا تىلغا ئېلىنغان «رەھمۇتۇللا قاتارلىقلار» ياكى «رەھمۇتۇللا قاتارلىق بەش نەپەر كىشى» دېگەن گەپ - سۆزلەرگە كەلسەك، بۇ يەردە «جۇڭغارلارنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى» دىكى مەلۇماتتىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ:

«لۇكچىن كەنتىدىكى تۆتىنچى دەرىجىلىك بەگ ئەسمۇتۇللا، لەمجىن كەنتىدىكى بەشىنچى دەرىجىلىك بەگ ئەمرۇللا، ياركەنتتىكى بەشىنچى دەرىجىلىك قازىبەگ غوپۇر، بەشىنچى دەرىجىلىك مىرابەگ ھوشۇر، ئىشقۇلىبەگ مۇھەممەت ئېلى قاتارلىقلار ئاممىغا باشچىلىق قىلىپ، خان قوشۇنلىرىغا قارشى تۇرۇپ، شەھەردىكى ئىشلارنى ئۆزئارا تەقسىم قىلىشىپ، بىر ياقلىق قىلىدى.» (69)

دېمەك، قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمى رەھمۇتۇللابەگنىڭ باشچىلىقىدىكى يۇقىرىدىكى بەش نەپەر كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوزغىلاڭ مەزگىلىدىكى ئۇچتۇرپاننىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ خەلق ئىچىدىكى مەلۇم ئابرۇيى ۋە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنى قوزغىلاڭغا تەشكىللەش ۋە قوزغاشتا مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى.

## ئىزاھلار:

①خۇاڭ شېڭجياڭ «ستايول خالىستوي ئەپەندى قول يازمىلار توپلىمى ۋە غەربىي شىمالنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1984 - يىللىق خەنزۇچە 2 - سانىغا بېسىلغان.

②مېيسۇنتيەن «XIII ئەسىردىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھوقۇق كۆچى» شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژۇرنىلى 1959 - يىل 1 - 2 - سان 5 - بەت. ساگوجى تورۇ يازغان «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 - يىل خەنزۇچە نەشرى 113 - بەت.

③ «ئۇيراتلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى 1 - كىتاب 32 - بەت.

④⑥گوي ئې «قۇمۇل ۋەقەسىگە ئائىت ئوردىغا يوللانغان مەكتۇپلار» تۇرپاندىكى ياتلارنىڭ ئەھۋالى، چېن گاۋخۇا «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل، تۇرپانغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىل خەنزۇچە نەشرى 460 - بەت.

⑤«مىڭ ۋۇزۇڭنىڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 164 - جىلد.

⑦«مىڭ شىزۇڭنىڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 556 - جىلد.

⑧شى ماۋ خۇا «ياتلارنىڭ ئىلتىپاتقا رەھمەت ئېيتىپ ئولپان تەقدىم قىلغانلىقىغا ئائىت ئىشلار» ، چېن گاۋخۇا «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل، تۇرپانغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىل خەنزۇچە نەشرى 421 - بەت.

⑨جاڭ يۇ «چېگرا رايونلار توغرىسىدا تەھسىل» ، «تارىخىي رەشىدىيە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل نەشرى 1 - كىتاب 349 - بەتتىكى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلار يازغان ئىزاھ.

⑩يىن شىدەن «يانلارنىڭ ئىلتىپاتقا رەھمەت ئېيتىپ ئولپات تەقدىم قىلغانلىقىغا ئائىت ئىشلار» ، چېن گاۋخۇا «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل، تۇرپانغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

1984 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 418 ـ بەت.

⑪شاھ مەھمۇد جوراس «تارىخ» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 ـ يىلى نەشر قىلغان «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» ناملىق كىتابنىڭ ئەسەر 58 ـ بەت.

⑫خۇاڭ ۋېنۋېي «قايتا تۈزىتىلگەن سۇجۇنىڭ يېڭى تەزكىرىسى» دە نەقىل كەلتۈرۈلگەن «غەربىي چېگرا ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات»؛ ساگو-جى تورۇ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 121 ـ، 122 ـ بەتلەر.

⑬ ساگوجى تورۇ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» 121 ـ بەت.

⑭«يېڭى تاڭنامە، جۇغراپىيە تەزكىرىسى» جۇڭخۇا نەشرىياتى 1975 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 2 ـ كىتاب 1149 ـ بەت.

⑮㉙ مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى I توم 516 ـ، 649 ـ، 666 ـ بەتلەر بىلەن 61 ـ بەت.

⑯باھائىددىن ئۆگەل «تۈرك مەدەنىيەت تارىخىغا كىرىش» ئەنقەرە 1978 ـ يىل تۈركچە نەشرى 287 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

⑰ شۈي گوجىن «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تەزكىرىسى» 4 ـ كىتاب.

⑱«جۇڭگونىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ناملىرى قامۇسى» 729 ـ بەت.

⑲جۇڭ گۇاڭشىڭ «شىنجاڭ ھەققىدە تەپسىرات» 3 ـ جىلد، خاربىن جۇڭگو باسما ئىدارىسى باستۇرغان نۇسخا.

⑳㉖جۇۋ لىيەنكۇن «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسىدىكى تارىخ، جۇغراپىيىگە دائىر تەتقىقات ماقالىلىرى» جۇڭخۇا نەشرىياتى 1984 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 76 ـ بەت.

㉑مەمتىمىن بائىز «ئاقسۇدىكى قەدىمكى ئىزلار» شىجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى (ئىچكى ژۇرنال) 1985 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 3 ـ سان.

㉒㉓خ. ۋ. بەيلى «خوتەن تىل تېكىستلىرى» Ⅶ توم 71 ـ، 73 ـ بەتلەر، جاڭ گۇاڭدا بىلەن روڭ شىنجياڭ بىرلىشىپ يازغان «يىراق قەدىمكى دەۋردە ئۇدۇندا ياشىغان ساك ئاھالىلىرى» ناملىق ماقالىدە كەلتۈ-رۈلگەن نەقىل؛ «غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر تەتقىقاتى» 1989 ـ يىللىق

خەنزۇچە، 1 ـ سان.

㉔دوكتور فۇيۇەن يۈنلەي تۈزگەن، خەنزۇچە تەرجىمە قىلىنغان «سانسكرىتچە چوڭ لۇغەت» I توم 281 ـ بەت.

㉕سېن جۈڭمىيەن يازغان «خەننامە غەربىي يۇرت تەزكىرىسىدىكى جۇغراپىيە ۋە يول ئارىلىقلىرىغا ئىزاھ» نىڭ 2 ـ قىسىم 390 ـ بەت بىلەن فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «غەربىي يۇرت جەنۇبىي دېڭىزنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈپ دەلىللەشكە دائىر ماقالىلەر» نىڭ 1 ـ قىسىم 7 ـ 8 ـ بەتلەردىكى پېللىئوت يازغان «كۇچا، ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپاننىڭ قەدىمكى نامى» ناملىق ماقالە.

㉗خەن كاڭشىن «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان ئاھالىسى توغرىسىدىكى ئىرقىي ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەن تۈزىلىش ئالاھىدە-لىكى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق ئۇيغۇر-چە 3 ـ سان.

㉘ خۇاڭ ۋېنبى «غەربىي شىمالنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسى توغرىسىدا مۇھاكىمىلەر» شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 213 ـ بەت.

㉚مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىيا-تى 1984 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى Ⅲ توم 208 ـ 236 ـ بەتلەر.

㉛ «چىڭ ئوردىسىنىڭ شېڭزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 271 ـ جىلد «چىڭ ئوردىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرىدىكى جۇڭغارلارغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئۈزۈندىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 188 ـ بەت.

㉜ساگوجى تورۇ «XVIII — XIX ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئى-يەت تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 1 ـ كىتاب 16 ـ بەت.

㉝㉞㉟㊲㊶(65)(69) «جۇڭغارلارنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى» تەيۋەن سودا باسما ئىدارىسى تارقاتقان نۇسخا، 7 ـ، 9 ـ، 51 ـ، 28 ـ، 27 ـ جىلدلار.

㊳㊱ «خان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن تاشقى ۋاسساللار موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاڭ گۇڭلىرىنىڭ نەسەبنامە ۋە تەرجىمھالى» 110 ـ، 116 ـ جىلد تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە، ساگوجى

تورۇ يازغان «XVIII- XIX ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل؛ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىل خەنزۇچە نەشرى 19 - بەت.

(39) «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 48 - جىلد، 5 - بەت.

(40) نيۇ رۇجى «شىنجاڭ يەر نامىلىرىدىن مەدەنىيەتكە نەزەر»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1989 - يىللىق خەنزۇچە 2 - سان.

(42) ئەخمەد تۆمۈر «1722 - 1741 - يىللاردىكى تۇرپانغا ئائىت ھۆججەت»، ساگوجى تورۇ يازغان «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» نىڭ 148- بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

(43) ساگوجى تورۇ «XVIII- XIX - ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 - يىل خەنزۇچە نەشرى 23 - بەت.

(44) مەخمۇت ئەلەم «خوتەن تەزكىرىسى»، تۇرسۇن بارات بىلەن نەبىجان تۇرسۇن بىرلىشىپ يازغان «ئۇچتۇرپاندىكى يەتتە قىزلىرىم مەقبەرىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «شىنجاڭ ياشلىرى» 1988 - يىللىق ئۇيغۇرچە 2 - سان.

(45)(49) ۋېي يۈەن «زەپەرنامە»، چىيەنلۇڭ زامانىسىدىكى شىنجاڭ تىنجىتىلغاندىن كېيىنكى ئىشلارغا ئائىت خاتىرىلەر، 4 - جىلد.

(46) زېڭ ۋېنۇۋ «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى 299 - بەت.

(47)(50)(52)(58)(60)(61)(62)(63)(66)(67) «چىڭ ئوردىسىنىڭ گاۋزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 730 -، 733 - 737 -، 741 -، 731 - جىلدلار.

(48)(54)(56)(59) خې نىڭ «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» تەيۈەن ۋېنخەي نەشرىياتى نەشرى، 12 - جىلد

(51) جى داچۈن «قەشقەردىكى ئىپارخان قەبرىسى توغرىسىدىكى خاتا چۈشەنچىلەرگە تۈزىتىش» شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى 1986 - يىللىق ئۇيغۇرچە 1 - 2 - سان (ئىچكى ژۇرنال).

(53) «چىيەنلۇڭ زامانىسىدىكى دوگخۇا مەھكىمە پۈتۈك خاتىرىلىرى» 6 - جىلد.

(55) موللا موسا سايرامى «تارىخىي ھەمىدى» ئۇيغۇرچە نەشرى

205 ـ 206 ـ بەتلەر.

57 فېڭ جياشېڭ، چېڭ سۇلۇ، موگۇاڭۇىن «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى» 2 ـ كىتاب خەنزۇچە نەشرى 142 ـ بەت.

64 «خان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى كۇتۇپخانىسى تارقاتقان نۇسخا، 17 ـ جىلد.

68 «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ كىتاب، 478 ـ بەت.

## 2. جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇمۇلغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىكى ۋە قۇمۇل خەلقىنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى

«مىڭ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» دە XV ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى قۇمۇل توغرىسىدا توختىلىپ، «قۇمۇل تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، شەھەرنىڭ دائىرىسى 3 ـ 4 چاقىرىم كېلىدۇ، ئىككى دەرۋازا ئېچىلغان، شەرق تەرىپىدىكى ئېقىن غەربىي شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ. تۇپرىقى شورلۇق، ئۆرۈك دەرىخى ئۆستۈرۈلىدۇ، تېرىقچىلىق قىلىشتا يەرگە ئوغۇت بېرىشكە تايىنىدۇ. پەقەت پۇرچاق ۋە بۇغداي بىلەن ئارپىنىلا تېرىيدۇ. شىمالدىكى تاغ ئارقىلىق ئويراتلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۇنىڭ غەربىي قوچۇ قاتارلىق شەھەرلەر بىلەن تۇتىشىدۇ. شۇڭلاشقا قۇمۇل غەربىي شىمالدىكى غوزلارغا بېرىپ، كېلىشتىكى مۇھىم يولدۇر» ① دەپ كۆرسەتكەنىدى. دەرۋەقە قۇمۇل ئەينى ۋاقىتتىكى غەرب ۋە شەرق قاتنىشىنىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان بولغاچقا، مىڭ سۇلالىسى ۋە غەربىي يۇرتتىكى ئەللەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقە قىلىشىدىكى بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان ئۆتكىلىگە ئايلانغانىدى. لېكىن بۇ مەزگىلدىكى قۇمۇل بىرمەھەل ھەرقايسى تەرەپ كۈچلىرىنىڭ كېڭىيىش ۋە تالىشىش نىشانىغا ئايلىنىپ قالغانلىقتىن، ئەڭ ئاۋۋال مىڭ سۇلالىسى قۇمۇلغا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كىرگۈزۈپ، 1406 ـ يىلى قۇمۇلدا «قۇمۇل ياساۋۇلخانىسى» نى تەسىس قىلغانىدى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇل ياساۋۇلخانىسىنى تەسىس قىلىشى، ئۇنى ئويرات ۋە شەرقىي چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن مۇداپىئە كۆرىدىغان ئالدىنقى سەپ قاراۋۇلخانىغا ئايلاندۇرۇشى ئىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ يوڭلې يىللىرى (1403 ـ 1425) دا قۇمۇلدا يۈز بەرگەن بەزى ۋەقەلەر، پۈتۈنلەي مۇشۇ مەقسەتنى چۆرىدەپ ئېلىپ

بىرىلگەنىدى.

جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇمۇلغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىكى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى بىلەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلدىكى سۈركىلىشىدىن كېيىن، يەنى ئويراتلارنىڭ ئاقساقىلى تەيپىڭنىڭ دەۋرىدە كۆرۈلگەن بولۇپ، 1421 ـ يىلى تەيپىڭ قوشۇن باشلاپ، قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلغانىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى ئېسەننىڭ دەۋرىگىچە ئويراتلار قۇمۇلغا قاراتقان كېڭىيىشىنى توختىتىپ قويمىدى. 1443 ـ يىلىغا كەلگەندە ئېسەن مىڭ سۇلالىسىنىڭ خەن دۆڭ، شاجۇ، چىچىن قاتارلىق ياساۋۇلخانىلىرىغا ھۇجۇم قىلغاندا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قول ئاستىدىكى ئاتامان ئانكى تۆلا قاتارلىقلارنى قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى، ئانكى تۆلا قاتارلىقلار قۇمۇلدىكى ئاتامان شەمشىدىن بىلەن بىرلىكتە، قۇمۇل شەھىرىگە بىر ئايدىن ئارتۇق قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، «ئاتامانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئەر ـ ئاياللارنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئات، كالا، تۆگە دېگەنلەردىن ھېسابسىز تالاڭ قىلىپ خاننىڭ ئانىسى ۋە ئايالىنى قولغا چۈشۈرۈپ، شىمالغا قايتىپ كەتتى، خانغا تەھدىت سېلىپ، ئېسەننى تاۋاپ قىلىشنى بۇيرۇدى، خان قورقۇپ كېتىپ، بىرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى، كۆپ قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ، قىيىنچىلىقىنى پەش قىلىپ، پەرمان بويىچە قوۋملىرىنى ئىدارە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تاكى ئانىسى ۋە ئايالى قايتىپ كەلگۈچە بويسۇنمىدى.» ② بۇنىڭدىكى قۇمۇل خانى، قۇمۇلنىڭ سادىق ئادىل ۋاڭى تۇۋاتاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى ئېسەننىڭ ئاچىسى نوۋىندداشرى ئىدى. نوۋىنداشرى ئېسەننىڭ ئاتىسى توخاننىڭ دەۋرىدە قۇمۇلنىڭ سادىق ئادىل ۋاڭى بەگتاشقا ياتلىق قىلىنغان بولۇپ، توخان تەيشى قۇدىلىشىش يولى بىلەن بىر تەرەپتىن قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ سودىدىكى ماھىرلىقىدىن پايدىلىنىپ مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنسا،

يەنە بىر تەرەپتىن ئېخىمۇ كۆپ ئىقتىساقچى تەشكىللەپ، ئۆزلە-
رىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلاتتى.

ئويراتلار بىلەن قۇمۇل بوستانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇز-
داق نىكاھ مۇناسىۋىتى، ئەمەلىيەتتە ئويرات كۈچلىرىنىڭ قۇ-
مۇلغا سىڭىپ كىرىشى بولۇپ، تۇۋا تاش بەگتاشىنىڭ تۇۋىنداشىرى-
دىن بولغان چوڭ ئوغلى ئىدى. ئېسەنىنىڭ قۇمۇلغا ھۇجۇم قى-
لىپ، ئۆزىنىڭ ئاچىسى ۋە جىيەنىنىڭ ئايالىنى تۇتۇپ كېتىشى
بولسا، ئۇنىڭ مىڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئارقا كۆرۈ-
نۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك قىلىسىمۇ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئو-
تۇغاتىنى قوبۇل قىلىپ كەلگەن قۇمۇلنىڭ يۇقىرى قاتلاملىرىنى
ئىسكەنجىگە ئېلىپ، شۇ ئارقىلىق ھەم شەرققە ھەم غەربكە كېڭە-
يىشكە ئۇرۇنۇشى ئىدى. بولۇپمۇ ئۇ ئاتىسى توخان تەيشىكە
ئوخشاش مىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى قولغا
كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەچكە، قۇمۇلنىڭ سادىق، ئادىل ۋا-
ڭى تۇۋا تاشنى ئۆزىگە بەيئەت قىلدۇرغاندىن كېيىن، ھەقىقەتەن
قۇمۇلدىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئالاقە تورىدىن پايدىلاندى.

«مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» دە خاتىرىلىنىشى-
چە، «ئېسەن ئۇيغۇر سودىگەر سۇلتان قاتارلىقلارنى قىزىقتۇرۇپ
ۋە پوپوزا قىلىپ»، ھەم قۇمۇل ۋە سەمەرقەنت قاتارلىق جايلار-
نىڭ ئەلچىلىرىدىن بولۇپ، 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى «شەنشىگە
بېرىپ، ئولپان سودىسى قىلىشقا ئەۋەتتى.» ياندۇرقى يىلى 1
- ئايدا مىڭ سۇلالىسى «شىمالىي ئويراتلار قاتارلىق جايلاردىن
كەلگەن توتۇ بۇخانىڭ ئەلچىسى بۇدۇۋەن، ئېسەنىنىڭ ئەلچىسى
بابۇ، ئۇيغۇرلاردىن بولغان ئەلى سۇلتان قاتارلىقلاردىن بولۇپ،
6511 ئادەمگە شىغاۋۇل پىرقىسىدە زىياپەت ھازىرلاپ، تارتۇق
بەردى.» ③ بۇنىڭدىكى سۇلتان بىلەن ئەلى سۇلتان بىر ئادەم
بولۇشى مۇمكىن، ئۇ 1448 - يىلىمۇ ئېسەنىنىڭ ئەلچىسى بىلەن
بىرگە مىڭ سۇلالىسىگە ئولپان ئېلىپ بېرىپ، يول بويى تىجارەت

قىلغانىدى. دېمەك، بۇ خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسى ئېسەننىڭ قۇ-
مۇلغا كېڭىيىشىنىڭ ئۇنۇم بېرىپ، ھەتتا قۇمۇل بوستانلىقىنى
كونترول قىلىپ، بىرمەھەل قۇمۇلنىڭ مىڭ سۇلالىسى بىلەن
بولغان سودىسىنى مونوپول قىلىۋالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرى-
دۇ.

ئويراتلارنىڭ قۇمۇلغا كېڭىيىشى 1454 - يىلى ئېسەن
ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن مەلۇم توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانىدى. يەنى
ئويراتلارنىڭ غەربىي يۇرتقا قاراتقان شىددەت بىلەن كېڭىيىش
سىياسىتى، ئۆزىنىڭ رولىنى كۆرۈنەرلىك تارايتقانىدى. بۇنىڭ
سەۋەبى شۇكى، ئېسەن ئۆلگەندىن كېيىن ھۆكۈمرانلىق سىستې-
مىسىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، پارچىلىنىش ھالى-
تىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئېسەننىڭ ئىنىسى
بۇدۇ ۋاڭ قاتارلىقلار ئاچىسى نۇۋىنىدا شىرىدىن پاناھ تىلەپ كەل-
گەچكە، ئۇنىڭ قوۋملىرى قۇمۇلدىكى خەلقلەرنىڭ تەركىبىدە زور
ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، ئويراتلارنىڭ داۋاملىق قۇمۇل ۋە ئۇنىڭ
ئەتراپىدىكى جايلارغا كېلىپ ئورۇنلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقار-
دى. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ شىيەنزۇڭ ۋە شياۋزۇڭ زامانىسىدىكى
ئوردا خاتىرىلىرى» گە ئاساسلانغاندا، 1469 - يىلى ئېسەننىڭ
2 - ئوغلى ئاشتېمۇرنىڭ «قول ئاستىدىكى قەبىلىلىرى ئىسيان
كۆتۈرگەن» دە، ئويراتلارنىڭ ئارىسىدا بۆلۈنۈش يۈز بېرىپ،
«مۇئەككىل بايسىغا قاتارلىقلار قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلىپ،
قۇمۇلنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ مال باققانىدى.» ④
1486 - يىلى ئېسەننىڭ نەۋرىسى ئاشا تەيشىلىككە ۋارىسلىق
قىلغاندا، «ئاشانىڭ ئىنىسى ئارىخگودا قاتارلىقلار ئۇنىڭ بىلەن
ئازارلىشىپ قالغاچقا، قوۋملىرىغا باشچىلىق قىلىپ چېگرىغا
كەلگەندە، گەنسۇنى تالاڭ قىلماقچى بولدى، ھەمدە خانزىنىغا
تەھدىت سېلىپ، قۇدىلىشىشنى نىيەت قىلدى.» ⑤ 1487 -
يىلى ئونغان ۋاڭ باشچىلىقىدىكى ئويراتلارنىڭ 7 مىڭ قوۋمى

باركۆلگە كېلىپ ئورۇنلاشتى، ئۇزاق ئۆتمەي ئويراتلارنىڭ ئۇ-
لۇغ تەيشىسى ئاشامۇ قوۋمىلىرىنى ئېلىپ، قۇمۇلغا قاراپ سۇرۇل-
دى. قىسقىسى بۇ مەزگىلدە قۇمۇلنىڭ تۇتۇقبېگى خانزېن (نو-
ۋېنداشىرىنىڭ نەۋرىسى) «ئويراتلارنىڭ ۋاڭى ئونغان بىلەن ئاشا
تەيشى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزئارا تەھدىت سېلىشى تۈپەيلىدىن زادىلا
ئەمىنلىك تاپالمىغانىدى.» ⑥ دېمەك، ئويراتلارنىڭ قۇمۇلغا كې-
لىپ ئېلىشى ئېسەن ئۆلگەندىن كېيىن مەلۇم توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان
بولسىمۇ، ئېسەننىڭ ئاچىسى نوۋنداشىرىنىڭ ئويراتلارغا پاناھ
بولۇشى، ئويراتلارنىڭ قۇمۇل ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان باركۆل
قاتارلىق جايلارغا تۇپلىنىش ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.
هالبۇكى، ئېلبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇۋەيسخاندىن كېيىن-
كى تۇرپاننى مەركەز قىلغان تارمىقى ئۇۋەيسخاننىڭ نەۋرىسى
ئەخمەتخاننىڭ تىرىشىشى بىلەن XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن
باشلاپ كۈچىيىشكە باشلىدى. 1470 ـ يىلىدىن 1491 ـ يىلىغى-
چە بولغان ئارىلىقتا ئۇ قۇمۇلنى ئۈچ قېتىم ئىشغال قىلىۋالدى.
بۇ تەبىئىيكى ئويرات كۈچلىرىنىڭ قۇمۇلدىكى تەسىرى ۋە كېڭەي-
مىچىلىكىنى قاتتىق تەسىرگە ئۇچراتقاچقا، «بىرمەھەل كۈچەي-
گەن تۇرپان ھاكىمىيىتىنىڭ ئالدىدا XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى-
دىن كېيىن ئويراتلارنىڭ قۇمۇلدىكى ئەسلىدىكى ئورنى تۇرپان
تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى. شۇڭا XV ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى-
دىن كېيىن ئويراتلار گەرچە ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت مەركىزىنى
قۇمۇل ئەتراپىغا يۆتكىگەن بولسىمۇ بۇ رايونلارنى رادىلا كونترول
قىلالمىغانىدى.» ⑦ بىراق ئەخمەتخاندىن كېيىن خان بولغان
مەنسۇرنىڭ ئوغلى شاھخاننىڭ دەۋرى (1545 ـ 1570). گە
كەلگەندە، شاھخاننىڭ ئويراتلارغا قارشى بىر قېتىملىق جەڭدە
ئوق تېگىپ ئۆلۈشى، ئويراتلارغا تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان رايونلاردا يېڭى چىقىش يولى ئېلىپ كەلدى.
بۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى تۇرپان ھاكىمىيىتىنىڭ ئويراتلار بىلەن

بولغان قارىمۇقارشىلىقنىڭ ئورنىنى، ئەمدىلىكتە كەلگەندە، دەسلەپ «قالماق» دېگەن نام بىلەن كۆرۈلگەن ئويراتلار بىلەن كېيىن «جۇڭغار» دېگەن نام بىلەن يۈرگۈزۈلگەن ئويراتلارنىڭ يەركەن خانلىقى بىلەن بولغان قارىمۇقارشىلىقى ئىگىلىدى.

شاھ مەھمۇد جوراس يازغان «تارىخ» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇرپان ھۆكۈمرانى شاھخان ئۆلگەندىن كېيىن، تۇرپان بىلەن چالىشنى ئابدۇرەشىت سىستېمىسىدىن بولغان قۇرەيىش سۇلتاننىڭ ئوغلى خۇدابەندى سۇلتان ئىلكىدە ئۆتۈپ تۇرغانىدى. 1591 ـ 1592 ـ يىللىرى ئەتراپىدا يەركەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇكېرىمخان ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى مۇھەممەدخان خان بولغاندا، ئۇ كىچىك ئىنىسى ئابدۇرەھىمخاننى «چالىش بىلەن تۇرپان تەرەپكە پادىشاھلىققا ئەۋەتكەنىدى»، «يەركەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، چالىش، تۇرپان مەملىكەتلىرى تاكى قۇمۇل، خوتەن، سېرىق قول ھەتتا «كانى لەئىلى» لەرگىچە بولغان ئورۇنلاردا خۇتبە، تامغىلار ھەزرىتى مۇھەممەدخاننىڭ ئىسمى فامىلىلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن ئىدى.» ⑧ بۇ ھال قۇمۇلنىڭ شاھخان ئۆلگەندىن كېيىن تۇرپان بىلەن بىرگە يەركەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسىم سۇيۇرغاللىق دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىنى، شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇنىڭ ئايرىم تەپرىقىچىلىك ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، يەركەن خانلىقىنىڭ XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XVII ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغىچە بولغان تارىخىي جەريانىغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئويراتلار تۆت ئويرات قەبىلىسى بولۇپ شەكىللەنگەنىدى. «تارىخنامىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق قىلىدىغان يەرلىرى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئېلىمىزنىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئېلبالىق رايونىغا قاراپ كېڭەيگەنىدى.» ⑨ ئومۇمەن ئويراتلار تۆت ئويرات

قەبىلىسى بولۇپ شەكىللىنىپ، جۇڭغار قەبىلىسى قارا قۇللانىڭ دەۋرىدىكى راۋاج تېپىشلار ئارقىلىق، باتۇر قۇنتەيجىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە كۈچىيىپ، ئاخىر XVII ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا بىرلىككە كەلگەن بىر ھاكىمىيەت گەۋدىسى بولۇپ ئۇيۇشقانىدى. بۇ ئەينى مەزگىلدىكى يەركەن خانلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەھدىتنىڭ تېخىمۇ زورايغانلىقىنىڭ بېشارىتى بولۇپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى يەركەن خانلىقى بىلەن بولغان توقۇنۇشتا، يەنىلا قۇمۇلنى ئاجىز نۇقتا دەپ ھېسابلىغانىدى. گەرچە دەسلەپتە باتۇر قۇنتەيجىنىڭ نۇقۇل ھالدىكى بۇلاڭ ـ تالىڭىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۇرگۈزگەن دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش سىياسىتىدە، قۇمۇلدىن بۇلاپ كېلىنگەن ئاھالىلەرمۇ ئوخشاشلا «بۇخارالىقلار» دېگەن نام بىلەن كۆرۈلگەن بولۇشى كېرەك.

ساگوجى تورۇ مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭغارلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە باتۇر قۇنتەيجىنىڭ دەۋرىدىن باشلانغان. ھالبۇكى نۇقۇل بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئۇيغۇرلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئۆزگىرىشى، پۈتۈنلەي باتۇر قۇنتەيجىنىڭ ئوغلى غالداننىڭ دەۋرىدىكى ئىشتۇر.» ⑩ بۇنداق قاراش سەل مۇتلەقلەشتۇرۇۋەتكەنلىك. جۇڭغارلارنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىكى، ئويراتلار «قالماق» دېگەن نام بىلەن كۆرۈلگەندىن تارتىپ باشلانغان بولۇپ، باتۇر قۇنتەيجىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، شەرقىي شىنجاڭ رايونىنى كۆپ قېتىم بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغانىدى. سېڭگىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ خوتەنگىچە ئىچكىرىلەپ بېرىپ، ئاقسۇ، باي قاتارلىق جايلارنى تالان ـ تاراج قىلىپ، ئابدۇللاخان يەركەندىن كەتكەندە، يولۋاسخاننىڭ تەختكە چىقىشىغا ئارىلاشقانىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ يەركەن خانلىقىنى بويسۇندۇرۇشى، مانا مۇشۇ سېڭگىنىڭ دەۋرىدە باشلىنىپ، ئۇ ئۆلگەندە، غالدان تەرىپىدىن

ئورۇندالغانىدى. قومۇل بولسا تۇرپان بىلەن بىرگە ئاۋۋال بوي-سۇندۇرۇلغانىدى.
لېكىن، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ باتۇر قونتەيجى دەۋرىدە-كى قومۇلغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىكى، تارىخنامىلەردە مۇنداقچىلا تىلغا ئېلىنغاچقا، بۇ دەۋرنىڭ تارىخىي جەريانلىرىنى خەلق ئىچى-دە ساقلىنىپ كېلىنىۋاتقان بىر قىسىم تارىخىي قوشاقلاردىن بولسىمۇ، تەخمىن قىلىپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. چۈنكى، قومۇل خەلق تارىخىي قوشاقلىرىدا، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قومۇلغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىكى ۋە پاراكەندىچىلىكى بىرقەدەر ئوبرازلىق سۈرەتلىنىپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنى ئەينى مەزگىلدىكى تارىخنىڭ خەلق بىلەن بىرگە ياشاپ كەلگەن پاكىتى دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق تارىخىي جەرياندىن بىرى «قونتاجى» نىڭ نامى بىلەن باش-لانغان بىر كۇپلېت قوشاقتا مۇنداق تەسۋىرلەنگەنىدى:

قونتاجىنىڭ لەشكىرى،
قىلدى خەلققە سورۇقلۇق.
سارسېلىشتى خالايىق،
ئۆي ماكانى تورۇقلۇق.

بۇنىڭدىكى «قونتاجى» جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئاساسچىسى، باتۇر قونتەيجى بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرىدە جۇڭغار قوشۇنلىرى قو-مۇلغا كۆپلەپ ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، خەلقنى زور بالايىئاپەتكە گىرىپتار قىلغانىدى. خەلق سورۇقچىلىق دەستىدىن، ئۆي – ماكانلىرىنى تاشلاپ، خانىۋەيران بولغانىدى.
جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئۆزلىرىنىڭ قومۇلغا قاراتقان كې-ڭەيمىچىلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، قومۇلنىڭ ئەتراپىدىكى تاغ-لارنى ماكان قىلىۋېلىپ، پۇرسەت بولسىلا خەلقنى بۇلاڭ – تالاڭ قىلاتتى، بولۇپمۇ ئوما پەسلى ئۇلارنىڭ قومۇلغا بولغان پاراكەندە-

چىلىكنى جىددىيلەشتۈرىدىغان مەزگىلى ئىدى. مەسىلەن، «ئۆمەر باتۇر داستانى» دىكى يالغۇز تويىن نامى بىلەن باشلانغان بىر كۇپلېت قوشاقتا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

يالغۇز تويىن بىر پارچە تاغ،
بولۇپتۇ قورغان.
ئاتمىش ئالتى گۆدەكلەرنى،
بۇغدايدەك ئورىغان.

يالغۇز تويىن - قۇمۇل شەھىرى تاشۆيلىق رايونىغا تەۋە تاغ بولۇپ، ئەينى مەزگىلدە مۇشۇ تاغنى ماكان قىلىۋالغان جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى دائىم ئەتراپتىكى يېزىلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلاتتى. «ئۆمەر باتۇر داستانى» نى نەشرگە تەييارلىغان يولداشلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى «يالغۇز تويۇن ئەتراپىدا ئوما قىلىۋاتقان 66 نەپەر بىگۇناھ ياش ئۇستىگە باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇلاردىن 40 نەپىرىنى شۇ جايدا قەتلى قىلىۋەتكەن، قالغان 26 نەپىرى قېچىپ قۇتۇلغان» ⑪ ئىدى. بۇ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇمۇلغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىكى مەزگىلىدىكى زور بىر پاجىئە بولۇپ، خەلق بۇ پاجىئەنى ئۆتكۈر تىللار بىلەن ئوبرازلىق قىلىپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ 66 نەپەر ياشنى خۇددى بۇغداي ئورىغاندەك قىرچاپ قىلغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى.

1653 - يىلى باتۇر قۇنتەيجى ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى سېڭگې تەختكە چىققاندا، ئۇمۇ ئوخشاشلا قۇمۇلغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىكنى توختىتىپ قويمىدى. ئەمما، سېڭگې پەقەت 1664 - يىلىغا كەلگەندىلا ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچىنى يەركەن خانلىقىنىڭ ئىچكى ئىختىلاپىغا ئارىلىشىشقا قاراتقاندى، بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، گەرچە سېڭگېنىڭ

دەۋرىدە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى قۇمۇلغا قارىتا كېڭەيمىچىلىك
ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆلىمى باتۇر قۇنتەيجى ۋە ئۇنىڭ-
دىن كېيىنكى غالداننىڭ دەۋرىگە قارىغاندا بىرقەدەر كىچىك
ئىدى. ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇ-
مۇلغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىكىنىڭ يۇقىرى پەللىسى غالداننىڭ
دەۋرىدە ئېلىپ بېرىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىشغال قىلىۋېلىش دەرى-
جىسىگە بېرىپ يەتكەنىدى.

1670 - يىلى غالدان ئاكىسى سېڭگى زىيانكەشلىككە ئۇچ-
رىغاندىن كېيىن جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىنى ئىگىلەپ،
ئىچكى - تاشقى جەھەتتە بىر قاتار سىياسەتلەرنى يولغا قويغان-
دى. ئىچكى جەھەتتە خاندانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قارشى
كۈچلەرنى تازىلىدى، تاشقى جەھەتتە كېڭەيمىچىلىكنى نىشان
قىلدى. غالداننىڭ قۇمۇلغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىكى ئۇنىڭ يەر-
كەن خانلىقى بىلەن چىڭخەيگە كېڭىيىش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىس-
مى بولۇپ، ئاۋۋال تۇرپاننى ئىشغال قىلىپ، ئاندىن قۇمۇلنى
ئىشغال قىلغان ئىدى، بۇ تارىخنامىلەردە بىرقەدەر ئېنىق خاتىرى-
لەنگەن بولۇپ، «چىڭ ئوردىسىنىڭ شىڭزۇ زامانىسىدىكى ئوردا
خاتىرىلىرى» دە «بۇنىڭدىن ئىلگىرى غالدان گەنجۇدىكى جەنۇبىي
تاغ ئەتراپىدىكى ۋاسساللارغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى توپلاپ چە-
گەخەيگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانىدى. يىقىر (گەنسۇنىڭ ياسا-
ۋۇلبېگى جاڭ يوڭنى كۆرسىتىدۇ، نەقىل كەلتۈرگۈچىدىن)
تىلماچلارنى تاللاپ غالداننىڭ يېشى بىلەن خاراكتېرى ھەمدە
چىڭخەيگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى مەخپىي
رازۋېد قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدىم. ئۇلارنىڭ قايتىپ كېلىپ
ئېيتىشىچە، غالدان مايمۇن يىلىدا تۇغۇلغان. بۇ يىل 36 ياشتا
ئىكەن. تەبىئىتى قەبىھ بولۇپ، ھاراققا ئامراق ئىكەن. بۇلتۇر
قوشۇن بىلەن چىڭخەيگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، 11 كۈن يول
يۈرۈپ قايتىپ كېتىپتۇ. بۇ يىل يازدا يەنە ئىككى قېتىم قوشۇن

چىقىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىدىن قايتىپ كېتىپتۇ» ⑫ دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن غالداننىڭ بۇلتۇر يەنى 1678 - يىلى چېگخەيگە هۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، 11 كۈن يول يۈرۈپ، قايتىپ كەتكەنلىكىنى، بۇ يىل 1679 - يىلى يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ، زېمىنىغا ئىككى نۆۋەت قوشۇن چىقارغانلىقىنى كۆرۈۋشكە بولىدۇ. بۇ غالداننىڭ 1678 - يىلى چىڭخەيگە هۇجۇم قىلماقچى بولغاندا، قۇمۇلنى تېخى ئىشغال قىلماي، 1679 - يىلىغا كەلگەندە، ئىشغال قىلىۋالغانلىقىنىڭ پاكىتى بولۇپ، بۇ نۇقتا كەڭسۇنىڭ ياساۋۇلبېگى جاڭ يوڭنىڭ 1679 - يىلى 7 - ئايدا ئوردىغا يوللىغان باشقا بىر پارچە مەكتۇپىدا بىرقەدەر ئوچۇق تىلغا ئېلىنغاندى:

«غالدان قول ئاستىدىكى ئاردال خوشۇج قاتارلىق ئۈچ ئاتامىننى 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، تۇرپانغا هۇجۇم قىلغۇزماقچى ئىكەن، ئالدىن يۈرەر قىسىملىرى قۇمۇلغىچە يېتىپ بېرىپتۇ. هازىر گۈرۈڭ قاتارلىقلارنى 100 ئادەمنى باشلاپ قۇمۇلغا بېرىپ رازۋېد قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتۇق... مۇبادا قوشۇن بىلەن تۇرپانغا هۇجۇم قىلىپ، ئالدىن يۈرەر قىسىملىرى قۇمۇلغا يېتىپ بارغان بولسا، سۇجۇغا بېرىشقا ئون نەچچە كۈنلۈكلا يول قالغان بولىدۇ. گەرچە خەۋەر پۈتۈنلەي ئىشەنچلىك بولمىسىمۇ، ئەمما، بەدەۋلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ.» ⑬

دېمەك، چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىنىڭ ئوردىغا يوللىغان مەلۇماتىدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، غالداننىڭ قول ئاستىدىكى ئاتامانلىرى 1679 - يىلى 7 - ئايدا 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، تۇرپانغا هۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنغان بولۇپ، ئالدىن يۈرەر قىسىملىرى قۇمۇلغىچە يېتىپ بارغانىدى. گەرچە بۇ خاتىرە سەل مۈجمەلرەك بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن غالداننىڭ شۇ يىلى 7 - ئاي ئىچىدە تۇرپاننى ئاللىقاچان ئىشغال قىلىۋالغان-

لىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مانا مۇشۇ يىپ ئۇچىغا ۋە غالداننىڭ 8 - ئاي ئىچىدە ئېلىپ بارغان «ئىككى قېتىم قوشۇن چىقىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىدىن قايتىپ كەتكەن»لىكى توغرىسىدىكى مەزمۇنغا ئاساسلانغاندا، قومۇلنى 1679 - يىلى 8 - ئاي ئىچىدە ئىشغال قىلىۋالغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

غالدان قومۇلنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن قومۇلغا قارىتا ئۆزىنىڭ يېقىن گۇماشتىلىرىنى تۇرغۇزۇپ، خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەنىدى. خەلقتىن مەجبۇرىي ئاشلىق ۋە يەم بوغۇز يىغىپ، ئاشلىق پىشقاندا، ھەممىنى دېگۈدەك ئېلىپ كېتەتتى. 1688 - يىلى ئۇ خالخا موڭغۇللىرىغا قارىتا مۇداخىلە يۈرگۈزگەنلىكتىن، قومۇل غالداننىڭ خالخا ئۇرۇش سېپىگە ئەڭ يېقىن ئارقا سېپىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇرۇشتا غالداننىڭ چىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى، ئىچكى قىسمىدا ئۇنىڭ جىيەنى سىۋان راپتاننىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشى، كېيىنچە ئۇنى خالخالار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. بۇ تەبىئىيكى غالداننىڭ نەزىرىدە قومۇلنى بىردىنبىر ئۈمىدلىك ماكانغا ئايلاندۇرغانىدى. شۇنىڭدەك ئەينى مەزگىلدە غالداننىڭ قومۇلدىكى تەسىرىمۇ بىر قەدەر كۈچلۈك ئىدى. بۇ ئەلۋەتتە رېئاللىق بولۇپ، «چىڭ ئوردىسىنىڭ شىنجاڭ زامانىسىدىكى خاتىرىلىرى» دە «قومۇلدا غالدانغا قاراشلىق ئۇيغۇرلار بار» ⑭، «قومۇلدىكى ئۇيغۇرلار غالدان قاتارلىق موڭغۇللارغا خېلىدىن بېرى باج سېلىق تاپشۇرۇپ كەلگەن. بۇ ھازىردىن باشلانغان ئەمەس، بۇنىڭغا بىرقانچە يىل بولدى. شۇڭا غالدان قاتارلىق موڭغۇللار ۋاسساللاردىن كۆپلەپ باج - سېلىق ئېلىپ تۇردى. ھېلىمۇ غالدانغا باج - سېلىق تۆلىگۈچىلەر بولسا تېزلىك بىلەن ئەسكەر ئەۋەتىپ زەربە بېرىلىپ تارقىتىۋېتىلسۇن» ⑮ دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك، غالدان 1679 - يىلى قومۇلنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن تار-

تىپ، قۇمۇل بىرمەھەل جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئاشلىق بىلەن تەمىنلىنىدىغان ئاساسلىق بازىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

غالداننىڭ قۇمۇلغا قاراتقان بۇلاڭ - تالىڭى، سۇۋان رابتان چىڭ سۇلالىسى بىلەن ماسلىشىپ، ئۆزئارا ئارىغا ئېلىپ زەربە بېرىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەندە، تېخىمۇ جىددىيلەشكەن-دى. بۇ يەنە چىڭ سۇلالىسى كۈچلىرىنىڭ قۇمۇلغا سىڭىپ كىرىش ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلغاچقا، غالدان بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئەندىشە قىلىپ قۇمۇلنى قاتتىق قامال قىلدى. 1692 - يىلى 8 - ئايدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ سۇۋان رابتاننىڭ قارارگاھىغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى، «غەيرىي رەسمىي ئەمەلدار مادى قاتارلىقلار قۇمۇلغا كېتىۋېتىپ، شەھەرگە 5 - 6 چاقىرىم كېلىدىغان ئارى-لىقتا قونالغۇغا چۈشكەندە، غالداننىڭ قول ئاستىدىكى 500 دىن ئارتۇق موڭغۇل مادى قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئات، تۆگە ۋە يۈك - تاقلىرىنى پۈتۈنلەي بۇلاپ كەتتى.» [16] ئەمما سۇۋان رابتاننىڭ شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلاردا ئۆزىنىڭ ھۆ-كۈمرانلىقىنى تىكلەپ، غالداننىڭ كۈچلىرىنى سىقىپ چىقىرىشقا ئۇرۇنۇشى، ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرغانىدى. 1696 - يىلى غالدان چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھ كاڭشى تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بول-سا، سۇۋان رابتان قۇمۇلنى بىرمەھەل ئىگىلەپ تۇرغانىدى.

غالدان قۇمۇلنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن قۇمۇلغا تار-خانبەگ تەيىنلەپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى باشقۇرغانىدى. غال-دان تەيىنلىگەن تارخانبەگ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا تارىخ ماتې-رىياللىرىدا «ئەبەيدۇللا تارخانبەگ» دەپ تىلغا ئېلىنغان. ساگو-جى تورۇ «ئۇ چاغاتاي جەمەتىگە مەنسۇپ بولماي، يەرلىك تۆرە-لەردىن بولۇشى مۇمكىن، جۇڭغارلارغا بەيئەت قىلىپ تارخانبەگ-لىك نامىنى قوبۇل قىلغانىدى» [17] دەپ كۆرسىتىدۇ. دەرۋەقە ئەبەيدۇللا تارخانبەگنىڭ نەسەبى ئېنىق بولمىسىمۇ، بۇ يەردە ئۇ

قۇمۇلدىكى مۇسۇلمانلار شەھىرىنىڭ سېپىلىنى بىنا قىلغاندا، ئورناتقان خاتىرە تاشتىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ:
«سەلتەنەتتى تەڭداشسىز ۋە ئادالەتپەرۋەر، بەئەينى جەمشىت ۋە دارىيدەك قۇدرەتلىك، ئەبۇناسىر مۇھەممەد شاھبەگنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللابەگ بېيجىڭ خانىدىن خەزىنە ۋە كارىگەر (ئۇستا) لارنى تەلەپ قىلىپ ئېلىپ كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن زىننەتلىك شەھەر بۇ ئالىي ئىمارەتنى بىنا قىلدى. تارىخىي ئەنئەنە 1118 مىڭ يۈز ئون سەككىز، لەھەڭ يىلى تامام بولدى.»
بۇنىڭدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى ئەبەيدۇللا تارخانبەگ مۇھەممەد شاھبەگنىڭ ئوغلى بولۇپ، مۇھەممەد شاھبەگ تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئوغلى ئىلياس خوجىنىڭ ئەۋلادى دەپ قارالسىمۇ، بۇنىڭدىكى مۇھىملىق قۇمۇلدا مۇشۇنداق بىر شەخسنىڭ ياشىغان-ياشىمىغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك قائىدە - نىزاملىرى» دا مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئانكى تۆمۈرگە سادىق ئادىل ۋاڭ دېگەن ئۇنۋانى نامىنى بەرگەندە، قۇمۇلدىكى يەنە بىر ئاتامان مۇھەممەدخوجا قاتارلىقلارغا قوماندان دېگەن مەنسەپنى بەرگەندى. بۇ ئەبەيدۇللا تارخانبەگنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد شاھبەگ بىلەن بىر ئادەم بولۇشى كېرەك. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىلگىرى قۇمۇلنىڭ ۋاڭ مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا 1606 - يىلى ئويۇلغان بىر خاتىرە تاش ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «تىنچلىقنى قوغداش قەھرىمانى، مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادى سادىقلىقنىڭ ۋەكىلى بولغان مۇھەممەد شاھبەگ غوجىغا» ⑱ دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر خاتىرىلەنگەنىكەن. مانا بۇ خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەبەيدۇللا تارخانبەگنىڭ جەمەتى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن كۆرە، قۇمۇلغا كېلىپ تەرىقەت بىلەن شۇغۇللانغان مۇھەممەد شاھبەگ خوجىنىڭ جەمەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.
1697 - يىلى غالدان ھالەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سىۋان

راپتان جوڭغار خانلىقىنىڭ تەختىگە چىققاندا، ئۇمۇ قۇمۇلدا غالدانغا ئوخشاش ئىمتىيازغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئويراتلاردىن ناھايىتى نۇرغۇن ئادەم قۇمۇلغا پاناھ تىلەپ ۋە قېچىپ كەلدى. قۇمۇلنىڭ دائىرىسى كىچىك، نامرات بولغاچقا، ئۇلارنى بېقىپ كېتەلمەيتتى.» ⑲ بۇ ئەمەلىيەتتە قۇمۇلنىڭ ھۆكۈمرانى ئەبەيدۇللا تارخانبەگ قاتارلىقلارنىڭ غېمى بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي چوڭ ۋەھىمىگە ئايلىنىپ، سىۋان راپتاننىڭ تەھدىت سېلىشىغا ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسىمۇ جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇمۇلغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىكىگە نىسبەتەن چەكلەش تەرەپدارىدا تۇرغاچقا، ئەبەيدۇللا تارخانبەگ قاتارلىقلار جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرىدىن قەتئىي قول ئۈزۈپ، چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىشنى ئەۋزەل بىلدى. ئەلۋەتتە بۇ جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ بولغاچقا، سىۋان راپتان قۇمۇلنى بىكاردىن - بىكارغىلا چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچى دائىرىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشنى خالىمايتتى. شۇڭا ئۇ قول ئاستىدىكى باش تامغىچى - ئورتونى مەكتۇپ بىلەن قۇمۇلغا ئەۋەتىپ، ئەبەيدۇللا تارخانبەگنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى:

«بوشۇقتۇخاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىلىدىغان لازىمەتلىكلەر توغرىسىدا سىللەر مەندىن كۆرسەتمە سوراپمۇ قويمىدىڭلار. سەپتىن بالجۇر قاتارلىق نۇرغۇن ئادەمنى قاماپ قويدىڭلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭا بىرەر ئەلچى ئەۋەتىپ، ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇقتۇرۇپ قويمىدىڭلار، يەنە كېلىپ مەن ئەۋەتكەن ئەلچىنىمۇ قاماپ قويۇشقا پەرمان چۈشۈرۈپ قايتۇرمىدىڭلار. بۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ گەپنىڭ قىسقىسى، سەپتىن بالجۇر بىلەن مېنىڭ ئەلچەمنى يولغا سېلىپ، قالغانلارنى تۇرپانغا جۆنەپ قويۇڭلار، مەن (ئەبەيدۇللا تارخانبەگ) مۇ ئۇنىڭغا غالدانغا ئەۋەتىلىدىغان لازىمەتلىكلەرنى يوشۇرۇپ قويمىدىم. سەپتىن بال-

جۇر قاتارلىقلار قائىدە بويىچە خان ئالىيلىرىغا تاپشۇرۇلۇپ بېرى-
لىشى كېرەك، دېدىم. ئۇ ئەلچى ئەۋەتىپ يەنە سەن جۇڭگوغا
بەيئەت قىلىپسەن، ئۇلار سېنى مەجبۇرلاپ شۇنداق قىلدىمۇ ياكى
ئۆزۈڭ خالاپ بەيئەت قىلدىڭمۇ دېدى. مەن ئۇنىڭغا خان ئالىيلى-
رى مېنى مەجبۇرلىمىدى دېدىم.» ㉑

دېمەك، سىۋان راپتان قۇمۇلغا تەھدىت سېلىپ، ھەتتا ئەبەيدۇللا تارخانبەگ تۇتقۇن قىلغان غالداننىڭ ئوغلى سەپتىن بالجۇر قاتارلىقلارنىمۇ تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندى، ئەبەيدۇللا تارخانبەگ بولسا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بولغان چەك - چېگرىسىنى ئايرىپ، قارشى تۇرۇش مەيدانىدا تۇرغاندى ھەمدە سىۋان راپتاننىڭ قىلمىشىنى مەلۇم قىلىپ ئۆزىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە ئىخلاسلىق بىلەن بەيئەت قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەندى.

ئەبەيدۇللا تارخانبەگ چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىدىن قۇمۇلدىن بىر بۆلۈم ئۇيغۇرلارنى گەنسۇدىكى سۇجۇغا كۆچۈرۈپ، ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. چىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، قۇمۇلدا جاساقلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئەبەيدۇللا تارخانبەگكە بىرىنچى دەرىجىلىك جاساقلىق ئوتتۇغاتىنى بەردى. قارىماققا بۇنىڭدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەبەيدۇللا تارخانبەگنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش قىلىۋاتقانلىقى بىلىنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تەسىرىنى داۋاملىق كېڭەيتىشىنى مەقسەت قىلغانلىقى يوشۇرۇنغاندى. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ئەبەيدۇللا تارخانبەگنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا كېڭىيىشىنى، ئۆز جەمەتىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىشى بىلەن ئۇنىڭ شەرىپىنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈشىنىڭ بىر پۇرسىتى دەپ قارىغانلىقىدەك ئىدىيىسىمۇ يورۇتۇلغاندى. بۇ توغرىدا ئۇنىڭ 1697 - يىلى 10 - ئايدا چىڭ سۇلالىسىگە قەتئىي بەيئەت قىلدىغانلىقىنى قارار قىلىپ، يوللى-

غان بىر پارچە مەكتۇپىدا مۇنداق كۆرسىتىلگەنىدى:
«كەمىنىلىرى سەپتىن بالجۇر ھەمدە غالدانىنىڭ قول ئاستى-
دىكى ئادەملىرىنى تۇتقۇن قىلغانىدىم. شۇڭا ئويراتلار مېنىڭدىن
خۇرسەن بولماسلىقى تۇرغان گەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇمۇلنىڭ
كۆچى ئاجىز ھەم خەتەر ئىچىدە قالغاچقا، بىرەر تەھدىتكە ئۇچرى-
سا، ئەمىنلىكىنى قوغداشقا موھتاج بولىدىغانلىقى راست، كەمى-
نىلىرى مۇشۇ ئىشلاردىن، بولۇپمۇ سۇۋان راپتاندىن ئەندىشە
قىلىپ تۇرۇپتىمەن. خان ئالىيلىرى ئەل بولۇش توغرىسىدىكى
يارلىقىنى چۈشۈرۈپ، كەمىنىلىرىنى قازادىن خالاس قىلىپ،
تامغا نىشان بەرگەن بولسىلا، ئەندىشەم تۈگەپ، زېمىنىمۇ كاپا-
لەتكە ئىگە بولغان بولاتتى، ئەگەر بۇنىڭدىن يەركەن بىلەن تۇرپان
قاتارلىق جايلار ۋاقىپلانسا، جەزمەن قىزىقىپ، ئىتتىلىشنى نى-
يەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلاردىن بىر بۆلۈملىرى سۇ-
جۇغا كۆچۈپ بېرىپ ئورۇنلاشسا، بۇنداق بولغاندا، سۇجۇ ئوردى-
نى تاۋاپ قىلىشتا ئۇيان ـ بۇيان ئۆتكۈچىلەرنىڭ چۈشۈپ ئۆتىدى-
غان ئۆتەڭگە ئايلانغان بولاتتى.» (22)

1708 ـ يىلى ئەبەيدۇللا تارخانبەگ ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى
گوپابەگ جاساقلىققا ۋارىسلىق قىلدى. گوپابەگنىڭ جاساقلىققا
ۋارىسلىق قىلغان ۋاقتى ئىسانچە ئۇزاق داۋاملاشمىغان بول-
ۇپ، 1710 ـ يىلى ئۇمۇ ئۆلدى. بۇنىڭ بىلەن جاساقلىققا
ۋارىسلىق قىلىش، چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن گوپا-
بەگنىڭ ئوغلى ئىمىنىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئىمىن قۇمۇلغا 30 يىل
ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرىدە جۇڭغار ئاقسۆڭەك-
لىرى قۇمۇلغا قارىتا بىرقانچە قېتىم كېڭەيمىچىلىك ئېلىپ بار-
دى. بولۇپمۇ ئىمىن جاساقلىققا ۋارىسلىق قىلغان دەسلەپكى بەش
يىل بىرقەدەر تىنچ ئۆتكەن بولۇپ، 1715 ـ يىلىغا كەلگەندە،
بۇ خىل تىنچلىق ۋەزىيەتنى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى يەنە بۇزۇپ
تاشلىدى. بۇ توغرىدا «چىڭ ئوردىسىنىڭ شېڭزۇ زامانىسىدىكى

ئوردا خاتىرىلىرى» دە «قۇمۇلنىڭ جاساقلىق تارخانبېگى ئىمىن-
نىڭ مەلۇم قىلىنىشىچە، ئويراتلاردىن بولغان سىۋان راپتان قو-
شۇن ئەۋەتىپ قۇمۇلنىڭ شىمالىي چېگرىسىدىكى بەش قورۇلنى
بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان. دەسلەپكى ئۈچىنچى كۈنى ئۇ يەنە مەلۇم
قىلىپ، ئوغرىلارنىڭ قوشۇنلىرى 3. ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى
قۇمۇلغا يېتىپ بارماقچى ئىكەن» . ㉓ دەپ خاتىرىلەنگەن. گەرچە
بۇ قېتىمقى ئۇرۇش سىۋان راپتاننىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياغ-
لاشقان بولسىمۇ، ئۇ داۋاملىق قۇمۇلغا قارىتا كىچىك كۆلەمدىكى
پاراكەندىچىلىكنى ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بارغاچقا، قۇمۇلدىكى
«كۆپلىگەن يېزىلار تېرىقچىلىق قىلىشقا ئامالسىز قالغا-
نىدى. » ㉔ بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا قۇمۇلنىڭ تارخانبېگى ئىمىن
تاشۋېلىق شەھىرىدە بوز يەر ئېچىشنى يولغا قويۇپ، چىڭ سۇلالى-
سىنىڭ قۇمۇلدا تۇرۇۋاتقان قوشۇنلىرىنى داۋاملىق ئاشلىق بىلەن
تەمىنلىگەنىدى.
1727 ـ يىلى سىۋان راپتان ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى غالدان
سېرىن تەختكە چىققاندا، ئۇمۇ ئوخشاشلا، قۇمۇلغا قاراتقان كې-
ڭەيمىچىلىكنى توختىتىپ قويمىدى. شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى
پادىشاھى يوڭجېڭ ئىمىنگە دۆلەتكە ياردەم قىلغۇچى گوڭلىق
ئوتۇغاتىنى بەردى. 1720 ـ يىلىغا كەلگەندە يەنە ئۇنىڭغا بەيسە-
لىك ئوتۇغاتىنى بەردى. بۇ جەرياندا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى
قۇمۇلغا قارىتا بىرقانچە قېتىم بۇلاڭ ـ تالاڭ ئېلىپ باردى. چىڭ
سۇلالىسىنىڭ بارىكۆلدە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنىڭ سانغۇنى يۇي
جوڭچى غالدان سېرىننىڭ 1731 ـ يىلى قۇمۇلغا قاراتقان ھۇجۇ-
مىنى، ئىچكى جەھەتتە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە ماسلاشقانلارنىڭ
پىلانلىشىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان دەپ مەلۇم قىلغانىدى. بۇ
چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىنىڭ ئىمىنگە بولغان گۇمانىنى كەلتۈ-
رۈپ چىقارغانىدى. خۇسۇسەن، پادىشاھ يوڭجىڭ مۇنداق دەپ
كۆرسەتمە بەرگەنىدى:

«قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ، ئەمما، ئۇ-
لار ئۇزاقىچە زۇلۇم چەككەچكە، ئۇلارنىڭ دەردىنى چۈشىنىشكە
بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈچى ئاجىز بولغاچقا، جۇڭغارلارنىڭ خورلى-
شىغا، ئۇچراپ كەلگەن. ئۆچمەنلىكى سۆڭەك - سۆڭەكتىن
ئۆتۈپ كەتكەن، بىراق ئۇلاردىن يولۋاستىن قورققاندەك قورقى-
دۇ. ئۇلارنىڭ بەزىدە بىرەر قېتىم ئوغرىلار بىلەن تىل بىرىكتۈ-
رۈشى، جۇڭغارلاردىن قورقۇپ، پۈتۈنلەي ئاقىۋەتنى ئويلاپ
قىلغان ھەرىكىتى بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا قوشۇنىمىز مۇداپىيەنى
كۈچەيتمەي بولمايدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويسا
تېخىمۇ بولمايدۇ. قوشۇن بىلەن قۇمۇلنى قوغدىيالىساق، قۇمۇل
ھەرگىز ئوغرىلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلمەيدۇ.» [25]

چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى يوڭجېڭنىڭ بۇ سۆزىدە ئۇنىڭ
سىياسىي جەھەتتىكى يىراقنى كۆرەرلىكى نامايان قىلىنغان بول-
سىمۇ، ئەمما، مانجۇ ۋە جۇڭغارلاردىن ئىبارەت ئىككى كۈچ
تەرىپىدىن تالاشتا قالغان قۇمۇل بوستانلىقىدىكى خەلقلەرنىڭ ئەي-
نى مەزگىلدىكى ئېچىنىشلىق تەقدىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەنىدى.
شۇڭا ئۇنى «چىڭ سۇلالىسىنىڭ قۇمۇلغا تارتقان مىللىي سىيا-
سىتىنىڭ ئۇتۇقى دەپ ئاتىمايمۇ بولمايدۇ» دېگەندىن كۆرە، جۇڭ-
غار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇمۇلدىكى تەسىرىنى تازىلاپ، ئۇزلۇك-
سىز ئۇلارنىڭ كۈچلىرىنى يوقىتىشقا نىيەت قىلغانلىق دەپ چۈ-
شىنىشكە بولىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى پادىشاھ چيەنلۇڭنىڭ دەۋرى-
دىكى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشى ئۈچۈن شەرت ھازىرلاش ئىدى.

غالدان سېرىن 1732 - يىلىمۇ قۇمۇلغا قارىتا بىر قېتىم-
لىق بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشىنى ئېلىپ بارغانىدى. «چىڭ ئوردىسى-
نىڭ شىزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» دە كۆرسىتىلى-
شىچە، «ئەينى مەزگىلدە جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ تىرىكچىلىكى
قىيىنلىشىپ كەتكەچكە، قۇمۇلغا مال، چارۋا بۇلاشقا كەلگەنى-
دى.» [26] يەنى سەپتىن نامزار باشچىلىقىدىكى 6 مىڭ كىشىلىك

قوشۇن قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلغانىدى. ئۇرۇشتا جۇڭغار ئاقسۆڭەك-
لىرى كۆپلىگەن يۇقىرالارنى ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇن مال - چارۋىلار-
نى بۇلاپ كەتكەنىدى. دېمەك، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئىمىنىنىڭ
دەۋرىدە، قۇمۇلغا قارىتا كۆپ قېتىم كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزۈپ،
قۇمۇلنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرات-
قانىدى. 1740 - يىلى ئىمىن ئۆلۈپ، ئورنىغا ئوغلى يۇسۇپ
ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن بولسا، جۇڭغارلار قۇمۇلغا قارىتا،
چوڭراق بىرەر ھەرىكەت ئېلىپ بارالمىدى. ئەكسىچە شۇ ۋاقىت-
تىن باشلاپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت
كۈندىن - كۈنگە ئۆتكۈرلىشىپ، 1745 - يىلى غالدان سېرىن-
نىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئاخىر ئۇنىڭ مۇنقەرز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ
چىقاردى.
قۇمۇل خەلقى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە
ئاز كەم ئۈچ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ئۇچرىغان بولۇپ، بۇ جەرياندا
ئۇلار جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرۇپ،
ئۆزلىرىنىڭ يۇرت ماكانلىرىنى قوغدىغانىدى. «قۇمۇل ۋاڭلىرىغا
ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار»غا ئاساسلانغاندا، 1605 - يىلى
ئەتراپىدا قۇمۇلغا كېلىپ دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان مۇ-
ھەممەد شاھبەگ تۇغچى بىلەن بۇگۇر ئارىلىقىدىكى «كېچىك» دە
جۇڭغارلار بىلەن بىر يىلدىن ئارتۇق ئۇرۇش قىلىپ، ئاخىر
قۇمۇلدا ئۆزىنىڭ سىياسىي ئورنىنى تىكلىگەنىدى. بۇ قارىماققا
ئىسلام دىنىنىڭ قۇمۇلدىكى نوپۇزىنىڭ تىكلىنىشىدىن دېرەك
بەرسىمۇ، يەنە بىر جەھەتتىن قۇمۇل خەلقىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن
بۇيان جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى ئېلىپ
بارغان كۈرىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنى-
دى.
دەرۋەقە، مۇھەممەد شاھبەگ قۇمۇل خەلقىنىڭ جۇڭغار ئاق-
سۆڭەكلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىكلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈ-

رىشىگە رەھبەرلىك قىلىپ، كۆپ قېتىم جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە
قارشى غەلىبىلىك جەڭلەرنى ئېلىپ بارغانىدى. بۇ جەرياندا نۇر-
غۇنلىغان خەلق قەھرىمانلىرى مەيدانغا چىققان بولۇپ، «قۇمۇل
خەلقى مۇھەممەد شاھبەگنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادىسىگە قا-
يىل بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇھەممەدشاھ غازىبەگ دەپ نام بەرگەن
دېيىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خەلق ئىچىدىن «ياچىبەگ»،
«ئىسلام بېگىم»، «ئۆمەر باتۇر»لاردەك مەشھۇر كىشىلەرمۇ
مەيدانغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى خەلق ئارىسىدا
داستان بولۇپ، زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلدى.» [27]

مۇناسىۋەتلىك دەلىللەرگە ئاساسلانغاندا، مۇھەممەدشاھ بەگ
جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە بىر
قولىدىن ئايرىلىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەنىدى، ئورنىغا
ئوغلى ئەبەيدۇللا تارخانبەگ ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ
دەۋرىدە قۇمۇل خەلقى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قاتمۇقات
بۇلاڭ - تالىڭىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش
كۈرىشىنى ھەر ۋاقىت توختىتىپ قويمىدى. بولۇپمۇ غالدان
خالخا موڭغۇللىرىغا قارىتا كېڭەيمىچىلىكىنى جىددىيلەشتۇرۇپ،
قۇمۇلنى مۇھىم ئارقا سەپ بازىسىغا ئايلاندۇرۇۋالغاندا، ئەبەي-
دۇللا تارخانبەگ تەدرىجىي جۇڭغارلار بىلەن قارشىلىشىۋاتقان
چىڭ سۇلالىسىگە يېقىنلىشىپ، شۇ ئارقىلىق جۇڭغار ئاقسۆڭەك-
لىرىنىڭ قۇمۇلغا كەلتۈرۈۋاتقان تەھدىتىنىڭ ئالدىنى ئالماقچى
بولدى. بۇ ئەبەيدۇللا تارخانبەگنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت
قىلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنىڭ تاللىشى ئىدى. ئۇ قەتئىي ئىرا-
دىگە كەلگەندىن كېيىن، قول ئاستىدىكىلىرىنى تەرەپ - تەرەپكە
ئورۇنلاشتۇرۇپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇمۇلدىكى ھەربىي
ھەرىكىتىنى چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىگە مەلۇم قىلىپ تۇردى.
مۇبادا غالدان قۇمۇل تەۋەسىگە قېچىپ كېلىپ قالسا، ئۇنىمۇ
قولغا چۈشۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى

بىلدۈردى. بۇ توغرىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەبەيدۇللا تارخانبەگ-
نىڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسىگە بەرگەن جاۋابى بىلەن ئەبەيدۇللا تارخان-
بەگنىڭ جاۋاب مەكتۇپىدا مۇنداق دېيىلگەندى:
«ياساۋۇل ئانەندا كەلگەن ئەلچىنى كۇتۇۋېلىشقا ئەۋەتىل-
سۇن، يارلىق بىلەن ئاق تەلپەك قاتارلىقلارغا: غالدان بىزنىڭ
قوشۇنىمىز تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ قېچىپ كەتتى. سىلەر
ئاۋۋالقىدەكلا خاتىرجەم ياشىساڭلار بولىدۇ. ئەگەر ئالىمادىس
بىرەر ۋەقە يۈز بەرسە، خەۋەر قىلساڭلارمۇ بولىدۇ. كۈچىڭلار
يەتكۈدەك بولسا دەرھال قولغا ئالساڭلار جەزمەن قوشلاپ سۆيۈنچە
ئالالايسىلەر دەپ ئۇقتۇرۇپ قويۇلسۇن، بۇنىڭدىن ئەبەيدۇللا تار-
خانبەگ خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بەكلا مەنمۇن بولغانىدى. جاۋاب
مەكتۇپ يېزىپ: مۇبادا غالدان كېلىدىغان بولسا پېقىر پۇرسەتنى
غەنىيمەت بىلىپ، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن قولغا چۈشۈرۈشكە تىرى-
شىمەن، ناۋادا بىرەر ئۈچۈر ئاڭلىغۇدەك بولسام دەرھال خەۋەر
قىلىپ، مەلۇم قىلىمەن دېدى. قارىغاندا ئەبەيدۇللا تارخانبەگ
چىن نىيىتىدىن بەيئەت قىلىپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا ئەمەلدار كىيىم-
مى، بۆلغۇن قالپاق، ئالتۇن كەمەر قاتارلىق نەرسىلەر ئالاھىدە
تارتۇق قىلىپ بېرىلسۇن ھەمدە كەلگەن ئەلچى نارىنبەگكە كاتتا
ئىنئام بېرىلىپ قايتۇرۇلسۇن.» ㉘
دېمەك، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئەبەيدۇللا تارخانبەگ-
نىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئادا - جۇدا بولغانلىقىغا ئىشەن-
گەن بولۇپ، ئۇنىڭغا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى تۇرۇشتا
ئۆزىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى تاپىلىغانىدى. بۇ چىڭ سۇلالىسى-
نىڭ ئەبەيدۇللا تارخانبەگ قاتارلىق قومۇلنىڭ يۇقىرى قاتلامدى-
كىلىرىگە يەنىلا سىناش نەزىرى بىلەن قاراۋاتقانلىقىنىڭ دەلىلى
بولۇپ، ئەلۋەتتە بۇنى ئەبەيدۇللا تارخانبەگنىڭ ئۆزى چۈشىنىپ
تۇرسىمۇ، ۋەدىسىدىن يانمىدى. ئەكسىچە چىڭ سۇلالىسىنىڭ
تارىخى ماتېرىياللىرىدا ئۇنىڭ غالدانىنىڭ ئوغلىنى قولغا چۈشۈر-

گەنلىكنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، «قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلاردىن ئەبەيدۇللا تارخانبەگ غالداننىڭ ئوغلى سەپتەن بالجۇرنىڭ بارىكۆل ئەتراپىدا چارۋا ـ مال توپلاۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئوغلى گوپابەگنى قوشۇن بىلەن ئەۋەتىپ سەپتەن بالجۇرنى قولغا چۈشۈردى» [29] دەپ كۆرسىتىلگەنىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە قۇمۇل خەلقىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئەبەيدۇللا تارخانبەگنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپ، غالداننىڭ كۈچلىرىدىن مۇداپىئەلەنگۈدەك كۈچ بولۇپ ئۇيۇشقانلىقىنى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تاللىشىغىمۇ تۈرتكە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەبەيدۇللا تارخانبەگ چىڭ سۇلالىسىگە ماسلىشىپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى تۇرۇشتا، يەنە غالداننىڭ قۇمۇلغا ئاشلىق يۆلاشقا ئەۋەتكەن ئاتامانلىرىدىن ئېموكتۇ بىلەن قاشقانىمۇ قولغا چۈشۈرگەنىدى. 1697 ـ يىلى غالدان ئۆلۈپ، ئورنىغا سىۋان راپتان تەختكە چىققاندا، قۇمۇل خەلقى يەنە سىۋان راپتاننىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە قارشى تۇردى. ئەبەيدۇللا تارخانبەگ ۋە گوپابەگدىن كېيىن تەختكە چىققان گوپابەگنىڭ ئوغلى ئىمىننىڭ دەۋرىدە، قۇمۇل خەلقى سىۋان راپتاننىڭ قۇمۇلنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بەش قۇرۇلغا قىلغان 2 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرغانىدى. سىۋان راپتان «قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 200 نەپەر يېشىل تۇغلۇق قوشۇن ۋە قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلىنغانىدى.» [30] بۇ ئاز كۈچنىڭ كۆپ كۈچ ئۈستىدىن غالىب كېلىشىگە دائىر ۋەقە بولسىمۇ، ئاساسەن قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن باسمىچىلارغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغانلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى. شۇڭا بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا سىۋان راپتاننىڭ قوشۇنلىرى مەغلۇپ قىلىنىش بىلەن بىرگە، 90 ئادىمى ئۆلتۈرۈلۈپ ئۈچ ئادىمى قولغا چۈشكەنىدى.

قۇمۇل خەلقىنىڭ جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان يەنە بىر قېتىملىق كۈرىشى، جوڭغار خانلىقىنىڭ تەختىگە غالدان سېرىن تەختكە چىققاندا، يەنى 1732 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئىدى. ئۇرۇشتا قۇمۇل خەلقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە سەپتىن نامزارنىڭ باشچىلىقىدىكى 6 مىڭ كىشىلىك جوڭغار قوشۇنىغا تاقابىل تۇرغانىدى. «ئىمىن بەيسى شەھەر سىرتىغا ئۇيغۇرلارنىڭ پالگانلىرىنى بۆكتۈرمىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇلاڭچى موڭغۇللارنى قولغا چۈشۈرگەنىدى.» (31) نەتىجىدە جوڭغار خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى قۇمۇل خەلقى بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ بىرلىكتە قايتۇرما زەربە بېرىشى ئارقىسىدا چېكىندۈرۈلۈپ، شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى جوڭغار خانلىقى مۇنقەرز بولغۇچە قۇمۇلغا قارىتا قايتا پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرالمىدى. ئومۇمەن قۇمۇل خەلقى جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى ئۇزاققىچە كۈرەش ئېلىپ بارغان بولۇپ، دەسلەپ ئىستىخىيىلىك ھالەتتە كۆرۈلگەن بولسا، كېيىن تەشكىللىك ئاساستا ئېلىپ بېرىلدى. بولۇپمۇ قۇمۇلدا ئىسلام دىنى كەڭ ـ كەلەمدە ئومۇملاشقاندىن كېيىن، كۈرەش تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، خەلق باتۇرلىرىنىڭ باشچىلىقىدىكى زەربىدارلارنى بارلىققا كەلتۈردى. لېكىن قۇمۇل خەلقىنىڭ جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى، يەركەن خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىنكى نىسپىي تۇرغۇنلۇق ۋەزىيەتتە، يەككە ـ يېگانە ئېلىپ بېرىلغاچقا، كۈچ ئېلىشالمىغانلىقى ئۈستىگە، ئەبەيدۇللا جەمەتىنىڭ ئالدىغا چىڭ سۇلالىسىنى ھامىي قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى تاللاشنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

ئىزاھلار:

① «مىڭ سۇلالىسىنىڭ تەيزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتى-

رىلىرى» 169 ـ جىلد.

② «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىـ
رىسى» I .

③ «مىڭ سۇلالىسىنىڭ يىڭزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىـ
رىلىرى» 149 ـ جىلد.

④ مامەتلى يازغان «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئويراتلار ۋە غەربىي يۇرت» ناملىق ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «غەربىي شىمالنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسى» نىڭ 1984 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان.

⑤ «مىڭ سۇلالىسىنىڭ شىيەنزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاـ
تىرىلىرى» 280 ـ جىلد.

⑥ «مىڭ سۇلالىسىنىڭ شىياۋزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاـ
تىرىلىرى» 11 ـ جىلد.

⑦ مامەتلى «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئويراتلار ۋە غەربىي يۇرت»، «غەربىي شىمالنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسى» 1984 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا بېسىلغان.

⑧ شاھ مەھمۇد جوراس «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 58 ـ، 61 ـ بەتلەر.

⑨ دۇ رۇڭكۇن، بەي سۈيچىن «غەربىي موڭغۇللارنىڭ تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 224 ـ بەت.

⑩⑰ ساگوجى تورۇ «XVIII ـ XIX ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ كىتاب 1 ـ، 10 ـ بەت.

⑪ ئېلى ئىسمايىل «قۇمۇل نەزمىلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 357 ـ بەت.

⑫⑭⑮⑯㉒㉓㉔㉚ «چىڭ ئوردىسىنىڭ شىڭزۇ زامانىسىـ

دىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 1 ـ، 160 ـ، 174 ـ، 156 ـ، 185 ـ، 263 ـ جىلد.

⑬⑳㉑ «شىمالىي دەشتنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى» 1 ـ، 38 ـ، 40 ـ جىلد.

⑱ گېڭ شىمىن «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ۋە مەدەنىيەت ۋەسىقىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى 150 ـ بەت.

⑲ ئوسمان تۆمۈر «قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ نەسەبلىرى ۋە قۇمۇل رايونىدا بەگلىك، ۋاڭلىقنىڭ پەيدا بولۇش جەريانى»، «قۇمۇل تارىخى ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 ـ قىسمىغا بېسىلغان.

㉕㉖㉛ «چىڭ ئوردىسىنىڭ شىزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 104 ـ، 115 ـ، 4 ـ جىلد.

㉗ سەمەت ئەسرا «قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى بىلەن جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، «قۇمۇل تارىخى ماتېرىياللىرى» نىڭ 1 ـ قىسمىغا بېسىلغان.

# تۆتىنچى باب

## جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىقى

### 1. جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىقى قوشۇمچە تارانچى نامى ھەققىدە

دۆلەت مىللىي ئىشلار كۆمىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇي-غۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتتىك مەنبەسىنى موڭغۇل چۆللۈكىنىڭ شىمالىي بىلەن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ① دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ ئېلىمىز ئالىملىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخ تەتقىقاتىدا، ھاسىل قىلغان ئىلمىي يەكۈنى بو-لۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەيلى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئولتۇراقلىشىش تارىخى بولسۇن ياكى شىمالىدىكى ئولتۇراقلى-شىش تارىخى بولسۇن ئوخشاشلا، ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋال-غىلى بولىدۇ. دۆلەت ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا ئولتۇراق-لىشىش تارىخى ئۈستىدە، بىرقەدەر ئەتراپلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان چىڭ سۇلۇ ئەپەندى مۇنداق ھېسابلىغانىدى: «دىڭلىڭلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئالتاي تېغىنى پاسىل قىلىپ شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككى تارماققا ئايرىلىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىدى. شەرقىي تارماقتىكىلىرى

سىبىرىيىدىكى بايقال كۆلى بويىغا، غەربىي تارماقتىكىلىرى ھا-
زىرقى ئېرتىش دەرياسى بىلەن بالقاش كۆلىنىڭ ئارىلىقىغا كۆ-
چۈپ بارغانىدى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يەنى ھازىرقى شىما-
لىي شىنجاڭدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىغا توغرا كېلەتتى.» ② بۇ
ھـۆكـۈم «ئـۈچ پـادىشاھلىق تـەزكىرىسى. ۋېي پـادىشاھلىقى
تارىخى»، «ۋېي خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى. غەربىي رۇڭلار
ھەققىدە قىسسە» گە ئاساسەن چىقىرىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى دىڭ-
لىڭلار V ئەسىردە قاڭقىل دېگەن نام بىلەن كۆرۈلگەندە، قاڭ-
قىللارنىڭ پوۋۇرغۇر قەبىلىسى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى
جۇڭغار ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كەلگەنىدى.

قاڭقىللارنىڭ پوۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شى-
مالىدىكى سەلتەنىتى خېلى بىر مەزگىلگىچىلىك داۋام ئەتكەن
بولۇپ، تەسىرىنى بىرمەھەل تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چې-
تىگىچە كېڭەيتكەنىدى. VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلار ئۆز-
لىرىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسى ئارقىلىق، تۈركلەرنىڭ ئۈستقۇرۇل-
مىسىنى تىكلەشكە قاتناشقانىدى. تۈركلەر ئىككىگە بۆلۈنگەندىن
كېيىنكى شەرقىي ۋە غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق شارائى-
تىدىكى تېلىلار ئەمەلىيەتتە قاڭقىللارنىڭ تېخىمۇ كەڭ مەنىدىكى
ئاتىلىشى بولۇپ، تۇغلا دەرياسىنىڭ بويىدىكى ۋېيخىلار بىلەن ئاق
تاغنىڭ ئېتىكىدىكى ئوغۇزلار كېيىنكى ئۇيغۇرلار ئىدى، بۇ تەڭ-
رى تېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى رايونلارنىڭ تۈركلىشىش
يۈزلىنىشى ئىدى. مۇنداقچە قىلغاندا بۇ ئېقىم IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇ-
رىلىرىدىن باشلانغان كەڭ كۆلەملىك ئۇيغۇرلىشىش دولقۇنىنىڭ
مۇھىم ئالدىنقى شەرتى ئىدى. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرى
تېغىنىڭ شىمالىدىكى بالدۇرقى ئاساسى ۋە ئۇنىڭ راۋاجى، كې-
يىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي جەريانىغا قوشۇلۇپ كەتكەن تەڭرى
تاغ ۋە تارىم مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارى-
خىغا پەيدىنپەي تەسىر كۆرسىتىپ، ئاخىرىدا مۇشۇ رايونلارنىڭ

تارىخىدىكى زور بۆرۈلۈشنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى شىنجاڭدا باشلانغان ئۇيغۇرلە-
شىش دولقۇنى، ئىلگىرىكى ھەرقانداق قوشۇلۇشقا قارىغاندا، زور
كۆلەمگە ۋە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە ئىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرى بې-
رىپ، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىتى شەكىللەنگەن يەركەن
خانلىقى دەۋرىگىچە داۋاملاشتى. ئۇيغۇرلارنىڭ يەركەن خانلىقى-
دىن ئاۋۋالقى مەزگىلدىكى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى پائالىيى-
تى ئوخشاشلا زور تەسىرگە ئىگە ئىدى. XIII ئەسىردە ئۆتكەن
جۇرجىت خانلىقىنىڭ ئەلچىسى ۋۇگۇسۇننىڭ يېزىشىچە، موڭ-
غۇللار غەربكە يۈرۈش قىلغان مەزگىلدە، ئەسلىدىكى «قارا
قىتانلاردىن بەك ئاز ئادەم قالغانىكەن، مۇشۇ قالغان ئادەملەرمۇ
خۇيگو (ئۇيغۇر) لارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى قوبۇل قىلىپ، شۇلار-
چە كىيىم - كېچەك كىيىدىغان بولۇپ قالغانىكەن.» ③ XIV
ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ خانى
تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ 160 مىڭ موڭغۇلغا باشچىلىق قىلىپ، ھازىر-
قى قورغاستىكى ئەزەن دۆڭدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى،
يالغۇز كۇچا خوجىلىرىنىڭ پېشۋاسى جالالىدىن كېتىكنىڭلا دالا-
لىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى تەڭرى تې-
غىنىڭ شىمالىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئېتىقادىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ
قارىغىلى بولمايتتى. بۇ ھەرگىزمۇ ئاددىي ھالدىكى تاللاش بولمى-
غاننىڭ ئۈستىگە، يەنە كېلىپ تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىشى
تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قىسقىسى ئەينى مەزگىلدىكى
تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجى
بولۇپ، ئىدېئولوگىيە سىستېمىسى جەھەتتە، ھۆكۈمرانلىق قىلى-
غۇچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار بىلەن تەدرىجىي يېقىنلى-
لىشىشى ياكى ئورتاق ئېتىقاد مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرۈش
ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق ئېتىقاد ئىسلاھاتى ئىدى.

لېكىن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ بېشبالىق ۋە ئىلبالىق

نامىدىكى جەريانى، تۇغلۇق تۆمۈر ئەۋلادلىرىنىڭ تۆمۈرلەڭ ۋە
ئويراتلار بىلەن بولغان توقۇنۇش جەريانى بولغاچقا، تەڭرى تېغىـ
ـنىڭ شىمالىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا
ئۇچراتقانىدى. بولۇپمۇ يەركەن خانلىقى قۇرۇلۇشىنىڭ هارپىسىـ
ـدا، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا يۈز بەرگەن بىر قاتار ۋەقەلەر،
شەرقىي چاغاتاي ئەۋلادلىرىغا يېڭى بىر تاللاشنى ئېلىپ كەلدى.
ئۇ بولسىمۇ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىنى بازا قىلىش ئىدى. شۇنىڭـ
ـدىن كېيىن يېزىلغان بۇ دەۋرگە ئائىت مەنبەلەردە، تەڭرى تېغىـ
ـنىڭ شىمالىدىكى «گۈللەپ ياشناپ تۇرغان شەھەرلەر، يېزىلار
توغرىسىدىكى مەلۇماتلار چېلىقمايدۇ.» ④ پەقەت تۇغلۇق تۆمۈر
خاننىڭ مازىرىغا بېغىشلانغان تەزكىرىدە «سۇلتان يۇنۇسخان
(1415 ياكى 1418 ـ 1457 ـ يىللار) نىڭ دەۋرىدىن تارتىپ
تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى ئەتراپىدا ياشاپ كېلىۋاتقان 500 ئۆيـ
ـلۈك تاغلىق» ⑤ نىڭ 1755 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى
داباچىغا قارشى ئىلىغا يۈرۈش قىلغاندا چىڭ قوشۇنلىرىغا ئەل
بولغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتلا ئۇچرايدۇ. بۇ شەرقىي چاغاتاي
خانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلاشقان ئەۋلادلىرىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىماـ
ـلىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىنمۇ، ئايرىم جايلاردا يەرلىك
ئاهالىلەرنىڭ داۋاملىق ئولتۇراقلىشىپ كەلگەنلىكىنىڭ بېشارىتى
ئىدى.

ئالاهازەل XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئويراتلارنىڭ
كەڭ ـ كۆلەملىك غەربكە كۆچۈشى ۋە ئۇلارنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ
شىمالىدا ئېلىپ بارغان بىر قاتار پائالىيەتلىرى، XVII ئەسىرنىڭ
باشلىرىغا كەلگەندە، ئۇلارنى مۇستەهكەم ئاساسقا ئىگە قىلغانـ
ـدى. بولۇپمۇ باتۇر قۇنتەيجى تارباغاتايدىكى قوبۇقسارنى مەركەز
قىلغاندىن كېيىن، قوبۇقسار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئېرتىش
دەرياسىنىڭ يوقىرى ئېقىنى، زايسان كۆلى بويى قاتارلىق جايلارـ
ـغا بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى كۆچۈرۈپ چىقىپ ئولتۇراقلاشتۇرـ

دى. XVII ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى غالدان جۇڭغار خانلىقىنىڭ
مەركىزىنى ئىلى دەريا ۋادىسىغا يۆتكىگەندىن كېيىن، بۇ كۆچمەن-
لەر كەڭ ـ كۆلەمدە تېرىقچىلىق قىلغاندىن تاشقىرى، بىر قىسـ-
مى سودا ـ سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندى. ئومۇمەن
ئۇلار ئەينى مەزگىلدە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ھەرقايسى
جايلاردا، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئۈچۈن ھەر خىل مەجبۇرىيەت-
لەرنى ئاتقۇرغاچقا، تارىختا ھەر خىلناملار بىلەن ئاتىلىپ،
شۇغۇللانغان كەسىپ تۈرلىرى بويىچە بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈ-
رۈلگەنىدى.

1. ئېكىنچىلىك ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ئۇي-
غۇرلار

جۇڭغارلار كۆچمەن مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئادىتىدە «تې-
رىقچىلىق قىلماي، نوقـۇل چـارۋىچىلىقىـنىلا ئـاسـاس قىلات-
تى.» ⑥ گۆش مەھسۇلاتلىرىنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قىلىشى،
يېمەكلىكلىرىنىڭ ئىچىدە بۇغداي بىلەن گۈرۈچمۇ بار ئىدى.
«ئەمەلدارلار بىلەن ئاقسۆڭەكلەر ياز كۈنلىرى قېتىق، قىمىز
بىلەن بۇغدايدىن ياسالغان تائاملارنى يەيتتى، قىش كۈنلىرى
كالا، قوي گۆشى بىلەن سۆكتىن ياسالغان تائـاملارنى ئىسـتې-
مال قىلاتتى.» ⑦ ئاشلىقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش يولى بىلەن
تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىن ئالاتتى. «ئۇيغۇرلار ھوسۇل يىغىشقا
تۇتۇش قىلغاندا، ئۇلار تەرىپىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرايتتى،
ھەر يىلى ئۈچ ـ تۆت قېتىم بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۇلار ئۈچۈن
ئادەت بولۇپ كەتكەنىدى.» ⑧ بىراق ئەينى ۋاقىتتىكى يەركەن
خانلىقىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن مۇدا-
پىئەلەنگۈدەك ئىقتىدارى بولغاچقا، ئاشلىقنى بۇ خىلدىكى ئۇسۇل-
غا تايىنىپ ھەل قىلىشنىڭ «تەمىنلەش مەنبەسى ئىنتايىن ئى-
شەنچسىز ئىدى.» ⑨ نەتىجىدە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى باتۇر
قۇنتەيجى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، دېھقانچىلىق ئىش-

لەپچىقىرىشىغا ئەھمىيەت بېرىشنى كۈن تەرتىپكە قويۇشقا باشلى-
دى.

روسىيىلىك موڭغۇلشۇناس زىلاتكىن «تولۇق ئاساس بىلەن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇ (باتۇر قۇنتەيجى) جوڭغارلارنىڭ بۇنداق يېڭى تىپتىكى ئىگىلىك پائالىيىتىنىڭ تەشەببۇسچىسى ۋە تۇنجى تەشكىللىگۈچىسى» ⑩ دەپ كۆرسەتكەنىدى. دەرۋەقە 1640 - يىلىدىكى ئويرات، خالخا موڭغۇللىرىنىڭ تارباغاتايدىكى بىرلەشمە قۇرۇلتىيىدىن ئاۋۋاللا، ئۇيغۇرلار باتۇر قۇنتەيجىنىڭ خۇسۇسىي سۇيۇرغاللىقىدا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغانىدى. 1639 - يىلى جوڭغارلارغا ئەلچىلىككە كەلگەن روسىيەلىك ئابرامۇۋ تۇنجى بولۇپ قوبۇقسار دەرياسى ۋادىسىدىكى شەھەر بىلەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەنىدى: «قۇنتەيجىنىڭ تۇرالغۇسىدا بىر نەپەر لاما تۇرىدىكەن، قۇنتەيجى ئۇچۇن تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى بېكىتىپ بېرىدىكەن، تېرىقچىلىق قىلىدىغانلار بۇخارالىقلار ئىكەن. بۇغداي بىلەن تېرىقنى تېرىيدىكەن، ئۇرۇقنى بۇخارادىن ئالدۇرۇپ كەلگەنىكەن. بىراق باتۇر قونتەيجىنىڭ ئۆزى تېخى بۇ شەھەردە تۇرماپتۇ، ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى يايلاقتا تۇرىدىكەن.» ⑪ ئابرامۇۋدىن كېيىن قوبۇقساردىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى توغرىسىدا 1641 - ۋە 1643 - يىللىرى جوڭغارلارغا ئەلچىلىككە كەلگەن لۇگانېۋست بىلەن ئىلىن قاتارلىقلارمۇ مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، ئىلىننىڭ مەلۇماتىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«قوبۇقسار ئۇچتىن بەشكىچە بولغان كىچىك بازاردىن تەشكىل تاپقان، ئەمما بۇ يەردىكى كىچىك بازار پەقەت ئىككى يۇرۇش خىشتىن ياسالغان ئۆي بىلەن ئادەتتە بىر لاما بۇتخانىسىنى كۆرسىتىدۇ. بىرنەچچە كىچىك بازار ناھايىتى تارقاق جايلاشقان، ھەممىسىنىڭ ئۆزئارا ئارىلىقى بىر كۈنلۈك يول، ئوتتۇرىدىكى ئاشۇ بازار يەنە ياسىلىۋېتىپتۇ، بارلىق بازارلارنىڭ ھەممىسى

قوبۇق دەرياسى جىلغىسىغا ئورۇنلاشقان... ئۇ تىبەتتىن لامالارنى
تەكلىپ قىلىپ، بۇددا دىنىنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىنى ئىلىپ
كىرىپتۇ. ئۇ يەنە بۇخارانىڭ يېزا ـ ئىگىلىك ئاھالىلىرىنى بۇ
جايغا كۆچۈرۈپ كەلمەكچى ئىكەن.» ⑫

قوبۇقساردىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ كۆلىمى توغرى-
سىدىكى بىرقەدەر ئېنىق مەلۇمات، باتۇر قۇنتەيجى ئۆلۈپ، ئىك-
كى يىلدىن كېيىن يەنى 1655 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى-
لىككە بېرىشتا، باتۇر قۇنتەيجىنىڭ ئوغلى سېڭگىنىڭ ھۇزۇرىغا
بارغان روسىيىلىك ئەلچى ۋايكوۋنىڭ مەلۇماتىدا ئۇچرايدۇ. ۋاي-
كوۋ ئۆزىنىڭ ئىگىلىگەنلىرى بويىچە «ئاڭلىشىمچە كىچىك بازار
لايدىن ياسالغانىكەن، بازاردا خىشتىن ياسالغان ئىككى يۇرۇش
بۇتخانا بار ئىكەن، بازاردا تۇرۇدىغانلار لامالار بىلەن بۇخارالىق
دېھقانلار ئىكەن» ⑬ دەپ كۆرسەتكەنىدى. دېمەك، باتۇر قۇنتەي-
جىنىڭ دەۋرىدە، ئۇيغۇرلار دەسلەپ قوبۇق دەرياسى ۋادىسىدا،
جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئۈچۈن تېرىقچىلىق قىلغان بولۇپ، بۇ-
نىڭدىكى بۇخارالىقلار روسىيىلىكلەرنىڭ ئاتاش ئادىتى ئىدى.
«ئەمەلىيەتتە ئاتالمىش كىچىك بۇخارىيىدىكى بۇخارالىقلار
ئىدى»، «يەنى تارىم ئويمانلىقىدا ئولتۇراقلاشقان ئىسلام دىنىغا
ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركىي مىللەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس
ئىدى.» ⑭

باتۇر قۇنتەيجىنىڭ دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن سەل كېيىن ئېرتىش
دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىمۇ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇل-
غانىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ۋايكوۋ ئېرتىش دەرياسىنى بوي-
لاپ ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، خوشۇت قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى
ئابلەي تەيجىنىڭ سۈيۈرغاللىقىدىكى بىر لامانىڭ تۇرۇشلۇق ئور-
نىغا كەلگەن. «بۇ قالماق لاماسى ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئوڭ
قىرغىقىغا يېقىن يەردە تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ ئىككى جايدا چوڭ
بۇتخانىسى بار بولۇپ، پۇتۇنلەي سىرتى ھاكلانغانىكەن، لېكىن

ئۇلارنىڭ تۇرالغۇلىرىنىڭ ھەممىسى توپا ئۆيلەر ئىكەن. ئۇ يەردە
بۇغداي، تېرىق قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئاشلىقلار تېرىلىدىكەن.
يەر تېرىيدىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇخارالىقلار ئىكەن.» ⑮ ۋايكوۋ
بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئايرىلىپ، يەنە 15 كۈن يول يۈرگەن-
دىن كېيىن، ئابلەي تەيجىگە قاراشلىق باشقا بىر دېھقانچىلىق
مەيدانىغا يېتىپ بارغان. ئابلەي تەيجى ئۇنى بۇخارالىق دېھقانلار-
نىڭ تۇرالغۇسىغا ئورۇنلاشتۇرغان. ۋايكوۋ بۇ يەردە ناھايىتى
ئۇزاق تۇرغان بولۇپ، «بۇخارالىق دېھقانلارنىڭ توپا ئۆيلەردە
ئولتۇرۇپ، تېرىق، ئارپا، بۇغداي ۋە پۇرچاق تېرىپ يەنە كۆپلى-
گەن ئائىلە چارۋىلىرىنى باققان»لىقىنى كۆرگەنىدى. «ئېتىز-
لىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قارا بۇغا دەيدىغان بىر كىچىك ئېقىن بو-
لۇپ، تاغنىڭ قىيالىقىدىن ئېقىپ چىقاتتى، تاغنىڭ سەل قىيپاش
تەرىپىدىكى ئېغىزىدا ئېرتىش دەرياسىغا قوشۇلاتتى. دەريانى بوي-
لاپ بىر قانچە تۈگمەن سېلىنغان، ئەتىيازدا كىشىلەر بۇ جايغا
كېلىپ ئۇن تارتىپ كېتەتتى.» ⑯ بۇ بۇخارا نامىدىكى ئۇيغۇر
دېھقانلىرىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە يەر تېرىپ بەرگەندىن
سىرت، ئالغان ھوسۇلىنى ئۇن قىلىپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنىڭ
بارلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇر ئىدى. بۇنىڭدىن جۇڭغار خانلىقى-
نىڭ بۇلاڭ - تالاڭدا ئەسىرگە چۈشكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچى-
لىق نوقتىلىرىنىڭ بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن
ئۇلارنىڭ سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۇن تارتىش تېخنىكىسىنى
ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى رايونلارغىچە ئومۇملاش-
تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋشكە بولىدۇ.

سېڭگى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان مەزگىلدىكى جۇڭغار
خانلىقىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھۆ-
كۈمرانلىقى، يەنىلا روسىيە ئەلچىلىرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىدا
كۆرۈلىدۇ. 1667 - يىلى جۇڭغار خانلىقىغا ئەلچىلىككە كەلگەن
روسىيە ئەلچىسى كرونوۋسكىنىڭ «ئەلچىلىككە بېرىش دوكلاتى»

دا ئەسىرگە چۈشكەن بۇخارالىقلار توغرىسىدا توختىلىپ، «بۇ بۇخارالىقلار هازىر سېڭگى بىلەن چوخورنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى قالماقلارنىڭ يەرلىرىدە تۇرۇپ، تەيجىلەر ئۈچۈن يەر تېرىيدۇ.» قالماقلارنىڭ زېمىنلىرىدا «ئاشلىقتىن مول هوسۇل ئېلىپتۇ. قارا بۇغدايدىن سىرت، ئەتىيازدا تېرىلىدىغان زىرائەتلەرنىڭ تۈرلىرى تولۇق ئىكەن» ⑰ دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئەلۋەتتە بۇ سېڭگىنىڭ دەۋرىدىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا دائىر مەلۇماتنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، سېڭگىنىڭ يەركەن خانلىقىغا قاراتقان هەربىي هەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، ئەينى مەزگىلدە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا خېلى كۆپلىگەن ئاھالىلەرنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

غالدان هاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، جۇڭغار خانلىقى مەركىزىنى قوبۇقساردىن ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا يۆتكىگەچكە سىياسىي مەركەزنىڭ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي مەركەزمۇ يۆتكەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قايتىدىن جانلىنىش بىلەن بىرگە، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بولۇپمۇ سىۋان راپتان بىلەن غالدان سېرىن ئىلى دەريا ۋادىسىدا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويغاچقا، دېھقانچىلىق نۇقتىلىرى تېخىمۇ كۆپلەپ قۇرۇلدى. زىلاتكىننىڭ كۆرسىتىشىچە، 1722 ـ يىلى جۇڭغار خانلىقىغا ئەلچىلىككە كەلگەن روسىيىلىك فېڭكىۋسكى مۇنداق يازغانىدى: «هازىر ئۇلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەرلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپتۇ. يالغۇز بۇخارالىق ئاھالىلەرلا تېرىقچىلىق قىلىپ قالماستىن، بەلكى نۇرغۇنلىغان قالماقلارمۇ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، چۈنكى قۇنتەيجى بۇ توغرىدا پەرمان چۈشۈرگەنىكەن.» ⑱ بۇنداق ئۆزئارا ئۆگىنىش نوقۇل تېرىقچىلىق ساها-

سىدىلا گەۋدىلىنىپ قالماستىن، رەخت توقۇش جەھەتتىمۇ گەۋ-
دىلەنگەن بولۇپ، بىر بۆلۈم جۇڭغار ئاھالىلىرى ئۇيغۇر خەلقى
بىلەن ئۇزاققىچە بىرگە ياشاش ئارقىلىق، پەيدىنپەي يىپ ئىگى-
رىپ، رەخت توقۇش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋالغانىدى.

1727 ـ يىلى سىۋان راپتان ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى غالدان
سېرىن تەختكە چىققاندا، ئۇمۇ ئاتىسىنىڭ سىياسىتىنى يولغا
قويغانلىقتىن، تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئۇيغۇر يانچىلىرىغا قاراتـ-
قان ھۆكۈمرانلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم
گەۋدىلىك ئىپادىسى شۇكى، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر يېزا، كەنتلىرى
بارلىققا كېلىشكە باشلىغان بولۇپ، 1731 ـ يىلى جۇڭغار خانلى-
قىغا ئەلچىلىككە كەلگەن روسىيىلىك ئۇگرومۇۋ ئىلى دەريا ۋادى-
سىدا سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى، بوربو-
سۇن ئېقىنىدا بۇخارالىقلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەرلىرى-
نىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە تاختا لايدىن ياسالغان ئۆيلى-
رىنىڭ بارلىقىنى، قارىماققا بۇنىڭ كەنت بولۇپ قۇرۇل-
غانلىقىنى ⑲ تىلغا ئالغانىدى.

غالدان سېرىننىڭ دەۋرىدىكى يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئەھۋالى
توغرىسىدا خەنزۇچە مەنبەلەردىمۇ خاتىرىلەر قالدۇرۇلغانىدى.
مەسىلەن، ئىش باشقۇرغۇچى ئامبان ئاگۈينىڭ خانغا يوللىغان
مەكتۇپىدا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا خوجىگىر، قاينۇق، چېتىم
قاتارلىق ئۈچ ئورۇن بىلەن دەريانىڭ شىمالىدىكى غۇلجا، قور-
غاس، چاغان ئۇسۇ قاتارلىق ئۈچ ئورۇندا ئىلگىرى پۈتۈنلەي
ئۇيغۇرلار يەر تېرىپ ئولتۇرۇپ كەلگەن.» ⑳

بۇ ئەمەلىيەتتە غالدان سېرىننىڭ دەۋرىدىكى يۇقىرىدىكى
ئالتە ئورۇندىكى يېزا ـ كەنتلەر توغرىسىدىكى ئۇچۇر بولۇپ،
قارىماققا جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرى-
شىنىڭ مۇنداقچىلا تىلغا ئېلىنىپ قېلىشىدەك قىلىسىمۇ، ئۇنىڭ

ئىلى رايونىدا خېلى زور كۆلەمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ
بېرىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت
ئەھۋالىنى تەتقىق قىلغان ساگوجى تورۇنىڭ يازغانلىرىغا
ئاساسلانغاندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلىدىكى ئىش باشقۇرغۇچى
ئەمەلدارلىرى ئاۋۋال ھازىرقى چاپچالدىكى قاينۇقتا يېزا - كەنت-
لەرنى قۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ ماھىيەتتە
جۇڭغار خانلىقىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بەر-
گەنلىكىنى ئۈلگە قىلىش بولۇپ، «غالدان سېرىن ھاكىمىيەت
باشقۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ئاتىسى ۋە بوۋىسى ھاكىمىيەت باشقۇرۇ-
ۋاتقان دەۋرگە ئوخشاش زىرائەت تېرىغانلارنى مۇكاپات-
لىغانىدى.» ㉑ بۇ تۈزۈم ئىلى رايونىدا ناھايىتى زور ئۈنۈم
پەيدا قىلغاچقا، ئۇيغۇرلار تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈپ قالماستىن، بەلكى يەنە جۇڭغارلارنىڭ ئارىسىدا باغۋەنچى-
لىكنىمۇ كېڭەيتكەنىدى.

باغۋەنچىلىك تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە
بىر خىل كەسىپ تۈرى بولۇپ، گەرچە بۇ تۈر غالدان سېرىنىنىڭ
دەۋرىدە كېڭەيتىلگەن بولسىمۇ، مەلۇم تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن-
ئىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان روسىيە ئەلچىسى ئۈگرىمو ۋ
غالدان سېرىنىنىڭ قارارگاھىغا يېقىن بىر باغنى زىيارەت قىلغاندا
مۇنداق يازغانىدى:

«مەن بۇ باغقا بارغىنىمدا، بىزنى بىر بۇخارالىق قارشى
ئالدى، ئۇ خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن باغقا قارايدىكەن...
باغنىڭ ئىچىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ ئى-
كەن. بۇ باغنىڭ ئايلانمىسى ئۈچ رۇس چاقىرىمى كېلىدىكەن.
ئەتراپىنى بىر رۇس گەز ئېگىزلىكتىكى تام بىلەن چۆرۈپ چىقىپ-
تۇ.» ㉒

ئۈگرىمو ۋنىڭ كۆرسىتىشىچە، جۇڭغار خانلىقىدا بۇنداق
باغلار خېلى كۆپ بولۇپ «غالدان سېرىن بىر ئورۇندىكى باغنى

شۈبھىسىلىك ئۇفىتسېر رېناتقا سۇيۇرغال قىلىپ، ئۇنىڭ ئىشلىتىشىگە ھەدىيە قىلىپ بەرگەنىدى.» [23] ئۇگروموۋ كېيىن يەنە غالدان سېرىننىڭ خۇسۇسىي بېغىدىن بىرىنى زىيارەت قىلغانىدى. بۇ باغنىڭ كۆلىمىمۇ ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئىچىدە ئىمارەت، لاپاسلار بار ئىدى. باغدا تۆرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بولغاننىڭ ئۈستىگە، كۆكتاتلىقمۇ بار ئىدى.

جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدە، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا، جۇڭغارلار ئۈچۈن ئېكىنچىلىك قىلغان ئۇيغۇرلار، قوبۇقسار، ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى قاتارلىق جايلاردا تېرىقچىلىق قىلغاندىن تاشقىرى، ئۈرۈمچىدىمۇ تېرىقچىلىق قىلغانىدى. 1717 - يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يول قوشۇنلىرى باركۆلدە جۇڭغارلارغا زەربە بېرىپ، ئۈرۈمچىگە ئىلگىرىلەپ بارغاندا، ئاسىيلارنى تىنجىتقۇچى سانغۇن فۇنىڭئەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈرۈمچىدىكى تېرىقچىلىق ئەھۋالىنى تىلغا ئېلىپ، تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات يوللىغانىدى:

«كەمىنە قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىغا تويۇقسىز زەربە بېرىپ، 7 - ئاينىڭ دەسلەپكى 10 - كۈنى ئۈرۈمچى دېگەن جايغا يېتىپ باردۇق... ئۇيغۇرلارنىڭ ئەر - ئايال، پەرزەنت، باللىرىدىن بولۇپ، 196 نەپەر ئادەمنى قولغا چۈشۈردۇق. ھەممە ئات، تۆگە، كالا، قوي قاتارلىق ماددىي نەرسىلەردىن تېخىمۇ نۇرغۇن ئولجا ئالدۇق، ئۈرۈمچى، سايىن تاللا، موتالا قاتارلىق جايلاردىكى تېرىم يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دەسسەپ - چەيلەپ 12 - كۈنى قوشۇنلارنى چېكىندۈرمەكچىمىز.» [24]

ئۈرۈمچىدىكى تېرىقچىلىق نۇقتىلىرىدا، چيەنلۇڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىمۇ داۋاملىق تېرىقچىلىق قىلىنغانىدى. تۇرپانلىق تۆمۈر باقى قاتارلىق بەش ئادەم قۇمۇلدىكى چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ گازارمىسىغا قېچىپ بارغاندا، «سايىنتالادا يەر تېرىيدىغان تەخمىنەن 50 - 60 ئائىلىلىك ئادەم بار، ئۈرۈمچى ئەتراپىدا

ئۇلتۇرۇپ، يەر تېرىيدىغان 500 دىن ئارتۇق دازى، 300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر، 30 دىن ئارتۇق خەنزۇ بار» ㉕ دەپ ئېيتقانىدى. دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدە، جۇڭغارلار ئۇچۇن ئېكىنچىلىك ۋە باغۋەنچىلىك قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ئاساسەن ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، قوبۇقسار، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا تارقالغانىدى. ئۇلار ئومۇمەن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئەمگەك قىلغان بولۇپ، قاتمۇقات ئېزىش ۋە زۇلۇمغا ئۇچرايتتى. قىلچىمۇ ئەركىنلىكى يوق بولۇپ، «جۇڭغارلارنىڭ ئادىتىدە ئىلىدىن قېچىپ چىققان ئۇيغۇرلار قاتتىق جازالىناتتى.» ㉖

لېكىن ئەھمىيەت بېرىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى ماتېرىياللىرىدا ئەل بولغان قوۋملار ئىچىدە «ئىلىدىكى تارىئانچىن، بېزىرگان، ئۇشاك قاتارلىق قوۋملار بار»، «ئۇيغۇرلاردىن 2 مىڭ 600 دىن ئارتۇق تۇتۇن، 8 مىڭ 300 دىن ئارتۇق نوپۇس ئەل بولدى، بۇلارنىڭ كۆپرەكى بېزىرگان، تارىئانچىن سىستېمىسىدىن بولغان ئادەملەر ئىدى»، «يېڭىدىن ئەل بولغانلار تارىئانچىن دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلار ئىدى» ㉗ دېگەن خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ. بۇ هال جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدە يالغۇز ئىلى رايونىدىلا ئېكىنچىلىك قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ خېلى كۆپلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر بۇ سانغا پۈتكۈل جۇڭغارلار رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى قوشۇپ هېسابلىغاندا، ئۇلارنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ بولغان بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

2. سودا سېتىق ۋە مۇلازىملىق بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇرلار

يۇقىرىدىكى نەقىلدە كۆرسىتىلگەندەك، جۇڭغار خانلىقىنىڭ دەۋرىدىكى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى

«بىزىرگان» لار دەپ ئاتالغاندى. ئۇ تۈركىي تىلىدىكـ
ـى «bazargan» دېگەن سۆزنىڭ مۇڭغۇلچىدىكى ئاتىلىشى ئىدى.
«تەزكىرەئى ئەزىزان» دا تىلغا ئېلىنىشىچە، مۇھەممەتئىمىنخان
غالدانىنىڭ ئوردىسىغا يۈرۈش قىلىپ، 30 مىڭ كىشىنى ئەسىرگە
ئالغاندا، بىر ساھىبجامالنى دانىيال خوجىغا نىياز قىلىپ بەرگەـ
نىدى، كېيىن قالماقلار قايتا يەركەن ۋە قەشقەرگە يۈرۈش قىـ
لىپ، ئەسىرلەرنى ئېلىپ قايتقاندا، بۇ ساھىبجامالنى باشقا بىر
جۇڭغار ئاقسۆڭەككە ياتلىق قىلىپ بەرگەنىدى. بۇ ساھىبجامالـ
دىن كېيىن «خوجا يۈسۈپ» تۇغۇلغان بولۇپ دانىيال خوجا
«خوجا يۈسۈپ» بىلەن ساھىبجامالنىڭ دېرىكىنى سودا ـ سېتىق
بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر «بازارگان» ئارقىلىق خەۋەر تاپقانـ
دى. دېمەك «بازارگان» جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدە سودا بىلەن
شۇغۇللىنىدىغانلارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئەينى مەزگىلدە بىر
مەھەل كەسپىي نام سۈپىتىدە قوللىنىلغانىدى.

چىڭ سۇلالىسى ئىلىنى ئىشغال قىلغان مەزگىلدە «بازارگان
ئوتۇخ» دىن ئىبارەت ئالاھىدە بىر گۇرۇھمۇ مەۋجۇت ئىدى.
مەسىلەن، ئېزىزبەگ «بازارگان ئوتۇخ» نى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار
ئىدى، زايسان مامۇتمۇ «بازارگان ئوتۇخ» نى باشقۇرغانىدى. بۇ
خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسى، ئۇلارنىڭ خېلى زور جىسمانىي ئەركىنـ
لىككە ئىگە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ
ئىجتىمائىي ئورنى ئېكىنچىلىك قىلغۇچى باشقا ئۇيغۇرلارغا ئوخـ
شاشلا تۆۋەن ئىدى، ئۇلار «ئادەتتە يۆتكەپ سېتىش بىلەن تىرىكـ
چىلىك قىلاتتى، ھېچقانداق تەئەللۇقاتى يوق ئىدى.» [28]

ئەمما، بۇنىڭدىكى ئۇقۇشماسلىق بازارگانلارنىڭ مىللەت تەـ
ۋەلىك مەسىلىسى بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخنامىلىرىدە
جاۋ خۇينىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپىدا تىلغا ئېلىنغان «ئوغرىلارـ
غا ئەگەشكەن بازارگان قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەنجان، بۇخاراـ
لىقلار ئىكەن» [29] دېگەن خەۋىرىدىن كېيىن، ئۇلارنى پۈتۈنلەي

ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن كىشىلەر دەپ قارالدى. مەسىلەن،
ساگوجى تورۇ شۇنداق قارىغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ «ئۇلار
قوقان، بۇخارا تەۋەلىكىدىكى ئۆزبېك سودىگەرلىرى بولۇپ، با-
زارگان ئوتتۇغ دەپ ئاتالغان سودىگەرلەر قەبىلىسىنى شەكىللەندۈ-
رۈپ نازارەت ئاستىدا جۇڭغار ۋە خوجىلار جەمەتى ئۈچۈن خىزمەت
قىلاتتى» [30] دەپ يازدى. ناھايىتى روشەنكى بۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ
«بۇخارالىقلار» دېگەن نام بىلەن ئاتالغانلىقىدىن شۇنىڭدەك ئۇلار-
نىڭ «ئىلىدا ئوزاققىچە ئولتۇرۇپ، خان خوجىغا مۇرىت
بولغان» [31] لىقىدىن كېلىپ چىققان ئوقۇشماسلىق ئىدى.
جۇڭغارلار ئۈچۈن سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان بازار-
گانلار رۇس مەنبەلىرىدە، ئاۋۋالقىدەكلا «بۇخارالىقلار» دېگەن
نام بىلەن كۆرۈلگەنىدى. ئۇلار جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە ۋاكالى-
تەن روسىيە ۋە چىن سۇلالىسى بىلەن سودا قىلاتتى. «روسىيە-
نىڭ جۇڭگوغا قاراتقان سودىسى يەنىلا مەخسۇس ئېرتىش دەريا-
سىنى بويلاپ ئېلىپ بېرىلاتتى، روسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ سودى-
سىنىڭ ئارىلىقىدىكى بۇ بۇخارالىقلارنىڭ كۆپ ساندىكىسىنىڭ
ھەممىسى كىچىك بۇخارادىكى بۇخارالىقلار ئىدى.» [32] 1664 ـ
يىلى سېڭگى قول ئاستىدىكى بۇخارالىقلارنى روسىيىنىڭ تومۇس-
كى شەھىرىگە سودا قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى. 1676 ـ يىلى خېي-
لۇڭجياڭ يولى بىلەن بېيجىڭغا ئەلچىلىككە بارغان روسىيە ئەل-
چىسى سىپاسار «ئەينى ۋاقىتتا بېيجىڭدىكى ئەڭ پائالىيەتچان
سودىگەرلەر بۇخارالىقلار ئىدى» [33] دەپ كۆرسەتكەنىدى. دېمەك،
جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئۈچۈن سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنى-
دىغان بازارگانلار، سودىغا ماھىرلىقى بىلەن جۇڭغار فېئوداللى-
رىنىڭ قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىدە كۆۋرۈك-
لۈك رول ئويناپ كەلگەنىدى.
جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى تەڭرى تېغىنىڭ
شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر تارمىقى «Ushaq» دېگەن نام

بىلەن ئاتالغاندى. بۇ تۈركىي تىلىدىكى سۆز بولسىمۇ، هازىر-
غىچە ئۇنىڭ ساگوجى تورۇ ئۇتتۇرىغا قويغان «ئۇششاق قالدۇق
نەرسە، ئىلە قۇللىرى» ㉞ دېگەن تەخمىنى ئۇقۇمىدىن سىرت،
باشقا مەنىسى ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. يەنە شۇ ساگوجى تورۇ نەقىل
كەلتۈرگەن كاتانوۋنىڭ ئەسىرىدە، تۈرپان ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار-
نىڭ تىلىدا «Ushaqkhalq» دېگەن سۆزنىڭ «ئاددىي خەلق» ㉟
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇنىڭ-
غا ئاساسلانغاندا ئۇلارنى «ئائىلە قۇللىرى» دەپ هېسابلاشقا بول-
مىسىمۇ، لېكىن پارچە - پۇرات ئىشلارنى قىلىدىغان خىزمەتكار
ياكى مۇلازىملار دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. «جۇڭغارلارنى تىنجى-
تىش تەدبىرلىرى» دە ئۇشاكلار «ئىلىدا ئۇزاققىچە تۇرۇپ، خان
خوجىغا مۇرىت بولغان»، «ئۇشاك قاتارلىق قوۋملار ئوغرىلارغا
ئەگىشىپ، ئىلىدا ئۇزاقتىن بۇيان تۇرۇپ كەلگەن» ㊱ دېگەن
خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ. بۇ چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىنىڭ ئۇشاك-
لارنى بازارگانلارغا ئوخشاش قوقەندىن كەلگەن خەتەرلىك كىشى-
لەر دەپ قارىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەمەلىيەتتە
ئۇلار ئىلى رايونىدا خېلىدىن بېرى گۆرۈدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان
خوجىلار ئائىلىسىدىكىلەر ئۇچۇن خىزمەتكارلىق قىلىپ كەلگەن-
دى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن سۇ ئېردى يازغان «شىن-
جاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەزكىرىسى» دە ئۇشاكلارنى «ئۇرۇشقا
ماهىر كىشىلەر» ㊲ دەپ قارىغانىدى. بۇ يەنە بىر خىل چۈشەندۇ-
رۇش بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىلىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان خوجىلار
جەمەتى ئۇچۇن مەرهەملىك قىلىپ، ئادەتتىكى چاغلاردا بولسا
مۇلازىملىق قىلىدىغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. بۇنداق بول-
غاندا ئۇلار بىلەن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇ-
ناسىۋەتنىڭ بىر خىل ۋاستىلىك بېقىندىلىق مۇناسىۋەت ئىكەنلى-
كىنى بىلگىلى بولىدۇ. يەنى ئۇلار قوش زۇلۇمغا ئۇچرايتتى.

### 3. توپ ياساش ۋە كېمىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇرلار

جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىقىدا، توپ ياساش بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇرلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا «بۇخارالىقلار» دېگەن نام بىلەن يۈرگۈزۈلگەندى. «جۇڭغارلار غالدانىنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ، مىلتىق دورىسى بىلەن قورال - ياراغلارنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى، شۋېتسىيىلىك J. G. Renat ۋە روسسىيىلىكلەرنىڭ ياردىمى بىلەن مىلتىق ۋە زەمبىرەك قۇيۇپ، ئېچكى - تاشقى ئۇرۇشلاردا ئىشلىتىپ، ئۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى قولغا كەلتۈرگەندى.» [38] بۇ جۇڭغار خانلىقىنىڭ مىلتىق دورىسى ئىشلەپ، توپ - زەمبىرەك ياساشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ دەلىلى بولۇپ، توپ - زەمبىرەك ياسايدىغان ئەمگەك كۈچلىرىنى توپ ياسىغۇچىلار دېگەن مەنىدە «پوچىنلار» دەپ ئاتىغانىدى. بۇ توغرىدا «ۋاسساللار توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»دا بىرقەدەر ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «پوچىنلار ئۇيغۇرلاردۇر، جۇڭغارلار پۇنى بو دەپ ئاتايتتى، ئۇيغۇرلار توپنى ئىشلىگەچكە، ئاشۇنداق ئاتالغان» [39] دېيىلگەن. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دىمۇ خاتىرە قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا «بو يەنى زەمبىرەكتۇر» ، «زەمبىرەكنى ئىشلىتىدىغانلار پوچىنلار دەپ ئاتىلىدۇ» [40] دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك، ئۇيغۇرلار توپ ياساشتا بولسۇن ياكى ئىشلىتىشتە بولسۇن ئوخشاشلا مۇھىم رول ئوينىغاندى.

پوچىنلار يەنە جۇڭغار خانلىقىنىڭ چېگرىلىرىدا تۇرۇپ، چېگرىنى قوغداشقىمۇ مەسئۇل بولغانىدى، مەسىلەن، «جۇڭغارلارنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى» دە كۆرسىتىلىشىچە، ئامۇرسانا چىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ، جۇڭغارلارغا يۈرۈش قىلغاندا، ئېرتىش دەرياسى بويىدىكى پوچىنلار چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قى-

لىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. قىسقىسى ئۇلارنىڭ زى-
مىنىسگە جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھايات ـ ماماتى يۈكلەنگەن بولۇپ،
جۇڭغارلار مىلتىق دورىسىدىن پايدىلىنىشنى بىلگەندىن باشلاپلا
موڭغۇللارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كۆچمەن دۆلىتى سۈپىتىدە،
ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرمەھەل دەۋران سۈرگەنىدى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ
جۇڭغار خانلىقىنىڭ گۈللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغانلىقى بە-
لەن جۇڭغار خانلىقىنىڭ يېقىنقى زامان ئىلىم ـ پېنىگە مەلۇم
جەھەتتىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە قىزىققانلىقىنىڭ ئىنكاسى
ئىدى.

جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى تەڭرى تېغىنىڭ
شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە كېمىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنى-
دىغانلارمۇ بار ئىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىسى-
مۇ، شۇنىڭدەك بۇ توغرىدىكى ماتېرىياللار ئانچە تولۇق بولمىسى-
مۇ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى كېمە-
چىلىكتىن خەۋىرى بار كىشىلەردىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بەر-
گەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بىراق ئەينى ۋاقىتتا جۇڭغار-
لارنىڭ ئىلى رايونىدىكى پائالىيىتىنىڭ ئاساسەن دەريانىڭ جەنۇبى
ۋە شىمالىدىكى جايلار ئىكەنلىكىدىن ئالغاندا، دەريادىن ئۆتۈشتە
كېمىچىلەرنىڭ ياردىمى بولمىسا بولمايتتى. بولۇپمۇ مال پادىلى-
رىنى يۆتكەش ۋە باشقا ماددىي ئەشيالارنى قارشى قىرغاققا تو-
شۇشتا، كېمىنىڭ رولى بىرقەدەر چوڭ ئىدى. دەل شۇنداق
بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخنامىلىرىدە «ئىلىدىكى بۇتخا-
نىلاردىكى لامالار ھەمدە ئۇيغۇر قاتارلىقلاردىن بولۇپ، 2 مىڭدىن
ئارتۇق تۇتۇن، كېمىگە قارايدىغانلاردىن 10 تۇتۇن، سودا زايسانى
بوربو قاتارلىق 45 تۇتۇن كېلىپ ئەل بولدى» [41] دەپ كۆرسىتىل-
گەن. بۇ خاتىرە جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە
ھەقىقەتەن كېمىچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ بارلىقىنىڭ دە-
لىلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسەن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۆر-

سەتمىسى بويىچە كېمىگە قاراش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىقىلار جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدىكى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بولۇپ، ئۇلاردىن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا، ھەر خىل شەكىلدىكى ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كەسىپ تۈرلىرى بويىچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئېكىنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بىرقەدەر كۆپ ۋە تارقالغان ئورنى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، ئالاھازەل 1655 ـ يىلىنىڭ ئۆپچۆرىسىدىلا بەلگىلىك كۆلەمگە يەتكەنىدى. شۇنىڭدەك جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنىڭ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، كېيىنچە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئايرىم جايلاردىكى بوستانلىقلارنىڭ كۆكەرتكۈچىلىرى سۈپىتىدە داۋاملىق بۇ رايونلارنىڭ تارىخىغا تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى ھەمدە ئۆتمۈش ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان كەسىپ نامىنى بىرگە ئېلىپ يۈرۈپ، بىر مەزگىل ئېتنىك نامىنىمۇ يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى. ئۇ بولسىمۇ، ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈش تارىخىدا ئوتتۇرىغا چىققان «تارانچى» نامى ئىدى.

دەرۋەقە، «تارانچى» نامى تىلغا ئېلىنغان ھامان كىشىلەر ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. نۆۋەتتە بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان ئىزدىنىشلەرنىڭ كۆپ قىسمى بەزى نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەس. شۇڭا «تارانچى» نامىغا توغرا تەبىر بېرىش، جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدىكى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى چۈشىنىشتە بىرقەدەر مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«تارانچى» نامى ھەققىدىكى ئاساسلىق قاراشلار تۆۋەندىكى-

چە:

1. «تارانچى» مىلادىيەدىن ئىلگىرى پەيدا بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراشتىكىلەر مىلادىيەدىن ئىلگىرى هازىرقى شىنجاڭنىڭ هەرقايسى جايلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇلار كۆچمەن خەلق بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچى-لىق ئاساسىدىكى فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈشكە ناهايىتى كۆپ ۋاقىت كەتكەن. شۇ مەزگىللەردە دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇرلار تارانچى دەپ ئاتالغان دەپ قارايدۇ.

2. «تارانچى» نامى تۈركىي تىلىدىكى «تارىياچىن» سۆزى-نىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراشتىكىلەر «تارىياچىن» سۆزى «تاراچىن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ تۈركىي تىلىدىكى «تارانچۇ» سۆزىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان، مەنىسى «يەر تېرىغۇچى» دېگەندىن ئىبارەت دەپ قاراي-دۇ.

3. «تارانچى» نامى تۈركچىدىكى «چۆپچى» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراشتىكىلەر ئۆز زامانى-سىدا تۈرك تارانچىلىرى سارسۇ دەرياسى، ئىلى دەرياسى، تارىم دەرياسى، سىر دەرياسى ۋە ئامۇ دەرياسى ۋادىلىرىدا چۆللۈكلەرنى سۇغىرىش ئۈچۈن ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى چاپقان، زىرائەت تېرى-غان، مېۋىلىك دەرەخلەرنى يېتىشتۈرگەن، دۇنيانىڭ هېچبىر يېرىدە تارانچىلاردەك ئانا تۇپراقنى ئەزىزلەيدىغان خەلق يوق. «ئىلى» تۈركچىدە «مەشهۇر» دېمەكتۇر، «تارىم» تۈركچە «تا-رىماق» مەنىسىدىن كەلگەن، زىرائەت ئېكمەك دېمەكتۇر، تۈركچىدە «چۆپنى»نى بۇرۇن تارانچى دەيتتى، دەپ قارايدۇ.

4. «تارانچى» تۈرك تىلى (土耳其语) دىكى يەر تېرىغۇ-چى دېگەن سۆز دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراشتىكىلەر ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بەزىلەر XI ئەسىردە قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار ئىلىغا

كۆچۈپ چىقىپ ئېكىنچىلىك قىلغان. ئەنە شۇلار تارانچىلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى دەپ قارىسا، بەزىلەر 1765 ـ يىلى شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن ئىسياندىن كېيىن، تېرىقچىلىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىر قىسىم دېھقانلار جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىمالىي شىنجاڭغا كۆچۈرۈلگەن. ئەنە شۇلار تارانچىلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى دەپ قارايدۇ.

5. «تارانچى» «كۆچمەنلەر» دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراشتىكىلەر تارانچىلار تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا ئۇيغۇر، ئۇلار تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىلى ئەتراپىغا كۆچۈرۈلگەن. ئۇلار شۇ كۆچۈشتە «كۆچمەنلەر» — تارانچىلار دەپ ئاتالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ «تارانچى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە دەپ قارايدۇ.

6. «تارانچى» ئاتالغۇسى جوڭغار خانلىقى دەۋرىدىكى «Tara čin» دېگەن سۆزدىن كەلگەن دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراشتىكىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىدىكى بوز يەر ئېچىش تارىخىنى جوڭغار خانلىقى دەۋرىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا جوڭغارلار بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلارغا كۆچۈرۈپ كېلىپ دېھقانچىلىق قىلدۇرغان. جوڭغارلار بۇ ئۇيغۇرلارنى «Tara čin» دەپ ئاتىغان. ئۇ موڭغۇل تىلىدا «تېرىقچىلىق قىلغۇچىلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كېيىن بۇ سۆز داۋاملىق قوللىنىلىپ، ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى بولۇپ قالغان دەپ قارايدۇ.

7. «تارانچى» ئۇيغۇرچە سۆز، ئۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراشتىكىلەر چىڭ سۇلالىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىن 6 مىڭدىن كۆپرەك ئۇيغۇرنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ چىقىپ، ئالمى-

لىقنىڭ جەنۇبىدىكى تۇزلەڭلىكتە بوز يەر ئاچقۇزدى. ئۇلار ئىس-
لام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، ئۇ «مۇسۇلمانلارنىڭ بوز يەر
ئېچىشى» دەپ ئاتالدى. ئۇيغۇر تىلىدا تېرىقچىلىق قىلىدىغانلار
«تارانچى» دەپ ئاتىلاتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىلىدىكى بوز
يەر ئاچقۇچى بۇ بىر تۇركۇم خەلق «تارانچى» دەپ ئاتالدى دەپ
قارايدۇ.

8. «تارانچى» موڭغۇلچە سۆز، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە
ئوتتۇرىغا چىققان دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراشتىكىلەر
1825 - يىلى قەشقەردە خوجىلار ئىسيان كۆتۈردى. چىڭ سۇلا-
لىسى هۆكۈمىتى توپىلاڭنى باستۇرغاندىن كېيىن، 1829 - يىلى
نەچچە مىڭ قەشقەرلىكنى ئىلىغا كۆچۈردى. ئۇلار ئېغىر مەجبۇ-
رىيەتلەرنى ئادا قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. بۇ ئېغىر مەجبۇرىيەتلەر-
نى ئادا قىلىدىغان كىشىلەر «تارانچىلار» دەپ ئاتالدى. ئۇلار
چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى ئۈچۈن يەر تېرىيتتى ۋە هەر خىل
ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى دەپ قارايدۇ.

9. «تارانچى» چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان
مانجۇچە سۆز دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراشتىكىلەر. بۇغداي
تېرىيدىغانلارنى مانجۇلار «تارانچى» دەپ ئاتىغان. «تۈركىي تىل-
لار دىۋانى» دا «تاران» قەدىمكى تۈركچە سۆز، ئۇ «دېهقان»
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دەپ ئىزاهلانغان. «تارانچى» بۇغداي
تېرىغۇچى ياكى دېهقانچىلىق قىلغۇچى دېگەن سۆزدۇر. «تارانچى-
لار» دېگەندە ئۇيغۇر دېهقانلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ.

10. «تارانچى» قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى سۆز دېگەن قا-
راش. بۇ خىل قاراشتىكىلەر، تارانچىلار شىنجاڭدىكى يەرلىك
تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى، تارانچى، دېگەن سۆز تۈركىي تىلىدا
«دېهقان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تارانچى دېيىلگەنلەرنىڭ
كۆپ قىسمى چيەنلۇڭ دەۋرىدە تۇرپان ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىن
ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن. ئۇلار ئىلىدا ئولتۇراقلاشقان كۆچمەن

تۈركلەردىن پەرقلەنگەچكە، ئۆزلىرىنى «تارانچى» (دېھقان) دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ دەپ قارايدۇ.

ھەرقانداق بىر تارىخىي ئاتالغۇغا ئوخشاش، «تارانچى» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشىدىمۇ مەلۇم ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي سەۋەب بار. مانا مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «تارانچى» ئاتالغۇسى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل قاراشتا ئېيتىلغاندەك مىلادىيەدىن ئىلگىرى كېلىپ چىققان قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز ياكى تۈركىي تىلدىكى «تارياچىن» سۆزىدىن كېلىپ چىققان سۆز ئەمەس. چۈنكى، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن كېيىنكى ۋاقىتتا يېزىلغان بەزى ماتېرىياللاردىن ھەم ئازادلىقتىن بۇرۇن ئېلان قىلىنغان بەزى ماتېرىياللاردىن نەقىل ئالغان. بۇ ھەقتە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «پۈتكۈل تۈرك قەبىلىلىرى ھۈنەر - كەسىپ قىلغۇچىلارنىڭ سۈپىتىنى ئىپادىلەشتە ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا «چى»نى قوشىدۇ. مەسىلەن، ‹تارىغ - ئاشلىق› سۆزىدىن «تارىغچى - دېھقان›، ‹ئەتۈك - ئۆتۈك› سۆزىدىن «ئەتۈكچى - ئۆتۈكچى، موزدۇز› دېگەن سۆزلەرنى ياسىغانغا ئوخشاش» ⑫ دېگەن بايان بار. شۈبھىسىزكى، بۇ يەردىكى «تارانچى» (دېھقان) سۆزى «تارىغچى» بىلەن مەنە ۋە شەكىل جەھەتتىن ئوخشاپ كەتسىمۇ، تىل نۇقتىسىدىن ئوخشىمايدۇ. «تارىغچى» سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «تېرىقچى» شەكلى بىلەن ساقلىنىپ قالغان.

بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن يۇقىرىدىكى باياننى ئالغاندا، مەزكۇر باياننى باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردىكى بايانلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلمىغان. پەقەت «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «تارىغچى» سۆزى بىلەن «تارانچى» سۆزىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئاددىي ئوخشاشلىقىنىلا كۆزدە تۇتقان. يۇقىرىقى ئىككى سۆز كېلىپ چىققان

ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىتنى، هازىرقى «تارانچى» ئاتالغۇسى كېلىپ چىققان ماكان دەپ قارىلىۋاتقان ئىلى رايونىدا دېھقانچىلىق ئىشلىرىنىڭ قاچاندىن باشلاپ رەسمىي يولغا قويۇلغانلىقىغا دائىر تارىخىي پاكىتلارنى ھېسابقا ئالمىغان. ئەگەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئېلىنغان «تارغچى» سۆزى ئىلى رايونىدىكى ئۇيـغۇرلارنىڭ تارىختىكى «تارانچى» نامى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتـلىك دېيىلسە، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى تەبىر بويىچە قەدىمـكى دەۋردە شىنجاڭدا ياشاپ، ئېكىنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز كېيىنكى ۋاقىتتا ئۇيغۇر دەپ ئاتالماي، «تارغچى» ياكى «تارانچى» دەپ ئاتالغان بولاتتى. شۈبھىسىزكى، بۇنداق قاراش ئىنتايىن زور بىر زورۇقۇش بولۇپ، پۈتۈنلەي بىر تەرەپلىمىلىك تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان يەكۈن ئىدى.

مەلۇمكى، جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھـتىياجى ئەينى مەزگىلدىكى مۇرەككەپ سىياسىي ۋەزىيەتتە، پەـقەت تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا قاراتقان بۇلاڭ - تالاڭ ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئېشىپ كەلگەنىدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قازاق فېئوداللىرىنىڭ سۇيۇرغاللىقىنىڭ كېڭىيىشى ۋە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئۇلارنى ئاشلىققا بولغان ئېھتىياج جەھەتتە قايتا چىقىش يولى تېپىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ خۇددى باشتا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاخىرى بېرىپ، «موڭغۇللارنىڭ خان ۋە ۋاڭ - گوڭلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ سۇيۇرغاللىقىدا ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرمىسا بولمايدىغان كويغا سالدى.» (43) نەتىجىدە جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرى باتۇر قۇنتەيجى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتتىكى مەركىزى قوبۇقسارغا ئاھالە كۆچۈرگەنىدى. يەر تېرىغۇچىلار ئاساسەن «بۇخارالىقلار» نامىدىكى ئۇيغۇرلار ئىدى. بۇ توغرىدا قالدۇرۇلغان خاتىرىلەرمۇ بىرقەدەر كۆپ. خۇسۇسەن روسىيە

ئەلچىسى ف. ئى. ۋايكوۋنىڭ «جۇڭگوغا بېرىش ساياھەت خاتىرد-
سى» دە قوبۇقسار ۋە ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى
دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا تېرىقچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ ئاساسەن
بۇخارالىقلار ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ۋايكوۋ «بۇ بۇخا-
رالىقلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەرلىرىنى تارىئان دېگەن نام
بىلەن تىلغا ئالغان»[44] ئىدى. دەرۋەقە يەنە «تارىئانچىن» دېگەن
نامنى جۇڭغار خانلىقىنىڭ باتۇر قۇنتەيجى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى
دەۋرگە ئائىت خاتىرىلەردىن كۆپلەپ ئۇچرىتىش مۇمكىن، مە-
سىلەن، 1667 ـ يىلى سېڭگىنىڭ ئوردىسىغا ئەلچىلىككە بارغان
روسىيە ئەلچىسى كرونوۋىسكى «تارىئانچىنلا، ئەسىرلەر بولۇپ،
كىچىك بۇخارىيىدىن مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ كېلىنگەنلەر
ئىدى»[45] دەپ قەيت قىلغانىدى. مانا بۇلار تارانچى نامى ھەققىدد-
كى دەسلەپكى يازما يادىكارلىقلاردۇر. دېمەك، تارانچى نامى
جۇڭغارلارغا باتۇر قۇنتەيجى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (1634ـ
1653) دە ئوتتۇرىغا چىققان موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، دەسلەپتە
قوبۇقسار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى
ئېقىنى، زايسان كۆلى بويى قاتارلىق جايلاردا ئېكىنچىلىك قىلى-
غان «بۇخارا» نامىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نامىنى كۆرسەتكەنىتى. با-
تۇر قۇنتەيجى ۋە سېڭگىدىن كېيىن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان
غالدان جۇڭغار خانلىقىنىڭ مەركىزىنى قوبۇقساردىن ئىلى رايو-
نىغا يۆتكىگەندىن كېيىن بولسا ئىلى رايونىدا جۇڭغارلار ئۈچۈن
ئېكىنچىلىك قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ نامى بولۇپ قالغانىدى.

تىل نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئىككىنچى خىل قاراشتا تىلغا
ئېلىنغان تۈركىي تىلىدىكى «تارياچىن» سۆزى ئەسلى موڭغۇل
تىلىدىكى «tarian čin» دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇ خەنزۇ تىلىدا
تۈركىي تىلىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن «تارۇنچۇ» دەپ خاتا
ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. «موڭغۇلچە ـ تۈركچە لۇغەت» بىلەن
«رۇسچە ـ فرانسۇزچە ـ موڭغۇلچە لۇغەت» كە ئاساسلانغاندا،

تارانچى نامى موڭغۇل تىلىدىكى «tarian čin» سۆزىدىن كەلگەن،
ئۇ «tarian» (مەنىسى «ئاشلىق» «ئېكىن») ㊻ ۋە چىن (سۆز
ياسىغۇچى ئۇلانما) دىن ئىبارەت ئىككى تەركىبتىن تەشكىل تاپقان
بولۇپ، «ئېكىنچى»، «دېهقان»، «تېرىقچى»، «ئى-
جارىكەش» ㊼ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ هازىرقى شىنجاڭ موڭ-
غۇللىرىنىڭ دىئالېكتىدا «tarian» دېگەن سۆز «ئېكىن»،
«بۇغداي» دېگەن مەنىنى، ئىچكى موڭغۇل دىئالېكتىدا
«دېهقانچىلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۆزئارا
سېلىشتۇرساق، «tarian» دېگەن سۆز يىلتىزىدىن
taran či<taran či(n)<taran<tarian دېگەن شەكىل هاسىل
بولىدۇ. شۇڭا «تارانچى» ئاتالغۇسىنى موڭغۇلچە سۆز دەپ قا-
راش ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

شىنجاڭدا «تارانچى» دەپ ئاتىلىدىغان جاي ئىسمىمۇ بار.
مەسىلەن، «شەرقىي شىنجاڭدىكى بارلىق تېغىنىڭ جەنۇبىي ئې-
تەكىگە جايلاشقان قۇمۇل شەهىرىنىڭ 84 كىلومېتىر شەر-
قى» ㊽ دىكى ئۈستى ئوچۇق كۆمۈركان هازىرمۇ «تارانچى كۆمۈر
كېنى» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ دەسلەپكى
قەدەمدە تەكشۈرۈشىچە، كۆمۈركان ئەتراپىدا چىڭ سۇلالىسى دەۋ-
رىگە ئائىت دېهقانچىلىقنىڭ ئىزلىرى بار ئىكەن.

دېمەك، يۇقىرىقى خاتىرىلەردىن «تارانچى» نامىنىڭ مىلادى-
دىن ئىلگىرى كېلىپ چىققان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز
ياكى تۈركىي تىلىدىكى «تارۇنچۇ» سۆزىدىن كېلىپ چىققان سۆز
بولماستىن، XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا موڭغۇل تىلىدىكى
«tarian čin» سۆزىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى
كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

«تارانچى» ئاتالغۇسى، ئۇچىنچى خىل قاراشتا ئېيتىلغاندەك
«چۆپچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. تۆتىنچى خىل قاراشتا

ئېيتىلغاندەك «يەر تېرىغۇچى» دېگەن سۆزمۇ ئەمەس. يۇقىرىدىكى ئىككى خىل قاراش «تارانچى» ئاتالغۇسى كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي، تارىخىي شارائىتقا خېلى ئۇيغۇن كەلسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە ئۇلاردا «تارانچى» ئاتالغۇسىنى تۈرك تىلىدىكى سۆز دەپ ئىسپاتلاش بىلەن بىرگە، تۈركىي خەلقلەر كەڭ كۆلەمدە ئولتۇراقلاشقان دەۋرنى «تارنچى» نامى كېلىپ چىققان دەۋر دەپ ھېسابلىغان.

«تارانچى» نامىنى بەشىنچى خىل قارشقا ئوخشاش كۆچۈش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان «كۆچمەنلەر» دېگەن سۆز دېگەن قاراشقا كەلسەك، بۇ خىل قاراش تىل نۇقتىسىدىن رېئاللىقتا ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى «كۆچمەنلەر» دېگەن ئۇقۇم چارۋىچىلىق ئىقتىسادى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى بىرەر مۇھىم ئىچكى - تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۆچۈپ تۇرىدىغان خەلقلەرگە قارىتىلىدۇ. بۇ خىل قاراشتىكىلەر ھەرقانچە قىلغىنى بىلەن «كۆچمەنلەر» سۆزى بىلەن «تارانچى» سۆزىنى سېلىشتۇرۇپ ئۇلاردىن ئورتاقلىقنى تاپالمايدۇ.

«تارانچى» ئاتالغۇسىنى ئالتىنچى خىل قاراشقا ئوخشاش جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدە پەيدا بولغان، موڭغۇل تىلىدىكى «tara čin» دېگەن سۆز دېگەن قاراشقا كەلسەك، بۇ خىل قاراشتا، بىرى ئىزدىنىش كەمچىل بولۇش، يەنە بىرى، ۋاقىت توغرا بولماسلىقتىن ئىككى خىل يېتەرسىزلىك ساقلانغان، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلى رايونىدىكى دېھقانچىلىق تارىخىنى جۇڭغار خانلىقى دەۋرىگە باغلاپ قويغان. بۇ خىل قاراشتىكىلەر يەنە تارانچى نامىنىڭ جۇڭغار خانلىقىنىڭ قايسى مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنىمۇ ئېنىق كۆرسەتمىگەن. شۇنداقلا تارانچى نامىنىڭ موڭغۇل تىلىدىكى ئاتىلىشىنىمۇ «tara čin» دەپ خاتا ترانسكرىپسىيە قىلغانىدى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى موڭغۇلشۇناسلارنىڭ

ئىزدىنىشىگە ئاساسەن تارانچى نامىنى باتۇر قۇنتەيجىنىڭ دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان دەپ جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

باتۇر قۇنتەيجى جۇڭغار خانلىقىنىڭ داڭلىق خانلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرىدە جۇڭغار خانلىقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرقەدەر كۈچلۈك دۆلەتلەردىن بولۇپ قالغانىدى، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر قاتار ئىلغار تەدبىرلەرنى يولغا قويۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بەرگەنىدى. ئىدېئولوگىيە جەھەتتە لاما دىنىنى تەشەببۇس قىلىپ، لاما دىنىنىڭ سېرىق مەزھىپىنى يۆلىگەنىدى. يېزىق ئىسلاھاتى جەھەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى شەكلىدىكى موڭغۇل يېزىقى ئاساسىدا، ئويرات شۇۋىسىنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن «تود يېزىقى»نىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەرگەنىدى. خانىدا ئاكىرانىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، تارانچى نامىنىڭ تۆپ يىلتىزى بولغان «tarian» سۆزى دەل مۇشۇ تود موڭغۇل تىلىدىكى سۆز بولۇپ، «يەر تېرىش، ئۇرۇق، ئاشلىق» ⑲ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن.

«تارانچى» ئاتالغۇسى توغرىسىدىكى 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ، 10 ـ خىل قاراشلارغا كەلسەك، بۇ خىل قاراشلاردا تىل مەنىسى جەھەتتىن ھەر خىل بولۇش، يىل دەۋرى خاتا بولۇشتەك نۇقسانلار بار. چۈنكى بىرىنچىدىن، باتۇر قۇنتەيجى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسى غالدان جۇڭغار خانلىقىنىڭ مەركىزىنى قوبۇقساردىن ئىلىغا كۆچۈرگەن مەزگىلدە، ئىلى رايونىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى راۋاجلىنىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن، «تارنچى» دېگەن نام جۇڭغارلارغا باتۇر قۇنتەيجى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردىلا تارىخىي مەنبەلەردە كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئىككىنچىدىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى 1755 ـ يىلى ئامورسانانىڭ ياردىمى بىلەن داباچىغا قارشى جازا يۈرۈش قىلغاندا، جۇڭغارلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ئىلى رايونىدىكى «تارىئانچىن» دەپ ئاتالغان دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك

هەم كېمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇر پۇقرالىرىدىن ئەسكەر تەشكىللەپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن بىللە داباچىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقانىدى.

ئەمما، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلىدىكى قوشۇنلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى هەل قىلىش ئۈچۈن، ئىلى رايونىدا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان بوز يەر ئېچىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى 1759 - يىلىدىن كېيىنكى ئىش بولۇپ، جۇڭغارلار دەۋرىدە، بولۇپمۇ جۇڭغار خانلىقى مەركىزىنى قوبۇقساردىن ئىلىغا كۆچۈرگەندىن كېيىن، ئىلى رايونىدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇرلار خېلى كۆپەيگەنىدى. «بازارگانلار تارىئانچىلار، مۇلازىملاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل تاغلىق ئۇيغۇرلار» [50] دىنمۇ «ئېلىنىڭ هەر قايسى جايلىرىدا تېرىقچىلىق قىلىدىغانلارنى هەممىشە كۆزگە چېلىقتۇرغىلى بولاتتى.» [51] چىڭ سۇلالىسى بولسا جۇڭغار خانلىقى يولغا قويغان كونا تۈزۈملەرنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن، خالاس. چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنى هەتتا ئىچكى موڭغۇلغىمۇ كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ دېھقانچىلىق قىلدۇرغان. بۇ هەقتە «چىڭ ئوردىسىنىڭ گاۋزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» دە: «تارانچى ئۇيغۇرلىرىدىن 100 نەچچە كىشى خۇلۇنبىرغا كېلىپ سولۇن قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ، تېرىقچىلىق قىلىشىغا يول كۆرسەتكەن» [52] دېيىلگەن. ئىلى رايونىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى هەققىدە، 1782 - يىلى ئىلى جاڭجۈنى ئىلىتۇ ئۆز دوكلاتىدا: «ئىلى ساڭلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئاشلىق 500 مىڭ خودىن ئېشىپ كەتتى، ئاشلىق سېسىپ كەتمەكتە» [53] دەپ يازغان.

دېمەك، «تارانچى» نامى جۇڭغار خانلىقىغا باتۇر قۇنتەيجى هۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن دېھقانچىلىق قىلغان بىر بۆلۈم ئۇيغۇرلارغا قويغان نامى، بۇ نام تەخمىنەن XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى تارىخىي

مەنبەلەردە «tarian čin» دېيىلگەن، «XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلى-
رىدىن باشلاپ «taran čin» دەپ ئاتالغان. » .⑤① «تارنچى» ئىلى
رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاتى-
لىپ قالغان نامى بولسىمۇ، لېكىن بۇ نام ئىلى رايونىدا ئەمەس،
جۇڭغار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەركىزى — قوبۇقساردا ئوتتۇرىغا
چىققان. غالدان تەختكە چىقىپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ مەركىزىنى
قوبۇقساردىن ئىلى رايونىغا يۆتكىگەندىن كېيىن، «تارانچى» نامى
ئىلى رايونىدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردا
جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى دېھقانچىلىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەڭرى
تېغىنىڭ جەنۇبىدىن كەڭ ـ كۆلەمدە ئىلىغا كۆچۈرۈپ كەلگەن
ئۇيغۇرلارنىڭ نامى بولۇپ قالغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەل-
گەندە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىلىدىكى قوشۇنلىرى ئۈچۈن دېھقان-
چىلىق قىلغان ئۇيغۇر يۇقىرىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغاندى.

ئىزاھلار:

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 8 ـ بەت.

② چىڭ سۇلۇ «ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىشى توغرىسىدا مۇھاكىمە» ، «غەربىي يۇرت تارىخ مەجمۇئەسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 2 ـ كىتاب 3 ـ بەت.

③④ ۋ. ۋ. بارتولد «يەتتە سۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى» ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان ئۇيغۇرچە نۇسخا.

⑤ قول يازما تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنىڭ 9 ـ ئەۋلاد شەيخلىرىنىڭ قولىدا ساقلانغان بولۇپ، بەت سانلىرى تولۇق ئەمەس.

⑥⑦⑧ «خان تەرىپىدىن بېكىتىلگەن غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 39 ـ جىلد «ئۆرپ ـ ئادەتلەر I » .

⑨⑩⑲㉑㉒㉓㊸ ئى. يا. زىلاتكىن «جۇڭغار خانلىقىنىڭ تارىخى» سودا نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى 183 ـ، 184 ـ، 313 ـ، 343 ـ

بەتلەر.

⑪⑱ ئى. يا. زىلاتكىننىڭ ئەسىرىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 183 ـ، 313 ـ بەتلەر.

⑫⑬⑮⑯⑰ بادالاي «روسىيە، موڭغۇلىيە، جۇڭگو» سودا نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى II توم 1 ـ كىتاب 1129 ـ، 1150 ـ، 1145 ـ ۋە 1232 ـ بەتلەر.

⑭㉜㉝㊹㊺㊾ خاندا ئاكىرا «جۇڭغار خانلىقى ۋە بۇخارالىقلار» «شەرقىي ئوكيان تارىخ تەتقىقاتى» 12 ـ جىلد 6 ـ سان.

⑳ «مەرىپەتلىك گوك ئاگۈينىڭ نەسەبنامىسى» 1 ـ جىلد.

㉔ «چىڭ ئوردىسىنىڭ شىڭزۇ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 273 ـ جىلد.

㉕ «چىڭ سۇلالىسىنىڭ قارا دېۋان مەھكىمىسى خاتىرىلىرى. فۇنىڭئەننىڭ مەكتۇپلىرى» مىللەتلەر، موڭغۇللار ماددىسى، 2297 ـ جىلد، 3 ـ نومۇر.

㉖㉗㉙㉛(51)(52) «چىڭ ئوردىسىنىڭ گاۋزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 635 ـ، 598 ـ، 599 ـ، 619 ـ، 594 ـ، 595 ـ، 612 ـ، 693 ـ جىلد.

㉘ ياۋ يۈەنجى «بامبۇك شىپاڭدىكى خاتىرىلەر» 4 ـ جىلد، «جۇڭغارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 1985 ـ يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى 145 ـ بەت.

㉚㉞㉟㊳ ساگوجى تورۇ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 227 ـ، 229 ـ، 223 ـ بەتلەر.

㊱㊶ «جۇڭغارلارنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى» 77 ـ، 12 ـ جىلد.

㊲㊿ سۇ ئېردى «شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەزكىرىسى» 1 ـ جىلد، «شەھەر قەلئەلەر».

㊴ «ۋاسساللار توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» 11 ـ جىلد، يوڭجېڭنىڭ 8 ـ يىلىدىكى ماددىسى.

㊵ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 41 ـ جىلد «كىيىم ـ كېچەكلەر».

㊷ مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىيا-

تى 1983 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى Ⅱ توم 63 ـ، 64 ـ بەتلەر.

㊻ ن. ن. پوپپى «موڭغۇلچە، رۇسچە، تۈركچە لۇغەت» 1938 ـ يىل سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى رۇسچە نەشرى 1 توم Ⅱ ـ كىتاب 341 ـ بەت.

㊼ كۋالوۋسكى «رۇسچە، فرانسۇزچە، موڭغۇلچە لۇغەت» Ⅲ توم 109 ـ بەت، ساگوجى تورۇ يازغان «XVIII ـ XIX ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ كىتاب 230 ـ بەت.

㊽ «شىنجاڭ يىلنامىسى» 1985 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە نەشرى 827 ـ بەت.

㊿ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ كىتاب 446 ـ بەت.

㊹ ساگوجى تورۇ «XVIII ـ XIX ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» 1 ـ كىتاب 233 ـ بەت.

## 2. جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا يۈرۈش قىلىشى ۋە يەركەن خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى

1653 ـ يىلى باتۇر قۇنتەيجى ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ بەشىنچى ئوغلى سېڭگى ۋارىسلىق قىلغانىدى. ئەمما سېڭگى جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئىنتايىن مۇرەككەپ سىياسىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن بولۇپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى هۆكۈمرانلىق هوقۇقىنى تالىشىش ئۈچۈن ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن كەسكىن كۆرەشنى قانات يايدۇرغانىدى. باتۇر ئۇباش تۇمەن تەرىپىدىن يېزىلغان «تۆت ئويرات تارىخى» غا ئاساسلانغاندا، باتۇر قۇنتەيجى ئۆلۈشتىن ئاۋۋال، ئۆزىنىڭ زېمىنىنى ئىككى قىسىمغا ئايرىپ، بىر قىسمىنى سېڭگىگە، قالغان بىر قىسمىنى باشقا ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەنىدى. سېڭگىنىڭ ئانا باشقا ئاكىلىرى چېچەن تەيجى بىلەن چوتۇ باتۇر قاتارلىقلار، سېڭگىنىڭ جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىغا قايىل بولماي، سېڭگىگە بۆلۈپ بېرىلگەن ئۇلۇشنى قايتا تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىش كېيىن ئۆچمەنلىككە ئۆزگىرىپ، بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى گۇرۇهقا ئايرىلدى. سېڭگى بولسا چوخۇر ئۇباش ۋە باتۇر قۇنتەيجىنىڭ سادىق هەمكارلاشقۇچىسى خوشۇتلارنىڭ ئاقساقىلى ئېچىرتۇخاننىڭ قەتئىي قوللىشىغا ئېرىشتى.

سېڭگىنىڭ ئانا باشقا ئاكىلىرى بىلەن بولغان تەخت ماجىراسى 10 يىلدىن ئارتۇق ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئەڭ ئاخىرى ئويرات لاماسى زايانباندىدانىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن ئۇلار سېڭگىنىڭ خانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ سېڭگىنىڭ سىياسىي ئورنىنىڭ رەسمىي مۇقىملىشىشى بولۇپ، ئۇ 1665 ـ يىلى ئۆزى بىلەن كۆرۈشكەن روسىيە ئەلچىسىگە «مەن ئاتام قۇنتەيجى

ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدىم. ھازىر پۇتكۈل ئۆلۈشنى مەن باشقۇرۇۋاتىمەن» ① دەپ كۆرسەتكەندى. بۇ ھال سېڭگىنىڭ 1665 ـ يىلىدىن تاكى ئۇ ئۆلگەن 1670 ـ يىلىغىچە باتۇر قۇنتەيجىدىن كېيىنكى جۇڭغار خانلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، بۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن بەزى ئىچكى ـ تاشقى ۋەقەلەرگە بىۋاستە باشچىلىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەڭ دەسلەپ ئويراتلار تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا ئۆزلىرىنىڭ پائالىيىتىنى جىددىيلەشتۈرگەن XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۆرۈلگەندى. باتۇر قۇنتەيجىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ بەزى ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئۇيۇشتۇرغان بولسىمۇ، نوقۇل ھالدىكى ھەربىي بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدىن چەتنەپ كېتەلمىگەندى. سېڭگى تەختكە چىققاندىن كېيىن بولسا ئاشكارا بېسىپ كىرىشتىن تاشقىرى يەنە ھەربىي مۇداخىلە يۈرگۈزۈپ، ئۆزىگە سادىق گۇماشتىلارنى تىكلەش دەرىجىسىگىچە بېرىپ يەتكەندى. بۇ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خانلىقىنى بويسۇندۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. لېكىن سېڭگى يەركەن خانلىقىنىڭ تەختىگە يۆلەپ چىقارغان يولۋاسخاننىڭ ئاقسۇدىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ ئۆز ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىشى ۋە قول ئاستىدىكى قوشۇن قوماندانى ئەركابەگنىڭ يۈز ئۆرۈشى، ئۇنىڭ يەركەن خانلىقىنى بويسۇندۇرۇش پىلانىنى بەربات قىلىۋەتكەندى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قارشى كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمى بىلەن 1670 ـ يىلى چوتۇ باتۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەندى ②.

سېڭگى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا باتۇر قۇنتەيجىنىڭ 6 ـ ئوغلى غالدان ۋارىسلىق قىلدى. غالدان ياش ۋاقتىدا شىزاڭغا بېرىپ، «دالاي لاماغا تۇتۇنۇپ، بۇددا قانۇنىنى

ئۆگەندى.» ③ دالاي لاما ئۇنىڭغا «خوتۇكتۇ» دېگەن ھۆرمەت نامىنى بەرگەندى. غالدان شىزاڭدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا شىزاڭنىڭ ھاكىمىيەت ساھەسىدىكى شەخسلەردىن ساڭ جېجياسۇ قاتارلىقلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى. سېڭگېنىڭ زىيادكەشلىككە ئۇچرىغانلىق خەۋىرى شىزاڭغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ شىزاڭدىكى يۇقىرى قاتلام روھانىيلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، تېزلىك بىلەن جۇڭغار خانلىقىغا قايتىپ كەلدى.

غالدان سېڭگېنىڭ بۇرۇنقى قەبىلىسى ۋە تاغىسى چوخۇر ئۇباش ھەم خوشۇت قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى ئېجىرتۇچېچېنخان قاتارلىقلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئۆزىنىڭ سىياسىي رەقىبلىرى بولغان، چېچىن تەيجى ۋە چوتۇ باتۇرلارنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. چېچىن تەيجى مەغلۇپ بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. چوتۇ باتۇر قالدۇق قوۋملىرىنى ئېلىپ چىڭخەيگە قېچىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن غالدان «ئاخىرى ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ» ④، جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىدى.

غالدان جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئاۋۋال يېقىندىسىگە، كېيىن يىراقتىكىسىگە، ئاۋۋال ئاجىزىغا، كېيىن كۈچلۈككە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت، سىياسەتنى يولغا قويدى. بۇ ماھىيەتتە غالداننىڭ ئۆزىنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقىنى ئورنىتىش ۋە قوشنا قەبىلىلەر بىلەن ئەتراپتىكى جايلارغا كېڭىيىشىنى مەقسەت قىلىپ تۈزگەن پىلانى بولۇپ، ئىشنى ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا ئېلىشقا ياردەم قىلغان تاغىسى چوخۇر ئۇباش بىلەن قېيناتىسى ئېجىرتۇ چېچېنخاننىڭ كۈچلىرىنى تازىلاشتىن باشلىدى. 1673 - يىلدىن 1678 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۇلارنىڭ كۈچلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. 1678 - يىلغا كەلگەندە، نىشانىنى گەنسۇ بىلەن چىڭخەيگە قاراتتى ھەمدە بۇ

جايلاردا ۋەز تارقىتىپ، ئۆزىنىڭ بۇ رايونلارغا قاراتقان ھەرىكىتى ئۈچۈن ئاساس تەييارلىدى. بۇ ھەقتە غالداننىڭ قول ئاستىدىكى زايسان ماڭ نايىنىڭ گەنسۇنىڭ ياساۋۇلبېگى جاڭ يوڭغا ئېيتقان سۆزىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«كەمىنىلىرىنىڭ تەيجىسى غەربىي شىمالدىكى جايلارنى پۇتۇنلەي ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. پەقەت كۆكنۇر (ھازىرقى چىڭخەي) نىلا ئالساق، ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىزدىن تېمۇرچىن بىلەن ئېسەنلەر ئىشغال قىلغانىدى. ئەمدىلىككە كەلگەندە ئۇمۇ بۇ جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش ئىستىكىدە، پېقىرنى ئەۋەتتى.» ⑤ دېمەك، غالداننىڭ شەرققە كېڭىيىشى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ «يېقىندىكىسىگە ھۇجۇم قىلىش» پىلانىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، گەرچە ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، گەنجۇنىڭ ئەتراپىنى ئىگىلىۋالغانىدى. «گەنجۇنىڭ ئەتراپىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ جايىدا تۇرغۇزغان قوشۇنلىرى گۇڭگورت، قوغۇشۇن قاتارلىق سېلىقلارنى ئالدى.» ⑥ بۇ غالداننىڭ تېخىمۇ كەڭ جايلارنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىشىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ، يەركەن خانلىقىنى يەككە - يېگانە قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ زېمىنلىرىنى ئايرىپ بويسۇندۇرۇشنىڭ قەدەم باسقۇچى ئىدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا بولسا، شىزاڭدىكى روھانىي كۈچلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، مەنىۋى جەھەتتە ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە پايدىلىق سورۇن ھازىرلاشقا ئۇرۇنۇشى ئىدى.

غالدان تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، تىغ ئۇچىنى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا قاراتتى. غالداننىڭ كېڭەيمىچىلىكىگە ۋە يەركەن خانلىقىغا دائىر ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىنى بويسۇندۇرۇشى، ئاۋۋال يەركەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن باشلىنىپ، ئاندىن مەركىزىي خانلىق دائىرى-

سىدىكى جايلارغا قارىتىلغانىدى.
مەلۇمكى يەركەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى، تۇرپان ھۆ-
كۈمرانى شاھخان 1570 ـ يىلى ئۇيراتلار بىلەن بولغان جەڭدە
قازا تاپقاندىن كېيىن، سەئىد سىستېمىسىنىڭ قولىغا ئۆتكەن-
دى. شۇنىڭدىن ئابدۇرەشىت خاننىڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇرەھىم-
خان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئابدۇللاخان، باباخان ھەم باباخاننىڭ
ئوغلى ئابدۇرەشىتخان دەۋرىگىچىلىك بۇ جايلار ئىزچىل سەئىد
سىستېمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلدى. 1638 ـ 1639
ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئابدۇللاخان يەركەن خانلىقىغا چوڭ خان
بولغاندىن كېيىن، خانلىقنىڭ شەرقىي قىسمىنى ئۆزىنىڭ بىر-
قانچە ئىنىلىرىگە سۇيۇرغال قىلىپ بەردى: «ئەبۇلمۇھەممەتخاننى
كونا تۇزۇم بويىچە قاراشەھەر بىلەن تۇرپاننىڭ ۋالىيسى قىلىپ
بەلگىلىدى. ئاپئاق سۇلتان چالىشنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىۋالدى.
باباخان قۇمۇلدا ئىدى.» ⑦
باباخان ئاپئاق سۇلتان بىلەن بىر ئانىدىن بولۇپ، ھەمىشە
چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى خېشى ئارىلىقىغا يۇرۇش
قىلاتتى. «ئۇ قاچانلا خاتا يولغا ماڭماقچى بولسا ئەبۇلمۇھەممەت-
خان ئۇنى توساتتى.» ⑧ بۇنىڭدىن باباخاننىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ
زېمىنلىرىغا پاراكەندىچىلىك سالغاندا، ئەبۇلمۇھەممەتخاننىڭ
كەسكىن قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرۈۋشكە بولىدۇ.
قۇمۇل ھۆكۈمرانى باباخاننىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىدى-
كى خېشى ئارىلىقىغا سالغان پاراكەندىچىلىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ
تارىخىي مەنبەلىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، مەسىلەن، «ۋاس-
سالالار ھەققىدە ئومۇمىي بايان» دا تۆۋەندىكىدەك خاتىرە ئۇچراي-
دۇ:
«شۇنجىنىڭ 6 ـ يىلى (1649 ـ يىلى) خېشىدىكى
خۇيزۇلاردىن بولغان ئاسىي دىڭ گودۇڭ قاتارلىقلار قۇمۇل ۋە
تۇرپاندىكىلەرنى ئىچكى جايدىكىلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا

قۇترىتىپ، قۇمۇلدىكى باباخاننىڭ ئوغلى تورۇنتاينى خان قىلىپ تىكلىدى، سۇجۇدا توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەندە، چوڭ قوشۇن ئۆلارغا جازا يۈرۈش قىلدى، تورۇنتاي ۋە ئۇيغۇر ھەم خۇيزۇلاردىن بولۇپ 2 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدى... دىڭ گودۇڭ تىرىك قولغا چۈشتى.» ⑨

يەركەن خانلىقىنىڭ تارىخىغا ئائىت باشقا ماتېرىيال ۋە شاھ مەھمۇد جۇراسىنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئەبۇلمۇھەممەت-خان 15 يىل پادىشاھلىق قىلىپ، ئالەمدىن ئۆتكەندى. ئەبۇلمۇ-ھەممەتخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، باباخان دەرھال تۇرپانغا ھۇجۇم قىلدى. بىراق، بۇ چاغدا تۇرپان خەلقى ئابدۇللاخاننىڭ ئۈچىنچى ئىنىسى ئىبراھىمخاننى، ئەبۇلمۇھەممەتخاننىڭ ئورنىغا خان قىلىپ تىكلىگەن بولغاچقا، باباخان قوشۇنلىرىنى چېكىندۈ-رۈپ، ئوغلى مەھەممەد مۆمىن سۇلتاننى پىچاننى قوغداشقا قال-دۇردى. تۇرپاندىكى قوشۇنلار ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئىبراھىمخاننى ئۆلتۈرگەندە، قايتىدىن يەنە تۇرپانغا كېلىپ، تۇرپانغا 20 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا چالىش (قارا شە-ھەر) دا ئالەمدىن ئۆتتى. باباخاندىن كېيىنكى تۇرپان سۇيۇرغال-لىقى توغرىسىدا مەلۇماتلار بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىكى مۇھىملىق غالدانىڭ تۇرپان سۇيۇرغاللىقىنىڭ ئىچكى ئىختىلاپىدىن قانداق پايدىلانغانلىقى بولغاچقا، بۇ يەردە نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يې-زىلغان «قەشقەر تارىخى» دىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

«باباخاننىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. چوڭى ئابدۇرەشىت، ئىككىنچىسى مۇھەممەتئىمىن، ئۈچىنچىسى مۇھەممەدمۆمىن ئى-دى. باباخان ئۆلگەندە ئابدۇرەشىت قۇمۇلدا، مۇھەممەتئىمىن چالىشىدا ئىدى. ئابدۇرەشىت تۇرپانغا ئاۋۋال قايتىپ كېلىپ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. مۇھەم-مەتئىمىن بولسا بۇنىڭغا قايىل بولماي، ئۇمۇ قوشۇنلىرىنى ئې-لىپ شەرققە يۈرۈش قىلدى، ئىككى قوشۇن تۇرپاننىڭ ئەتراپىدا

تىركىشىپ، بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان غالدان قوشۇن چىقىرىپ ئارىلىشىپ، ئابدۇرەشىت خانغا بولۇشتى. مۇھەممەتئىمىن بولسا كۈچ ئېلىشالماي، تاغ ئىچىگە چېكىنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.» ⑩

مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان خاتىرىدىن بىرى يەنە موللا مىرسالىھ قەشقەرى تەرىپىدىن يېزىلغان «چىڭگىزنامە» دىمۇ تىلغا ئېلىنغاندى. ئۇنىڭدا باباخاننىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىت بىلەن مۇھەممەتئىمىن سۇلتانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ، تەخت ماجىراسىدىن ئەمەس، بەلكى ئابدۇرەشىتنىڭ تۇرپان سۇيۇرغاللىقىنىڭ بىر قىسمى بولغان چالىشقا تەمىنات ئەۋەتىپ بەرمىگەنلىكىدىن كېلىپ چىققانلىقى كۆرسىتىلگەنىدى. ئەمما، ھەر ئىككىلىسىدە غالداننىڭ ئابدۇرەشىتخانغا بولۇشقانلىقى بىرقەدەر ئوچۇق يورۇتۇلغان بولۇپ، ماھىيەتتە ئۇنىڭ تۇرپاننى بويسۇندۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

غالداننىڭ تۇرپان بىلەن قۇمۇلنى بويسۇندۇرۇشى، باشقا ماتېرىياللاردىن كۆرە، چىڭ سۇلالىسىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللاردا بىرقەدەر ئېنىقراق بايان قىلىنغانىدى. «شىمالىي دەشتىنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى» دە كۆرسىتىلىشىچە، غالدان 1679 - يىلى 7 - ئايدا «قول ئاستىدىكى ئاردال خوشۇج قاتارلىق ئۈچ ئاتامانىنى 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تۇرپانغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. ئالدىن يۈرەر قىسىملىرى قۇمۇلغىچە يېتىپ باردى.» ⑪ شۇ يىلى 8 - ئايغا كەلگەندە يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ چىڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرمەكچى بولدى. شۇ سەۋەبلىك چىڭ سۇلالىسىنىڭ گەنسۇدىكى دائىرىلىرىنىڭ ئوردىغا يوللىغان مەكتۇپىدا «بۇلتۇر غالدان كۆكنۇرغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن 11 كۈن يول بېسىپ قايتىپ كەتتى. بۇ يىل يازدا يەنە ئىككى نۆۋەت قوشۇن چىقىرىپ، يېقىن ئەتراپتا چېگرىنى قوغدىغۇچى سانغۇننىڭ قوشۇن بىلەن تۇرۇۋاتـ

قانلىقىنى كۆرۈپ، يېنىكلىك بىلەن بېسىپ كىرىشكە جۈرئەت
قىلالماي، ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىندىنلا قايتتى» ⑫ دەپ كۆرسىتىلـ
ـدى. بۇنىڭدىن غالداننىڭ تۇرپان بىلەن قۇمۇلنى 1679 ـ يىلى
7 ـ ۋە 8 ـ ئايلاردا ئىشغال قىلىپ، يەركەن خانلىقىنىڭ شەرقىي
قىسمىنى جۇڭغار خانلىقىنىڭ بېقىندىسىگە ئايلاندۇرغانلىقىنى،
غالداننىڭ ياردىمى بىلەن تەختكە چىققان ئابدۇرەشىتنىڭ بولسا،
جۇڭغار خانلىقىغا ۋاكالىتەن تۇرپان سۇيۇرغاللىقىغا ھۆكۈمرانلىق
قىلغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇنداق قاراش ئەقىلگە مۇۋاپىق
بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە يەركەن خانلىقىدىن يەككە ـ يېگانە ياردەمـ
ـسىز قالغان تۇرپان سۇيۇرغاللىقىنىڭ تەنها دۇچ كەلگەن تارىخىي
قىسمىتى ئىدى. شۇنىڭدەك ئىلگىرىكى مەنسۇر دەۋرىدىكى تۇرپان
ھاكىمىيتى بىلەن يەركەن خانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشكە
ئوخشاش تارىخىي قايتىلىنىشنىڭ داۋاملىق كۆرۈلۈپ، ئەمدىلىكـ
ـكە كەلگەندە، غالدان تەرىپىدىن پايدىلىنىشى ئىدى، شۇڭا غالداـ
ـنىڭ يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىشى «ئالدى بىلەن مۇشۇ
رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن باشلانغانىدى.» ⑬

جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خانلىقىغا قاراتقان سىياستى
ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ئايانكى، جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى خېلى
بۇرۇنلا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا دىققەت قىلغان بولۇپ، غالداـ
ـنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، نەزىرىنى تېخىمۇ تىككەنىدى. 1679 ـ
يىلى غالدان تۇرپان بىلەن قۇمۇلنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن،
تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلاندى. بۇ ۋاقىت
دەل ئىسمايىلخان ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان يەركەن خانلىقىنىڭ
ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىدا بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى
چوڭ لاگېرغا ئايرىلىپ، نەقشىبەندىچىلەر پىرلىرىنىڭ خانلىقىـ
ـنىڭ ئالىي رەھبىرىدىن كۆرە، شۆھرەت تېپىۋاتقان مەزگىلى
ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسمايىلخاننىڭ ئۆزىمۇ ئىسھاقىيە سۇلۇـ
ـكىنىڭ سادىق مۇرىتى بولغاچقا، قاراتاغلىق خوجىلارنىڭ چوقىنىـ

غا بولۇشۇپ، ئاق تاغلىق خوجىلارغا قاتتىق بېسىم ئىشلەتتى.
شۇنىڭدەك ئىشقىيە سۇلۇكى (ئاق تاغلىقلار) نىڭ بۇ مەزگىلدىكى
كاتتىۋېشى خوجا ھىدايىتۇللانىڭ توپىلاڭ قوزغىشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى قەشقەردىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى.
«ھىدايەتنامە»، «تەزكىرەئى ئەزىزان» ۋە ئىسلام دىنىنىڭ خۇي-
ز ۇلار ئارىسىدىكى مەزھەپلىرىگە ئائىت ماتېرىياللارغا ئاساسلان-
غاندا، خوجا ھىدايىتۇللا دەھبىت، كاسان، بەدەخشان، كەشمىر،
تىبەت، چىڭخەي، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردا ئون يىلغا يېقىن
سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈردى. ئاخىرىدا ئۆزىنى
غالدانىڭ شىنجاڭ ۋە غەربىي شىمالىدىكى باشقا جايلارغا بولغان
ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىتىلىشى ئۈچۈن، مەنىۋى جەھەتتىن ئىل-
ھام بېرىۋاتقان شىزاڭدىكى روھانىيلارنىڭ قوينىغا ئاتتى. شى-
زاڭدىكى روھانىي كۈچلەرنىڭ باش ۋەكىلى دىباساڭجىياجاسۇ دالاي
لامانىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، غالدانىڭ يەركەن خانلى-
قىنى بالدۇرراق مۇنقەرز قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مەدەت
بېرىش مەقسىتىدە، ئۇنى مەخسۇس نامە بىلەن جۇڭغار خانلىقى-
نىڭ ئوردىسىغا ئەۋەتتى. بۇ چاغ غالدانىڭ يەركەن خانلىقىنى
يۇتۇۋېلىش قەستىدە ھەدەپ ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىنى-
ۋاتقان مەزگىلى بولغاچقا، خوجا ھىدايىتۇللانىڭ ياردەم سوراپ
كېلىشى، جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا يۈرۈش
قىلىشى ئۈچۈن، خۇددى تۇرپان سۇيۇرغاللىقىنىڭ ئىچكى ئىختى-
لاپىدەك، كۆڭۈلدىكىدەك پۇرسەت يارىتىپ بەردى.
«تەزكىرەئى ئەزىزان» بىلەن نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يې-
زىلغان «قەشقەر تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، غالدان خوجا ھى-
دايىتۇللا ئېلىپ كەلگەن دالاي لامانىڭ نامىدىكى خەتكە ئەمەل
قىلىپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ،
مۇزداۋان ئارقىلىق قەشقەر ۋە يەركەنگە يۈرۈش قىلدى. يۈرۈشكە
ئويرات قوشۇنلىرىدىن سىرت تۇرپان سۇيۇرغاللىقىنىڭ قوشۇنلى-

-رىمۇ قاتناشقانىدى. بۇنىڭدىكى تۇرپان قوشۇنلىرى باباخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان، ئابدۇرەشىت، مۇھەممەتئىمىن، مۇھەم-مەد مۇمىن ئاقباشخان قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار ئىدى.

غالدان «تۇرپانغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئابدۇرەشىتخاندىن ئاپئاق خوجا (خوجا ھىدايىتۇللا) غىمۇ قوشۇن ئېلىپ بەردى.» ⑭ بۇ تەبىئىيكى كەڭ ئىشقىيە سۇلۇكى مۇرىتلىرىغا ھاياتىي كۈچ ئې-لىپ كەلگەچكە، ئۇلار يول بويى جۇڭغار خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى-نى ئەسەبىيلىك بىلەن قوللىدى. نەتىجىدە غالدان ئاقسۇ، ئۇچ-تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئىگىلەپ، قەشقەر بىلەن يەركەنگە باستۇرۇپ باردى. جۇڭغار خانلىقىنىڭ قوشۇنلى-رى قەشقەرگە يېتىپ بارغاندا، ئىسمايىلخاننىڭ قەشقەردىكى ئوغ-لى باباق سۇلتان قوشۇن بىلەن شەھەردىن چىقىپ جەڭ قىلدى. لېكىن ئۇرۇشتا «ئۇنىڭغا ئوق تېگىپ شېھىتلىك شەربىتىنى ئىچتى.» ⑮ جۇڭغار خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى شەھەرگە ھۇجۇم قىلغاندا، شەھەر ئىچىدىكى ئىشقىيە سۇلۇكى مۇرىتلىرى «ناچار-لىق» قىلغاچقا، شەھەر ناھايىتى ئاسانلا قولدىن كەتتى.

جۇڭغار خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەركەننى ئىشغال قىلىشقا ئاتلاندى. يەركەندە ئۇلار ئوخشاشلا قارشىلىققا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، يەركەن قو-شۇنلىرىنىڭ قوماندانى ئىۋەزبەگكە ئوق تېگىپ ئۆلگەندىن كې-يىن، يەركەن ئەمەلدارلىرى تەشۋىشكە چۈشۈپ قالدى. بولۇپمۇ بۇ مەزگىلدە ئىسمايىلخان «كىچىكلەرنى ئۇلۇغ، ئۇلۇغلارنى كى-چىك كۆرۈپ، ھاراقتا بەكلا ئامراق بولۇپ كەتكەن» ⑯ بولغاچقا، ئۈمىدسىزلىنىپ، تاجۇ ـ تەختىنى ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ پىر-لىرى، خوجا شۇئەيىپ بىلەن دانىيال خوجىغا قالدۇرۇپ، ئۆزى شەھەردىن چىقىپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىغا ئەل بول-دى. بۇنىڭ بىلەن 1514 ـ يىلى سۇلتان سەئىد تەرىپىدىن

قۇرۇلغان يەركەن خانلىقى ئاخىرى، ئىسمايىلخاننىڭ دەۋرىدە جوڭغار خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمى ۋە خوجا ھىدايىتۇللا باشچىلىقىدىكى ئىشقىيە سۇلۇكى مۇرىتلىرىنىڭ ئاكتىپ ماسلاششى ئارقىسىدا مۇنقەرز بولدى.

يەركەن خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى، شىنجاڭ ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدىكى زور ۋەقەلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، كۆپلىگەن تارىخشۇناس ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىنى قوزغىغانىدى. ئەمما بۇنىڭدىكى بىر مۇھىملىق يەركەن خانلىقىنىڭ قايسى يىلى مۇنقەرز بولغانلىق مەسىلىسى ئىدى. تارىخنامىلەردە «خوجا ئافاق بۇ خەتنى ئېلىپ، قالماق تۆرىسىگە يەتكۈزدى. تۆرە كامال تەۋازۇئى بىرلەخەتكە ئەمەل قىلىپ، ئۆز لەشكىرى بىرلەكاشغەرگە يۈزلەندى» [17] دەپ مەلۇمات بېرىلگەندىن باشلاپ، يەركەن خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولغان يىلى توغرىسىدىكى قاراشلار بىر ـ بىرىگە ئوخشىماي كەلدى. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

موللا مۇسا سايرامى يازغان «تارىخى ھەمىدى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «خوجا ئافاق قۇن تەيجىگە ئۆزىنى تاشلاپ، ماڭا چېرىك بەرسىڭىز، ئالتە شەھەرنى سىزگە تەۋە قىلىپ ئىلكىڭىزگە ئۆتكۈزسەم دېگەن مەزمۇندا ئەرز قىلدى. ئاپئاق خوجا قۇنتەيجى مۇشرىكنىڭ مۇددىئا ۋە ياردىمى ئارقىسىدا، يەتتە شەھەرنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئىسمايىلخاننى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن قوشۇپ، ئىلىغا كۆچۈرۈپ چىقتى. بۇ ھىجرىيىنىڭ بىر مىڭ يىگىرمە ئىككىنچى يىلى (مىلادىيە 1613 ـ يىلى) ئىدى.» [18]

ئەنگلىيىلىك موڭغۇلشۇناس خوۋست يازغان «موڭغۇل تارىخى»دا مۇنداق دېيىلگەن: «دەل بۇ چاغدا غالدان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ تەسىرىنى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا كېڭەيتىشكە ئۇرۇندى. قەشقەردىكى ئەۋلىيالار جەمەت-

دىن بولغان خوجىلار ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلاردىن ئىبارەت بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، ھوقۇق تالىشىش ئۈچۈن بىر ـ بىرى بىلەن كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. قەشقەر خانى ئىسمايىل قارا تاغلىقلار گۇرۇھىنى قوللاپ، ئۆزىگە قارشى گۇرۇھنىڭ باشلىقى ئاپئاق خوجىنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقاردى. ئۇ كەشمىرگە باردى، بۇ يەردىن ئارقىدىنلا يەنە تىبەتكە باردى. تىبەتتە ئۇ دالاي لاماغا يېلىنىپ يالۋۇرغاچقا، دالاي لاما ئۇنىڭدىن غالدانغا خەت ئەۋەتتى، خەتتە ئاپئاق خوجىنى قەشقەر بىلەن يەركەننىڭ ھۆكۈمرانى قىلىپ تىكلەشنى تەلەپ قىلدى. غالدان بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، 1678 ـ يىلى كىچىك بۇخارا دەپ ئاتالغان بۇ جاينى بويسۇندۇرۇپ، ئاپئاق خوجىنى باش ۋالىي قىلىپ تىكلىدى، ئاپئاق خوجا يەركەننى مەركەز قىلدى. قەشقەر خانى بولسا غالدان تەرىپىدىن ئىلى رايونىغا ئېلىپ بېرىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ شەھىرى بولغان غۇلجىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.» ⑲

مەرھۇم ئەنۋەر بايتۇر يازغان «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «خوجا ھىدايىتۇللا دەھبىد، كاسان، بەدەخشان، كەشمىر، تىبەت، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردا 12 يىللىق دەرۋىشلىك تۇرمۇشنى ئۆتكۈزۈپ، مىلادىيە 1682 ـ يىلى ئۆزىنى دالاي بەشىنچىنىڭ ياردەمچىسى ساڭجىياجاسۇنىڭ قولتۇقىغا ئاتتى... غالدان 12 مىڭ لەشكەر تەييارلاپ، خوجا ھىدايىتۇللاغا يول باشلىتىپ، مۇزداۋان ئارقىلىق، قەشقەرگە بېسىپ كىردى.» ⑳ بۇ خىلدىكى قاراشتىن بىر خىلى يەنە «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى» ھەمدە لى جىشىن يازغان «يەركەن مۇسۇلمان خانلىقى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، فرانسىيىلىك مورس گىران، روسىيىلىك زىلاتكىن بىلەن ئاكومۇشكىن ۋە ياپونىيىلىك خانىدا ئاكىرا قاتارلىقلارمۇ يەركەن خانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقان يىل دەۋرىنى

ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1678 ـ، 1680 ـ، 1679 ـ يىلى بىلەن 1680 ـ يىللار ئارىلىقىدا ۋە 1680 ـ يىلى ئەتراپىدا دەپ ھېسابلىنغان، ئۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر. شۇناس ۋە موڭغۇلشۇناسلارنىڭ ئارىسىدا ئاكومۇشكىن بىلەن خا. نىدا ئاكىرالارنىڭ «يەركەن خانلىقى 1680 ـ يىلى ئاخىرلاشقان» دېگەن قارىشى بىرقەدەر كەڭ تارقالغان.

يۇقىرىدىكىدەك بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان بۇنداق كۆز قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى كىشىنى ھەقىقەتەن ئەجەبلەندۈرى. دۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىرلا ئومۇمىي يەكۈن يەنى ئىسمايىلخان ۋە غالداندىن ئىبارەت بويسۇندۇرۇلغۇچى بىلەن بوي. سۇندۇرغۇچى ھەمدە ئاپئاق خوجا ۋە دالاي لامادىن ئىبارەت ئىككى ۋاستىچىنىڭ مۇناسىۋىتى باشتىن ـ ئاياغ ئاساسىي گەۋدە قىلىن. غان.

يەركەن خانلىقى سۇلتان سەئىدخاننىڭ دەۋرىدىن ئىسمايىل خاننىڭ دەۋرىگىچە 11 خاننىڭ سەلتەنەت دەۋرىنى باشتىن كەچۈر. گەنىدى. بۇ ھەممىگە ئايان تارىخىي پاكىت. ئەمما، تارىخىي ماتېرىياللاردا ئىسمايىلخاننىڭ سەلتەنەت دەۋرى مۇنداقچىلا تىلغا ئېلىنغاچقا، خېلىدىن بېرى كۆپلىگەن كىشىلەر ئىسمايىلخاننىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان دەۋرى مەسىلىسىگە قارىتا باشقىچە قاراشتا بولۇپ كەلدى. مەسىلەن، بارتولد شۇنداق قارىغۇچىلار. نىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ «ھۆكۈمرانلارنىڭ نەسەبنامىسىدىن ئىسما. يىلخاننىڭ 1670 ـ يىلى تەختكە چىقىپ يەركەندە تەخمىنەن 12 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ» ㉑ دەپ ياز. دى. بۇنداق دېيىش بىر تەرەپلىمىلىك بولسا كېرەك. چۈنكى، «ئىسمايىلخان بىرنەچچە مۇددەتتىن كېيىن خاجە ئاپاق خاجەمنى كاشغەردىن ھەيدەپ چىقاردىلەر، كاشغەردە ئىسمائىلخاننىڭ ئوغ. لى باباق سۇلتاننى تۇرغۇزدىلەر. بۇ شەھەرلەر ئانچىنان ئاباد بولدىلەر. ئىلگىرى ـ كېيىن مۇنداق بولغان ئەمەس. ئون يىل

رەئايا فەقىرلەر بىلمەدىلەركى، بۇ دىيارلار ئىچىدە سىپاھى بارمۇ-يوقمۇ؟ زۇلۇم - سىتەم سۆزى قۇلاققا ئاڭلانمىدى. ئۆلۇما ۋە فازىللارغا رىۋاج تامام بولدى. شەرىئەت مۇستافا روناق تاپتى.» [22] «1080 - يىلى زۇلقەئىدە ئېيىنىڭ 11 - كۈنى دۈشەنبىدە ھەزرىتى ئەزىزان بىلەن ھەزرىتى خانلار خۇشال - خۇرام ھالدا يەركەنگە يېتىپ كېلىشتى. ئۇلۇغلار، ئەمەلدارلار، چوڭ - كىچىك ھەممىسى جۇغلىشىپ كونا تۈزۈم بويىچە ھەزرىتى خاننى پادىشاھلىققا كۆتۈرۈشتى.» [23]

گەرچە بۇ ئىككى تارىخىي باياننى ئوخشاشلا ئىلگىرى كۆپلىگەن كىشىلەر نەقىل ئالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلمىغانىدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بۇ ئىككى بايانىدىكى «1080 - يىلى (مىلادىيەنىڭ 1670 - يىلى)... ئۇلۇغلار، ئەمەلدارلار، چوڭ - كىچىك ھەممىسى... خاننى پادىشاھلىققا كۆتۈرۈشتى»، «ئون يىل رەئايا فەقىرلەر بىلمەدىلەركى، بۇ دىيارلار ئىچىدە سىپاھى بارمۇيوق؟ زۇلۇم - سىتەم سۆزى قۇلاققا ئاڭلانمىدى» دېگەن سۆزلەرگە ئەھمىيەت بېرىلمەي كەلگەنىدى. بۇ سۆزلەرنىڭ مۇنداق بىر مۇھىملىقى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئىسمايىلخاننىڭ يەركەن شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن خانلىقنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى تولۇق قولغا ئالغانلىقى ئىسپاتلانغان. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئىسمايىلخاننىڭ سەلتەنەت دەۋرىنى ئۇنىڭ خانلىقنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا تەييارلىنىپ، ئايرىم جايلارنى ئۆز ئالدىغا ئىشغال قىلىۋالغان ۋاقتىدىن باشلاپ ئىزدەش كېرەك. چۈنكى، يەركەن خانلىقىنىڭ 9 - ئەۋلاد خانى ئابدۇللاخان ئوغلى يولۋاسخان تەرىپىدىن تەختتىن قوغلىنىپ، 1667 - يىلى ھىندىستانغا كەتكەندىن كېيىن، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر قېتىملىق تەخت تالىشىش ماجىراسى كېلىپ چىققانىدى. بولۇپمۇ، يولۋاسخاننىڭ تەبىئىتى زۇلۇمغا مايىل بولغاچقا، خەلق ئاممىسىنىڭ نەزىرىدىن

چۇشۇپ كەتكەندى. بۇنىڭ بىلەن يەركەن ۋە قەشقەردىكى بىر قىسىم يۇرت كاتتىلىرى ئاقسۇغا بېرىپ، ئاقسۇدىكى يۇرت كاتتىلىرى بىلەن بىللە، قارا شەھەردە سۇرگۇندە تۇرۇۋاتقان ئابدۇللا خاننىڭ ئىنىسى ئىسمايىلخانغا مايىل بولغانىدى. نەتىجىدە ئىسمايىلخان ئاقسۇغا تەكلىپ قىلىنىپ، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، باي قاتارلىق جايلارنى ئۆزى مۇستەقىل ئىدارە قىلىپ، ئاقسۇ مەركەزلىكىدىكى ئايرىم بىر گەۋدىنى شەكىللەندۇرگەنىدى. بۇ ھەقتە ئىسمايىلخانغا تەقدىم قىلىنغان شاھ مەھمۇد جۇراس تەردىپىدىن يېزىلغان «تارىخ» دا «ئىسمايىل خاننىڭ ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا ۋە باي مەملىكەتلىرىدە خانلىق قىلغىنى» دېگەن ئايرىم سەھىپە بىلەن «ئەمەلدارلار گۇرۇھ - گۇرۇھ بولۇشۇپ، خانغا كۆرۈنۈش قىلىشتى، مەملىكەت خانغا مۇقىملاشتى» دېگەن مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىسمايىلخاننىڭ سەلتەنەت دەۋرى ئۇ يەركەن شەھىرىنى ئىشغال قىلغان 1670 - يىلىدىن باشلاپ 12 يىل داۋام قىلغان بولماستىن، بەلكى ئابدۇللاخان ھىندىستانغا كەتكەن ۋاقىتتىن ئۇزاق ئۆتمەي باشلانغانىدى. ئۇنداق بولسا، ئىسمايىلخان قايسى ۋاقىتتا ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا ۋە باي قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان؟ روسىيىلىك ئاكومۇشكىننىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئىسمايىلخان بۇ جايلارنى «1668 - يىلى ئىشغال قىلغانىدى.» ㉘

دېمەك، ئىسمايىلخاننىڭ سەلتەنەت دەۋرى 1668 - يىلىدىن باشلاپ 12 يىل داۋام قىلغانىدى. يەركەن خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولغان يىل دەۋرى ئىسمايىلخاننىڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئاخىرقى چېكى بولغان، ئىلگىرى ئاكومۇشكىن بىلەن خانېدا ئاكىرا تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن 1680 - يىلىنى بىرلىك قىلغانىدى. ئەگەردە 1678 -، 1679 - ۋە 1682 - يىلىنى مۇنقەرز بولغان يىل دەۋرى دەپ ھېسابلىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى، ئىسمايىلخان-

نىڭ سەلتەنەت دەۋرى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋاقىتتا ئۇيغۇن كەلمەيلا قالماستىن، بەلكى يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان غالداننىڭ ئېلىپ بارغان ھەربىي ھەرىكەتلىرىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى، 1691 ـ يىلى كىتاب بولۇپ تۈزۈلگەن «غەربىي چېگرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى» ناملىق ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىت يىلى (كاڭشىنىڭ 21 ـ يىلى، مىلادىيەنىڭ 1682 ـ يىلى) غالدان مۇسۇلمانلار ئېلىگە ھۇجۇم قىلىپ، مۇسۇلمان ئېلىدىن باج ـ سېلىق تاپشۇرۇپ، بۇددا ئېتىقادىدا بولۇش، دېگەنلەرنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ توپىلاڭچى ئەسكەرلىرى شەھەرگە كىرىپ، يېرىم كېچە بولغاندا، مۇسۇلمانلار سىرتتىن كەلگەن ياردەمگە ئىگە بولۇپ، ئىچى ۋە سىرتتىن ماسلاشتى، شەھەرنى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قاپلاپ، ئوت يالقۇنلىرى ئاسمان پەلەككە كۆتۈرۈلدى، نەتىجىدە غالداننىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى قاتتىق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.» [25] 1690 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يېزىلغان «زايانباندىدانىڭ تەرجىمىھالى»دا «قوي يىلىدا بوشۇقتۇخان ئېرىتىشتە قىشلىدى، مايمۇن يىلى (كاڭشىنىڭ 19 ـ يىلى، مىلادىيەنىڭ 1680 ـ يىلى) ئەتىيازدا كۆك قويدا يازنى ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن يەركەنگە يۈرۈش قىلىپ، يەركەننى ئىشغال قىلدى» [26] دەپ كۆرسىتىلگەن.

بۇ ئىككى مەلۇماتتا تۆۋەندىكىدەك ئىككى مۇھىم يىپ ئۇچى يورۇتۇپ بېرىلگەن: ئۇنىڭ بىرىنچىسى غالدان 1682 ـ يىلى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇيغۇرلار رايونىغا ئەمەس، بەلكى باشقا بىر مۇسۇلمانلار ئېلىگە ھۇجۇم قىلغان. ئىككىنچىسى، باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردىن كۆرە، بۇ ئىككى مەلۇماتنىڭ كېيىنكىسىدە يەركەن خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولغان يىل دەۋرى بىرقەدەر ئېنىق خاتىرىلەنگەن. بۇ خىل ئالدىنقى شەرتكە ئاساسەن، بىز ئۇنى غالداننىڭ ئېلىپ بارغان ھەربىي ھەرىكەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، مەسىلە تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ،

ئەلۋەتتە.

يۇقىرىدىكى ئىككى مەلۇماتتا ئىپادە قىلىنغان يەكۇن، يەركەن خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىدا، خۇددى ئاپئاق خوجىغا ئوخشاشلا مۇھىم ۋاستىچىلىك رولىنى ئۆتىگەن «دالاي لامانىڭ تەرجىمىھالى» دىمۇ ئىسپاتلانغاندى. ئىشەنچىلىك بولۇش - بولماسلىق دەرىجىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، بۇ ماتېرىيال دالاي لامانىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز قولى بىلەن يازغان شەخسىي تەرجىمىھالى بولۇپ، «زايانباندىدانىڭ تەرجىمىھالى» غا ئوخشاشلا بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. دالاي V مۇنداق يازغاندى: «غالدان بوشۇقتۇخان ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنلىرىنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، توخۇ يىلى (1681) يېڭى يىل (دەسلەپكى ئىككى كۈنى) نىڭ... بۇ كۈنىدە يەركەن باشچىلىقىدىكى 1500 شەھەر بازار بىلەن 2 مىليون نوپۇسنى ماڭا ھەدىيە قىلىپ بەردى.» ㉗ دېمەك، بۇ ماتېرىيالدىمۇ يەركەن خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولغان ۋاقتى ناھايىتى ئوچۇق تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، غالدان تىبەت كالېندارى بويىچە 1681 - يىلى يېڭى يىل كىرىپ دەسلەپكى ئىككى كۈندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىنى دالاي V گە تەقدىم قىلغانىدى. بۇنىڭدىكى «يېڭى يىلنىڭ... بۇ كۈنىدە» دېگەن سۆزنىڭ ئورانىدىن قارىغاندا، غالدان ئۆتكۈزگەن يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش زىياپىتىگە قارىتىلغان بولۇپ، غالدان دەل شۇ كۈنى ئۆزى يېڭىدىن بويسۇندۇرغان بۇ زېمىننى دالاي V گە تەقدىم قىلىپ بەرگەنلىكىنى جاكارلىغاندى. ۋاقىت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ يېڭى يىلنىڭ 1 - ۋە 2 - كۈنىدىكى بايرام كۈنى بولغاچقا، جۇڭغار خانلىقىنىڭ يېڭى يىل كىرىشى بىلەنلا يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەكسىچە بۇ ۋەقەنىڭ يېڭى يىلدىن ئىلگىرى ئاللىقاچان تاماملىنىپ بولغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ زور بىر ئۇتۇق سۈپىتىدە يېڭى يىل بېغىشلىمىسىدا ئالاھىدە تىلغا

ئېلىنىپ، دالاي V گە تەقدىم ئېتىلگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي كۆرۈنۈش ئىپادە قىلىنغاندى. بۇنىڭغا ئاساسەن شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇكى، يەركەن خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولغان ۋاقتىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ ئىچىدە «زايانباندىدانىڭ تەرجىمىھالى»دا تىلغا ئېلىنغان ۋاقىت ئەڭ ئىشەنچلىك ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق بولسا جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان تېخىمۇ كونكرېتنى ۋاقتى دەپ قايسى ۋاقىتنى كۆرسىتىش كېرەك؟ بۇ يەردە يەنىلا «زايانباندىدانىڭ تەرجىمىھالى» دىكى «بوشۇقتۇخان... مايمۇن يىلى (1680) ئەتىيازدا يازنى كۆك قويدا ئۆتكۈزدى... يەركەنگەن بۇرۇش قىلدى» دېگەن سۆزلەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق بولغاندا، جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان تېخىمۇ كونكرېتنى ۋاقتىنى 1680 ـ يىلىنىڭ ياز پەسلىدىن كېيىنكى كۈز پەسلى يەنى شۇ يىلىنىڭ 9 — 10 ـ ئايلىرى ئىچىدە دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

## ئىزاھلار:

①② زىلاتكىننىڭ ئەسىرىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «جۇڭغار خانلىقىنىڭ تارىخى»، سودا نەشرىياتى 1980 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 215 ـ، 229 ـ بەت.

③⑤⑪ «شىمالىي دەشتى تىنجىتىش تەدبىرلىرى» I ـ جىلد، 10 ـ، 32 ـ، 33 ـ بەتلەر.

④ چى يۈنشى «ۋاسساللار ھەققىدە ئومۇمىي بايان» 11 ـ جىلد، «ئويراتلار» Ⅱ.

⑥ ساگوجى تورۇ «رۇسىيە ۋە ئاسىيا بايلىقى» 111 ـ بەت. «جۇڭغارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 90 ـ بەت.

⑦⑧㉓ شاھ مەھمۇد جوراس نامىدىكى «سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارى-

خىغا دائىر ماتېرىياللار» 132 ـ، 156 ـ بەت.
⑨ «ۋاسسالالار ھەققىدە ئومۇمىي بايان» 15 ـ جىلد، «ئۇيـ
غۇرلار» I .
⑩ نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «قەشقەر تارىخى»، ساگوجى
تورۇ يازغان «XVIII – XIX ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى
ئۈستىدە تەتقىقات» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1983 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 1 ـ كىتاب 3 ـ بەت.
⑫ «چىڭ ئوردىسىنىڭ شىڭزۇ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلە-
رى» 83 ـ جىلد، 18 ـ، 19 ـ بەت.
⑬ ساگوجى تورۇ «XVIII – XIX ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئى-
يەت تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل
خەنزۇچە نەشرى 1 ـ كىتاب 2 ـ بەت.
⑭⑯ موللا مىرسالىھ قەشقىرى «چىڭگىزنامە» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرى-
ياتى 1985 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 174 ـ، 171 ـ بەت.
⑮⑰㉒ مۇھەممەد سادىق قەشقىرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» قەشقەر
ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 50 ـ، 47 ـ بەت.
⑱ موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى» مىللەتلەر نەشرىياتى
1986 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 130 ـ بەت.
⑲ خوۋست «موڭغۇل تارىخى» ( HISTORY OF THE
MONGOLS ) 1 ـ كىتاب ئىنگلىزچە نەشرى II ـ قىسىم 623 ـ بەت.
⑳ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»
مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى 986 ـ، 987 ـ بەت.
㉑ بارتولد «تۈركىستانغا قىلىنغان ساياھەتتىن دوكلات»، «يەركەن
مۇسۇلمان خانلىقى» ناملىق ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، تەرجىمىسى
«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال) 1985 ـ يىللىق
ئۇيغۇرچە 5 ـ سانغا بېسىلغان.
㉔ ئۇ. ف. ئاكومۇشكىن «چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەرقىي قىسىم ھۆ-
كۈمرانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى»، تەرجىمىسى «ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى
تارىخى مەجمۇئەسى» نىڭ 1985 ـ يىللىق تۇنجى سانىغا بېسىلغان.
㉕ لياڭ فىن «غەربىي چېگرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى» چېگىدەي خەلق
نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى 422 ـ بەت.

㉖ ش. نورىب «زايانبانددانىڭ تەرجىمىھالىغا ئىزاھ» ، ئىچكى موڭ-غۇل خەلق نەشرىياتى موڭغۇلچە نەشرى 272 ـ بەت.
㉗ «دالاي V نىڭ تەرجىمىھالى» جۇڭگو تىبەتشۇناسلىق نەشرىياتى 1997 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 1234 ـ بەت.

### 3. جوڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باشقۇرۇش شەكلى ۋە ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى

XVII ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان جوڭغار خانلىقى، يەركەن خانلىقىغا قارىتىلغان ئاز كەم يېرىم ئەسىرگە يېقىن بۇلاڭ - تالاڭ ۋە بېسىپ كىرىشىدىن كېيىن، ئاخىرى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزگەنىدى. ھالبۇكى جوڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا قاراتقان باشقۇرۇش شەكلى ۋە ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى، كېيىنكى مەزگىلدىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭكىدىن روشەن پەرقىقە ئىگە بولغاچقا، ھەربىي مەھكىمە تۈزۈملىرىنى تەسىس قىلىپ، بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزمىگەنىدى. ئەكسىچە بۇ جايلارغا ئىلگىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەركەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىگە بېقىنەت قىلغان يەركەن خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان سۇلتانلار ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى، قارىماققا بۇ ناھايىتى ئاددىي جەريان ئۇقۇمىدەك قىلسىمۇ، بىر مەھەل يولغا قويۇلۇپ، كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بارغانسېرى مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتۈۋاتقان ئىشقىيە سۇلۇكى بىلەن ئىسھاقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن پايدىلىنىش يولغا قويۇلدى.

جوڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىشى، ئىككى باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلغانىدى. ئاۋۋال 1679 - يىلى خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسىم سۇيۇرغاللىقى بولغان تۇرپاننى بويسۇندۇرۇپ، تۇرپان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ كۈچى ۋە ئاپئاق خوجىنىڭ ئىچكى جەھەتتە سادا پەيدا قىلىپ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، 1680 - يىلى ئىسمايىلخان ۋە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى-

نى ئەسىرگە ئېلىپ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارنى
يۇتۇۋالغانىدى. بىراق، غالدان يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قى-
لىش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، ئاپئاق خوجىدىن
كۆرە، يەركەن خانلىقىنىڭ خان جەمەتلىرىدىن پايدىلىنىشنى ئەۋ-
زەل بىلدى. يەنى ئۆزىگە ساداقەتمەنلىك بىلەن ھەمكارلاشقان
ئابدۇرەشىتنى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن
ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى گۇماشتا قىلىپ تاللىۋالدى. بۇ غالدا-
نىڭ جۇڭغار خانلىقىنىڭ سېڭگى دەۋرىدىكى سىياسىتىدىن سىرت
يەنە، XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئويراتلارنىڭ مەشھۇر يول
باشچىسى ئېسەننىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان
خانلاردىن پايدىلانغانلىقىغا ئوخشاش، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى-
نىڭ ئۇيغۇرلاشقان ئەۋلادلىرىدىن داۋاملىق پايدىلىنىشنى مەق-
سەت قىلىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غالداننىڭ يەركەن خانلىقى-
نىڭ خان جەمەتىدىن بولغان سۇلتانلار بىلەن ئالاقە قىلغان ۋاق-
تى، نەقشبەندىچىلەر بىلەن ئۇچرىشىشىغا قارىغاندا، بىرقەدەر
بالدۇر ئىدى. ئۇلار بىلەن نەقشبەندىچىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتمۇ، ئەمەلىيەتتە يەركەن خانلىقىنىڭ خان جەمەتى ۋە
ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ ئوت-
تۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىدى. ئىسمايىلخاننىڭ يەركەن خانلىقى-
نىڭ تەختىگە چىقىپ ئاپئاق خوجىنى قەشقەردىن ھەيدەپ چىقىرى-
شىمۇ دەل مۇشۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ ئۇتۇقى ئىدى. بۇ نۇقتا
غالدان باشچىلىقىدىكى جۇڭغار خانلىقىغا ئايان بولغاچقا، ئۇ ھەم-
مىدىن بۇرۇن ئابدۇرەشىتكە ئىشەنچ باغلىغانىدى. پەقەت شۇنداق
قىلغاندىلا كەڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى جىددىي تالىشىۋاتقان نەقشى-
بەندىچىلەرنىڭ ئاغدۇرمىچىلىقىغا تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىنى تۇ-
نۇپ يەتكەنىدى.

ئەمما، ئاپئاق خوجا بولسا ئۇنداق قارىمايتتى. ئۇنىڭ جۇڭ-
غار خانلىقىنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ بارغان دالاي لامانىڭ نامىدىكى

خېتىدىكى «مۇنىڭ يۇرتىنى ئىسمايىلخان سويۇپ ئالىپ مۇنى
قوغلاپ، چىقىرىپتۇر، كېرەككى لەشكەر بۇيرۇپ، مۇنىڭ يۇر-
تىنى قولىغا ئالىپ بەرگەيسىز» ① دېگەن مەزمۇنلاردىن قارىغان-
دا، ئۇنىڭ خېلىدىن بېرى يەركەن خانلىقىنىڭ تەختىنى ئىگىلەش
كويىدا يۈرگەنلىكى بىلەن مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن يەركەن
خانلىقىنىڭ زېمىنىنى جۇڭغار خانلىقىنىڭ تۆمۈر تاپىنىغا تاشلاپ
بېرىشكە تامامەن رازى ئىكەنلىكىنى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئاشۇنداق
يولنى تاللىۋالغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. يەركەن خانلىقىنىڭ
مۇنقەرز بولۇشىمۇ، ئاپئاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئىشقىيە سۇلۇ-
كىنىڭ يەركەن خانلىقى بىلەن ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ ئۈستىدىن
قازانغان غەلىبىسى بولغاچقا، ئىسھاقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرى-
نىڭ ئۈستىدىن قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. ئىسھاقىيە
سۇلۇكىنىڭ خوجىلىرى نائىلاج «يەركەندىن ئايرىلىپ، كەشمىرگە
كېتىشكە مەجبۇر بولدى.» ② قىسقىسى، ئاپئاق خوجا يەركەن
خانلىقى مۇنقەرز بولۇپ، ئىسھاقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرى ئۆز-
لىرىنىڭ تايانچىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان شارائىتتا، ناھايىتى
زور ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولىۋالغانىدى. بۇ تەبىئىيكى جۇڭغار
ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغاچقا، يەركەن خانلىقىنىڭ
خان جەمەتىدىن بولغان سۇلتانلار يۆلەپ تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن،
ئاپئاق خوجا پەقەت ئىلگىرىكى ئىمتىيازدىن يۇقىرى بولغان «تە-
رىقەت، مەرىپەت، ھەقىقەت» نى كەڭ تەشۋىق قىلىش بىلەن مەش-
غۇل بولدى.

جۇڭغار خانلىقى تەرىپىدىن يەركەن خانلىقىنىڭ تەختىگە
يۆلەپ چىقىرىلغان ئابدۇرەشىت، ئەمەلىيەتتە جۇڭغار ھۆكۈمران-
لىرىنىڭ مۇشۇ رايونلارنى ئىدارە قىلىشتا تاللىۋالغان شەكلى
ئىدى. مىرخالىدىن ياركەندى تەرىپىدىن يېزىلغان «ھىدايەتنامە»
گە ئاساسلانغاندا، ئابدۇرەشىت ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، ئۇ-
زاق ئۆتمەيلا ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىغا ئۆچمەنلىك بىلەن

قارىغانىدى ھەمدە ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرى بىلەن زادىلا چىقىشالمايدىغان چوڭ دىنىي زات موللا ئابدۇللانى قازىلىققا تەيىنلىگەنىدى. موللا ئابدۇللا جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا ئېلان قىلغان يانچىلارنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدىكى «ئىككىنچى نومۇرلۇق پەرمان» ۋە ئابدۇرەشىتنىڭ ئۆزىگە بەرگەن ھوقۇقىغا ئاساسەن، ئاپئاق خوجىنىڭ يەركەندىكى تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر قېتىملىق قازىخانا دەۋاسىدا ئاپئاق خوجىنى «دەرۋىشلىك تونىغا ئورۇنۇۋالغان ئالىيجاناب ئاقنانچى لۈكچەك» دەپ ئەيىبلىگەنىدى. »③

ئابدۇرەشىت تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قولىدىكى ھەربىي كۈچكە تايىنىپ، ئاپئاق خوجىنىڭ پائالىيىتىنى خېلى زور چەكلىمىلىككە ئۇچراتقانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاپئاق خوجا بىر مەھەل يەركەندىن ئايرىلىپ تاغقا كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. بىراق، ئاپئاق خوجا ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەچكە ۋە يەركەن ھاكىمى ئىۋەز بەگنىڭ ئاپئاق خوجا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي، ئابدۇرەشىتمۇ تەختتىن ئايرىلىپ، تاغقا كەتكەنىدى. ④

ئابدۇرەشىتنىڭ يەركەن تەختىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى ئايرىم تارىخىي ماتېرىياللاردا مۇنداقچىلا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى دەلىللەرنى خەنزۇچە مەنبەلەردىن ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. «چىڭ ئوردىسىنىڭ شېڭزۇ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» گە ئاساسلانغاندا، كاڭشىنىڭ 35 ـ يىلى (1696) 8 ـ ئايدىكى ماددىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «نائىب ۋۇزۇرالار مەكتۇپ بىلەن خەۋەر قىلىدۇ. كەپتاۋۇل ماندۇنىڭ مەخپىي مەلۇم قىلىشىچە، مۇسۇلمانلار ئېلىنىڭ تەسلىم بولغان خانى ئابدۇرەشىت ئىلگىرى غالدان تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، 14 يىل نەزەربەند قىلىنغان ئىدىم؛ ئەمدىلىكتە غالدان مەغلۇپ بولغانلىقتىن قېچىپ چىقىپ، ئەلگە بولۇشقا كەلدىم دەيدۇ. »⑤

«شىمالىي دەشتنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى»دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «كەپتاۋۇل ماندۇنىڭ مەخپىي مەلۇم قىلىشىچە، مۇسۇلمانلار ئېلىنىڭ خانى ئابدۇرەشىت بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئەركا سۇلتان ئويراتلاردىن بولغان غالداننىڭ يېنىدىن تەسلىم بولۇشقا كەپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە كاڭشىنىڭ 21 - يىلى (1682 - يىلى) غالدان ئادەم ئەۋەتىپ، قەستەن يالغانچىلىق قىلىپ، مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار دەپ، بىزنى تۇتۇپ، ئىلى دېگەن جايغا ئېلىپ باردى، غالدان بىز ئاتا - بالا ئىككىيلەن بىلەن غۇلاملىرىمىزنى تۇتۇپ تۇردى. نەگە بارسا شۇ يەرگە ئېلىپ باردى. مانا ئەمدى خان ئاتىيلىرىنىڭ قوشۇنلىرى غالداننى مەغلۇپ قىلغان كۇندىن كېيىنلا، بىز قېچىپ چىقىپ، مۇقەددەس خاندانلىققا كېلىپ ئەل بولۇشقا مۇشەررەپ بولالىدۇق.» ⑥

دېمەك، جۇڭغار خانلىقى تەرىپىدىن يەركەن خانلىقىنىڭ تەختىگە چىقىرىلغان ئابدۇرەشىت1682 - يىلى، ئىلىغا نەزەربەند قىلىنىپ ئاپىرىلغانىدى. بۇ يەركەن خانلىقى مۇنقەرز بولغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يەركەن خانلىرىنىڭ دۇچ كەلگەن ئىككىنچى قېتىملىق تارىخىي قىسمىتى بولۇپ، توغرىدىن - توغرا ئابدۇرەشىت ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنىڭ بېسىمى تۇپەيلى، يەركەندىن ئايرىلغاندا، غالدان تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان دەپ ئاتاشقىمۇ بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئابدۇرەشىتنىڭ چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىگە ئېيتقان «غالدان قەستەن يالغانچىلىق قىلىپ، مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار دەپ بىزنى تۇتۇپ ئىلى دېگەن جايغا ئېلىپ باردى» دېگەن سۆزىنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، ئابدۇرەشىتنى يەركەن تەختىدىن ئۇزۇل - كېسىل خالاس قىلغان بىردىنبىر كۈچ پەقەت جۇڭغار خانلىقىلا ئىدى. يەنى ئابدۇرەشىت جۇڭغار خانلىقى بەلگىلەپ بەرگەن ھوقۇق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولۇشى، شۇنىڭدەك جۇڭغار خانلىقىنىڭ يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىشىدا ئىچكى جەھەتتە زور داۋالغۇش پەيدا

قىلىپ ماسلاشقان ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى چەكلىشى مۇ سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا ئابدۇرەشىتنىڭ تۇتقۇندىن ئاۋۋال تاغقا كەتكىنىنى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىدىن بولغان دەپ قارىغاندىمۇ، ئابدۇرەشىت يەركەنگە قايتا كۆچ توپلاپ كىرگەندە، ئاندىن تۇتقۇن قىلىنغان دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. قىسقىسى، ئابدۇرەشىت جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خەۋپ يەتكۈزگەچكە، 1682 - يىلى غالدان تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، 1696 - يىلى قېچىپ چىقىپ، چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندى.

جۇڭغار خانلىقى ئابدۇرەشىتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەتئىمىننى تەختكە چىقىرىپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى شەكلى قىلغاندى. موللا مىرسالىھ قەشقىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە 1680 - يىلى غالدان تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا يۈرۈش قىلغاندا، مۇھەممەتئىمىن جۇڭغار قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە يەركەنگە بارغانىدى. ⑦ يەركەن تەختى ئابدۇرەشىتكە نېسىپ بولغاندىن كېيىن، تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ، تۇرپان سۇيۇرغاللىقىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغانىدى. مۇھەممەتئىمىن تۇرپان سۇيۇرغاللىقىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە ئىچكى جەھەتتە تۇرپان رايونىنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرسا، تاشقى جەھەتتە چىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، چىڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئەھمىيەت بەرگەندى. «چىڭ ئوردىسىنىڭ شېڭزۇ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» گە ئاساسلانغاندا، كاڭشىنىڭ 20 - يىلى (1681) 10 - ئايدا يوللانغان مەكتۇپتا مۇنداق دېيىلگەن: «تۇرپاندىكى ئەبۇل مۇزاپەر سۇلتان مۇھەممەتئىمىن باھادىرخان ئىسلام خوجىنى ئوردىغا سوۋغا - سالاملارنى تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتتى. ھەمدە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئىلگىرى ئەلچى ئەۋەتىپ، سوۋغا - سالاملارنى تەقدىم قىلىش، ئوردىنىڭ يارلىقى بويىچە بولاتتى. بەش يىلدا بىر قېتىم

سوۋغا ـ سالام تاپشۇرۇلاتتى. كەمىنىلىرىنىڭ زېمىنىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەچكە، شۇڭا ئۆز قەرەلىدە سوۋغا ـ سالاملار تەقدىم قىلالمىدۇق. بەختكە يارىشا ھازىر ئەمىنلىك ئورنىتىلىپ، ئىسلام خوجىنى سوۋغا ـ سالاملارنى تەقدىم قىلىشقا ئەۋەتتىم، يىراق مۇقەددەس خاندانلىقلىرى شەرقتە، پېقىرنىڭ زېمىنى يىراق غەربتە بولغاچقا، بۇنىڭدىن كېيىن سوۋغا ـ سالاملارنى ۋاقتىدا تەقدىم قىلالمىساق، سوۋغا ـ سالام تەقدىم قىلىشنى ئالدىراپ ئەمەلدىن قالدۇرماسلىقنى ئۈمىد قىلىمىز.» ⑧ بۇنىڭدىكى ئەبۇل مەزەپپەر مۇھەممەتئىمىن باھادىرخان، دەل مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇنىڭ جۇڭغار خانلىقى تەرىپىدىن تۇرپان سۇيۇرغاللىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلەنگەندە، «مالىمانچىلىق»قا دۇچ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

موللا مىرسالىھ قەشقەرى يازغان «چىڭگىزنامە» ۋە باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئابدۇرەشىت غالدان تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن، مۇھەممەتئىمىن دەرھال تۇرپاندىن يەركەنگە كېلىپ ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغانىدى. ئەمما، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى يازغان «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا بولسا ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنىڭ كاتتىۋېشى ئاپئاق خوجىنىڭ تەختنى مۇھەممەتئىمىنگە ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ماھىيەتتە ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنىڭ ئەزەلدىن يەركەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش نىيىتىدە يۈرگەنلىكى بىلەن ئاپئاق خوجىنىڭ مۇھەممەتئىمىن يەركەنگە يېتىپ كەلگىچىلىك تەختنى ئىگىلەپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنىڭ ئەينى مەزگىلدىكى تەسىرىگە خېلى ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇھەممەتئىمىننىڭ جۇڭغار خانلىقى تەرىپىدىن يەركەن خانلىقىغا خان قىلىپ تەيىنلەنگەن بولىسمۇ، پەردە ئارقىسىدا ئۆلارنىڭ كاتتىۋېشى ئاپئاق خوجىنىڭ ھەرۋاقىت پايلاپ تۇرغانلىـ

قى مەلۇم بولىدۇ.

مۇھەممەتئىمىنگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاكىسى ئابدۇرەشىتنىڭ تۇتقۇنلۇق كەچۈرمىشى، زور بىر ساۋاق بولغاچقا، بۇ نۆۋەت ئۇ ئابدۇرەشىتنىڭ يولىدا ماڭماي، ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرى بىلەن ياراشتى. بۇ خىلدىكى يارىشىش ئاپئاق خوجىغىمۇ پايدىلىق بولغاچقا، ئۇ شۇ ئارقىلىق ھاكىمىيەت بىلەن دىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، ئىمكان بار ئۆزىنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى مۇھەممەتئىمىن ئارقىلىق يۈرگۈزمەكچى بولدى. ئۇنىڭ مۇھەممەتئىمىننىڭ سىڭلىسى خانىم پادىشاھنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىشى، مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتىكى سىياسىي مەقسەتنى كۆزلەپ ئېلىپ بېرىلغان نىكاھ ئىدى. بۇ نەقشبەندىچىلەرنىڭ بۇ مەزگىلگە كەلگەندە، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، ئىلگىرىكى دوغلات جەمەتىگە ئوخشاش شەرقىي چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولغان خانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە تۇغقاندارچىلىقى بار دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇھەممەتئىمىن بىلەن ئاپئاق خوجىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىش غالدان 1688 - يىلى پۈتۈن كۈچى بىلەن شەرقىي موڭغۇللارغا ئۇرۇش قوزغىغان ۋە بۇ ئۇرۇش غالدان بىلەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا كېڭەيگەن ۋاقىتتا جىددىيلىشىشكە باشلىغانىدى. گەرچە بۇ مەزگىلدە مۇھەممەتئىمىن غالداننىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا چولىسى تەگمىگەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى بىر قاتار ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غالداننىڭ جيەن ئوغلى سىۋان راپتانمۇ دەسلەپ بورتالا، كېيىن ئىلى قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ، غالدان بىلەن ئاشكارا قارشىلاشقانىدى. بۇ ئابدۇرەشىتتىن كېيىن يەركەن خانلىقىنىڭ خانلىقىغا تەيىنلەنگەن مۇھەممەتئىمىنگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەقىقەتەنمۇ

زور پايدىلىق شارائىت ئېلىپ كەلگەنىدى. نەتىجىدە، يەركەن خانلىقىنىڭ 1680 - يىلىدىن ئاۋۋالقى مۇستەقىللىق ھالىتىگە قايتىشى كۆز ئالدىدىكى ۋەزىيەتلا بولۇپ قالغانىدى. بىراق، ئاپئاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرى بۇلسا بۇنداق بولۇشنى خالىمىدى. ئەكسىچە بۇ ھەرىكەتكە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىپ، قارشى كۈچلەرنى تەشكىللەپ، قەدەمـ-دە بىر توسقۇنلۇق پەيدا قىلىپ تۇردى. ئەڭ ئاخىرىدا 1692 - يىلى مۇھەممەتئىمىن خاننى قەتلى قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاپئاق جوجىنىڭ ئوغلى يەھيا خوجىنى قەشقەردە خان قىلىپ تىكلىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى سىۋان راپتان غالداننىڭ ئورنىغا جۇڭغار خانلىقىغا خان بولغانغا قەدەر، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونـ-لارنىڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىپ تۇردى. دېمەك، غالدان 1680 - يىلى يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغاندىن تارتىپ، 1688 - يىلى شەرقىي مۇڭغۇللارغا قارشى ئۇرۇش قوزغىغانغا قەدەر بولغان 8 يىل مابەينىدە، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا قارىتا بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزمەي، شەرقىي چاغاتاي ئەۋلادلىرىدىن بولغان خانلار ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىـ-لىشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش شەكلىنى قوللانغانىدى.

1697 - يىلى غالدان موڭغۇلىيىدە كېسەل بىلەن ئۆلگەندە، سىۋان راپتان جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. سىۋان راپتان گەرچە غالدان ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەتلەقىلىكىگە قارشى تۇرغان بولسىمۇ، تۇرپان، قۇمۇل ۋە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىـ-كى رايونلارنى كونترول قىلىشنى ھەرۋاقىت ئېسىدىن چىقىرىپ قويمىدى. ئەكسىچە جۇڭغار خانلىقىنىڭ زور ھوقۇقىنى قولىغا ئالغان كۈندىن باشلاپلا، ئاۋۋال تۇرپاننى ئىگىلىدى، ئاندىن قۇ-مۇلنى ئىگىلىمەكچى بولغاندا، قۇمۇلنىڭ تارخانبېگى ئەبەيدۇللا چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاچقا، بىرمەھەل قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بۇ ۋاقىت تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىـ-

نىڭ قايتا يەنە زور قالايمىقانچىلىق گىردابىغا چۈشۈپ قالغان
مەزگىلى ئىدى. 1695 ـ يىلى ئاپئاق خوجا ئىسھاقىيە سۇلۇكى
تەرەپدارلىرى بىلەن يەركەن خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى
كۆچلەرنىڭ بىرلەشمە قوزغىلىڭىدا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاب-
دۇرەشىتنىڭ يەنە بىر ئىنىسى مۇھەممەدمۆمىن ئاقباشخان، ئۆ-
زىنىڭ يەركەن خانلىقىنىڭ تەختىگە چىققانلىقىنى جاكارلىدى.
لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي ئاقباشخان قەشقەردىكى ئىشقىيە سۇلۇكى
تەرەپدارلىرىغا ھۇجۇم قىلغاندا، قىرغىزلار بىلەن ئىشقىيە سۇلۇ-
كى تەرەپدارلىرىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلى-
نىپ، يېڭىساردا قىرغىز قوشۇنلىرىنىڭ ئاتامانى ئارزۇ مۇھەم-
مەد تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن يەركەندىكى خانلىقنى
ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى كۆچلەر ئۆزلىرىنىڭ قەشقەر ۋە قىرغىز
قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرالماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ، شىمالدا
يېڭىدىن تەختكە چىققان سىۋان راپتاننىڭ كۈچى ئارقىلىق قىر-
غىزلار بىلەن ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىغا قارشى تۇرماقچى
بولدى.

موللا مىرسالىھ قەشقىرىنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانغاندا،
يەركەندىكى خانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى كۆچلەرنىڭ ۋەكىلى
مىرزا ئەلىمشاھبەگ باشلىق بەگلەر سىۋان راپتانغا ياردەم سو-
راپ كىشى ئەۋەتكەنىدى. سىۋان راپتان جۇقۇلا قاشغەنىڭ قوماند-
دانلىقىدا قوشۇن ئەۋەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاقسۇ،
كۇچا قاتارلىق جايلاردىمۇ ياردەمگە قوشۇن كەلگەنىدى. ⑨
«چىڭ ئوردىسىنىڭ شىڭزۇ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» دە
كۆرسىتىلىشىچە، سىۋان راپتان تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا كاڭ-
شىنىڭ 30 ـ يىلى (1700) قوشۇن ئەۋەتكەن بولۇپ، قۇمۇل-
نىڭ تارخانبېگى ئەبەيدۇللانىڭ چىڭ ئوردىسىغا يوللىغان مەكتۇ-
پىدا «تەكشۈرۈپ ئۇققۇشىمىزچە، سىۋان راپتان، قازاق، قىر-
غىزلارنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە، قەشقەرگە جازا يۈرۈش

قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ» ⑩ دېيىلگەن. بۇنىڭدىن سىۋان راپتان-
نىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىلگىرىكىدەك
داۋالغۇپ تۇرغان، بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە ئۆچمەنلىك قى-
لىپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنى ئىتتىپاقچىسى قاتارىدا كۆرگەن
ۋەزىيەتتە، 1700 - يىلى قايتا بويسۇندۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ.

مۇھەممەد سادىق قەشقىرى يازغان «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا
كۆرسىتىلىشىچە، مۇھەممەد مۆمىن ئاقباشخاننىڭ دەۋرىدە يەر-
كەنگە تەكلىپ قىلىنغان ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ پېشۋاسى دانىيال
خوجا بۇ نۆۋەت يەركەندىكى كەڭ ئەمەلدار ۋە پۇقرالارغا باشچىلىق
قىلىپ، «جېدەلدىن يۈز ئۆرۈپ، ئىنقىياد بىرلە ئىستىقبالغا
چىقتىلار.» ⑪ ھەمدە جۇڭغار قوشۇنلىرىنىڭ قەشقەر قاتارلىق
جايلارنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ھەمدەمدە بولدى. لېكىن، دىققەت
قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، سىۋان راپتان تەڭرى تېغىنىڭ
جەنۇبىنى قايتا بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، غالداننىڭ دەۋرىدىكى
باشقۇرۇش شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، شەرقىي چاغاتاي ئەۋلادلىرى-
دىن بولغان خانلاردىن پايدىلىنىشنى ياخشى چارە دەپ ھېسابلىم-
دى. بەلكى 1680 - يىلىدىن بۇيان يەركەن خانلىقىنىڭ خان
جەمەتىدىن بولغان خانلارغا خالىغانچە قارشى چىقىپ، بەزىدە
ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ، ۋەزىيەتنى كونترول قىلىپ كېلىۋاتقان
نەقشبەندىچىلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلار ئارقىلىق ۋەزىيەتنى
كونترول قىلىشنى تاللىۋالدى. نەتىجىدە ئىسھاقىيە سۇلۇكى تە-
رەپدارلىرى بىلەن ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرى ئايرىم - ئاي-
رىم ھالدا قەشقەر بىلەن يەركەندە ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ سۇ-
لۇكلىرىنى تارقىتىپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جە-
نۇبىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا يېقىندىن ماسلاشتى. جۇڭغار خانلىقى
بولسا ئۇلارنى چەكلەپ ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرۇپ، پايدىلىنىش-
نى مەقسەت قىلدى.

سىۋان راپتاننىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باشقۇرۇش شەكلى، نەقشبەندىچىلەردىن پايدىلىنىش بولسىمۇ، بۇنىڭ ئىچىدە دەسلەپ ئىسھاقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنى يۆلەپ، ئۇلارنىڭ ئاپئاق خوجا دەۋرىدىكى سۇندۇرۇلغان ھەيۋىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىمكان بەردى. يەنە بىر جەھەتتىن قەشقەردە جۇڭغار خانلىقىغا قارشى بىرقانچە كۈنلۈك جەڭ ئۇيۇشتۇرغان ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن كەڭ - كۆلەمدە ھېساب ئالمىدى. بەلكى ئۇلار ئارقىلىق ئىسھاقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنى چەكلەپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئىككى خىل گۇرۇھنىڭ كۈچلىرىنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلدى. تېخىمۇ مۇھىمى دانىيال خوجىنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن مۇسۇلمان خوجىلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىدى. ئۇلارنى ئۆز ئورۇنلىرىدا قالدۇرۇشنى خەۋپ دەپ قاراپ، دەسلەپ ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ پېشۋاسى ئەخمەت خوجىنى تۇتۇپ، ئىلىغا ئاپىرىپ نەزەربەند قىلدى. كېيىن يەنە ئۆزىگە ھەمكارلىشىپ، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى بەيئەت قىلدۇرغان دانىيال خوجىنىمۇ ئىلىغا ئاپىرىپ نەزەربەند قىلدى.

مانا بۇ سىۋان راپتاننىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باشقۇرۇش شەكلىدىكى گۆرۈگە تۇتۇپ تۇرۇش تۈزۈمى ئىدى. XVIII ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىغا كەلگەندە سىۋان راپتان ئەينى مەزگىلدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ تۈزۈمنى ئىشقىيە سۇلۇكىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىسھاقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئارقىلىق تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىنى ئىدارە قىلىشقا باشلىدى. بۇ ھالەت خېلى بىر مەزگىلگىچىلىك داۋام ئەتكەن بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بويسۇندۇرۇش تارىخىدىكى چوڭ - كىچىك خوجىلار، ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ ئىلىدا داۋاملىق گۆرۈدە تۇرۇۋاتقان كاتتىۋاشلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئىدى.

يۇقىرىقىلار جۇڭغار خانلىقىنىڭ غالدان ۋە سىۋان راپتان دەۋرىدىكى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باشقۇرۇش شەكلى بولۇپ، بىر - بىرىدىن روشەن پەرق قىلاتتى. ئەمما، ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى بۇلاڭ - تالاڭ ئاساسىغا قۇرۇلغان بولغاچقا، بىر - بىرىنىڭ تولۇقلىمىسى ۋە راۋاجى ئىدى. يەنە كېلىپ بۇنىڭدا ئېغىر دەرىجىدىكى سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە تامغىسى بېسىلغان بولغاچقا، ئالدىنقىسىغا قارىغاندا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگىچە سىڭىپ كىرگەنىدى.

جۇڭغار خانلىقىنىڭ غالدان دەۋرىدىكى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى پەقەت سىيلىق تاپشۇرۇشقىلا كاپالەتلىك قىلىش بولۇپ، ئومۇملاشتۇرغاندا، مۇنداق ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى: بىرى ئاپئاق خوجا دەۋرىدىكى سېلىقنىڭ يىلمۇيىل تاپشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ يەنە بىرى باج خىراجىتىنى تەمىن ئېتىۋاتقان ئەمگەكچىلەرنىڭ سانىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىدى. ئاپئاق خوجا دەۋرىدىكى جۇڭغار خانلىقىغا تاپشۇرۇلۇپ بېرىلگەن سېلىق، غالدان يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغاندا، ئاپئاق خوجىنىڭ يىغىپ بەرگەن مىننەتدارلىق سوۋغىسى ئىدى. غالدان بۇ ماددىي نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ ھەربىي ئېھتىياجى ۋە كەيپ - ساپاسىغا ئىشلىتەتتى. «ئۇ ھەر يىلى بىر قىسىم تارتۇقنى ئاجرىتىپ، دالاي لامانىڭ ئوردىسىغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى.» ⑫

غالدان تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىنى داۋاملىق كونترول قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ، يانچىلارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئۇلارنى قالايمىقان ئېلىپ سېتىشنى مەنئى قىلىدىغان تۆۋەندىكى پەرماننى ئېلان قىلدى:

«ئويراتلار بىلەن خودۇنلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەۋانى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە بىز بىلەن مۇناسىۋەتتى قويۇق بولغان خودۇنلارغا، ئۆز مىللىتىمىز كىشىلە-

رىگە ئوخشاش ئادىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ھەرگىز ئاز - تولا پەقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىشقىمۇ، بېسىشقىمۇ بولمايدۇ. خودۇنلار توغرىسىدىكى بۇرۇنقى قانۇن تۈزۈملەرگە ئاساسەن، رەسمىيەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىجرا قىلىپ، ئادىل سوت قىلىش- نى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئېلىمىزدىكى خەلقلەر ئارىسىدا باشقا ئەللەرنىڭ قۇللىرىنى ئېلىپ سېتىشقا بولمايدۇ. ئەگەر بۇ خىلدى- كى سودىنى قىلغۇچىلار بايقالسا، ئالغۇچى ياكى ساتقۇچىنى قولغا ئېلىش كېرەك، ھەمدە بۇ سودىدىكى پۇلنى مۇسادىرە قىلىشقا ھوقۇقلۇق، مەخپىي ھالدا جىسمانىي قۇل سودىسىنى قىلغۇچىلار سېزىلسە، قۇلنىڭ باھاسىنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى جەرىمانە قى- لىپ ئېلىش كېرەك، ھەمدە ئۇ قۇلنى ئازاد قىلىۋېتىش كېرەك، ئىلگىرى قۇلغا ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ قۇللارغا بولغان ئىگى- دارلىق قىلىش ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ئەمما، قۇللارغا ھەرگىز ئادالەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ؛ ئۇ- رۇش ئۇلجىلىرى قاتارىدىكى قۇللارنىڭ خوجايىنلىرى، قۇل بى- لەن كېلىشەلمىگەن ئەھۋالدا ساتسا بولمايدۇ، بەلكى ھېچقانداق نەرسە بەرمەي ئۆيىدىن چىقىرىۋېتىشى كېرەك. پۈتكۈل بۇخارا رايونىدىكى خودۇن مىللىتىمۇ ئۆزلىرىنىڭ سوت مەھكىمىسىنى تەسىس قىلسا بولىدۇ. لېكىن، ئاساسلىق دەۋا ئەنزىلىرى ئۇس- تىدىن بىز ھۆكۈم چىقىرىشىمىز كېرەك.» ⑬

بۇ پەرمان ئەمەلىيەتتە غالداننىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا ئېلان قىلغان «ئىككىنچى نومۇرلۇق پەرمانى» ئىدى. ئۇنىڭدا كەڭ ئۇي- غۇر ئەمگەكچىلىرىنى جۇڭغار خانلىقىنىڭ جەمئىيەت تەشكىلىدى- كى قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئۆزئارا يېقىن كىشىلەردىن تەركىب تاپقان ئائىلە گۇرۇھى بولغان «خودۇنلار» نامى بىلەن ئاتىغان- دى. ئاكادېمىك ب. ي. ۋلادىمىرسوۋ مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇرۇق تۈزۈمى جەمئىيىتىنىڭ مەلۇم بىر خىل سورۇندا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئويراتلار

خودۇن ( Xoton ) شەكلىدە يەنى بارلىق يىپقىن تۇغقانلاردىن تەر-
كىپ تاپقان ئايىل ( ئاۋۋال ) ياكى كۆچمەن كەنت شەكلىدە چارۋى-
چىلىق قىلىدۇ. ئويراتلاردىكى بۇ خىل خودۇن ئاقساقالىنىڭ
باشچىلىقىدىكى بىرلىكتە كۆچۈپ، بىرلىكتە چارۋىچىلىق قىلىدى-
غان ئۇرۇقنىڭ بىر قىسمى ياكى يىقىن تۇغقانلار گۇرۇھىدىن
ئىبارەتتۇر. » [14] بۇنىڭدىن غالدانىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلار-
نىڭ جەمئىيىتىدە ئۇزلىرىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشقا بارغانسېرى
ئامالسىز قېلىۋاتقان يانچىلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشنى چەكلەپ،
ئۇلارنى كەنت ۋە ئاۋۋال شەكلىدە تۇتۇپ تۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق
يىلمۇيىل ئاشۇرۇلۇپ ئېلىنىۋاتقان تارتۇقنىڭ مەنبەسىنى قانۇنىي
كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بو-
لىدۇ.

سىۋان راپتاننىڭ دەۋرىدىكى جۇڭغار خانلىقىنىڭ، تەڭرى
تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇ-
لى، ھۆكۈمرانلىق شەكلىگە ئوخشاش مەلۇم پەرققە ئىگىدەك
قىلسىمۇ، يەنىلا ئالدىنقىسىنىڭ قېلىپلىشىش جەريانى ئىدى. بۇ
ھەقتە «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا مۇنداق خاتىرە ئۇچرايدۇ: «خۇد-
تەيجى... تۆت شەھەرنىڭ خاجەلىقىنى ھەم پادىشاھلىقىنى بەردىم.
بارىب ئۇز شەھەرىڭىزدە ئىقامەت قىلغايسىز دەپ رۇخسەت بەر-
دى. خاجەم نەچچە يىل سەدىرنىشىن يەركەنگە پادىشاھ بولۇپ،
قەشقەر، ئاقسۇ خەلقى خوتەنگە ھۆكۈملىرى جارى بولۇپ، خەلق-
نى ھىدايەتكە ئۇندىدى... بەزى ۋاقىتلاردا ئىلا مەۋزەئىغە بارىب،
تۆرەگە مۇلاقەت بولۇپ، پات پۇرسەتكە كېلۇر ئەردىلەر. نەچچە
مەھەل بۇ تەرىقىدە ئۇمۇر كەچۇردىلەر. » [15] دېمەك، كۆرۈنۈپ
تۇرۇپتۇكى، سىۋان راپتان تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر-
لارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىق شەكلىدە، دەسلەپتە ئىسھاقىيە سۇلۇ-
كىنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىمۇ ئوخشاشلا چەكلەپ تۇرغان بولسىمۇ،
كېيىنچە ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، دانىيال خوجىنى يەركەنگە قايتۇ-

رۇپ، تارتۇقنى شەرت قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلـ-
غانىدى. بۇ قارىماققا غالدانىنىڭ دەۋرىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلـ-
لىرىدىن پەرقلەنمىسىمۇ، ئەمما ئۇ باشتىن - ئاياغ تارتۇقنى
بۇلاڭ - تالاڭ ئاساسىدا كاپالەتلەندۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ بايلىق
توپلاشقا تىرىشتى.

سىۋان راپتاننىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارغا
قاراتقان ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى
شۇكى، ئۇ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلارغا قارا-
خان (Qaraqan) نامىدىكى نازارەتچى ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ،
مەخسۇس تارتۇق ئىشلىرىنىڭ ئورۇندىلىشىغا نازەتچىلىك قىلـ-
دى. «چىڭ ئوردىسىنىڭ گاۋزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلە-
رى» گە ئاساسلانغاندا، «ئىلگىرى ئويراتلارنىڭ دەۋرىدە ئۇيغۇر-
لارنىڭ ھەرقايسى شەھەرلەرگە بىردىن قاراخان، بىردىن خوجا
ئەۋەتىپ، نوپۇس سانى بويىچە قېرى، ئاجىزلىرىدىن باشقىلىرىنى
سېلىق رويخېتىگە پۈتەتتى» ⑯ دەپ كۆرسىتىلگەن. «تەزكىرەئى
ئەزىزان» دا بولسا «ئەينى مەزگىلدە ھەربىر شەھەر بازاردا 15
نەپەر قالماق ئەمەلدارى تۇراتتى. ئۇلار ئۆزلىرى تۇرغان شەھەر-
بازارلارنى نازارەت قىلاتتى. بۇ قالماق ئەمەلدارلىرى قاراخان دەپ
ئاتىلاتتى» ⑰ دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان قارا-
خانلار ھەرقايسى شەھەرلەردىكى جۇڭغار پەرەس خوجىلارنىڭ يار-
دەملىشىشى بىلەن ئاھالىلەرنىڭ تۈتۈن سانى بويىچە تارتۇقنىڭ
ئومۇمىي سانىنى ھېسابلاپ، كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنى
قاقتى - سوقتى قىلاتتى. ئۇلار جۇڭغار خانلىقىنىڭ تولۇق ھو-
قۇقلۇق ۋەكىللىرى بولۇپ، يىللىق تارتۇق ۋەزىپىسىنى ئورۇندى-
غاندىن سىرت، ھەرۋاقىت جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق
شەكلى قىلىپ تاللىۋالغان فۇنكسىيىلىرىنى نازارەت قىلىپ تۇ-
راتتى. شۇ ئارقىلىق جۇڭغار خانلىقىنىڭ بۇ رايونلارنى ئىقتىسا-
دىي جەھەتتە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى ۋە مەمۇر-

يىتىنى كونترول قىلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرەتتى.
سۇۋان راپتاننىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىدىكى تارتۇق ھەرقايسى شەھەرلەردىكى قاراخان ۋە خوجىلارنىڭ سۇيلىشى ھەم ۋاستىسى ئارقىلىق، پەقەت بىرلا خىل ئۇسۇلدا ئورۇندالمايتتى. بەلكى باج - سېلىق ئۇسۇلى ئارقىلىق يۇرگۈزۈلەتتى. يەنى باجنىڭ تۈرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئادەم بولسا ئادەم بېجى تاپشۇراتتى. يېرى بولسا يەر بېجى تاپشۇراتتى. باقال ئائىلىلەر مېۋە بېجى تاپشۇراتتى. باقمىچى سودىگەرلەر چارۋا بېجى تاپشۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالتۇن - كۈمۈش بېجى، جاندار بېجى، سودا بېجى، ئوت - چۆپ بېجى، سۇ بېجى قاتارلىق باجلارنى تاپشۇراتتى، ھەرقايسىسىنىڭ مۇقىم بېكىتىلگەن نورمىسى بولۇپ، تۆلەم دەرىجىسى يۇقىرى ئىدى.
سۇۋان راپتاننىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىنىڭ يەنە بىر روشەن ئالامىتى، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا پۇل قويدۇرۇپ تارقاتقانلىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ جۇڭغار خانلىقىنىڭ يۇقىرى پەللىدىكى ئىقتىسادىي بۇلاڭ - تالىڭىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭغا غالدان سېرىنمۇ ۋارىسلىق قىلغانىدى. شۇنىڭدەك يەنە كېيىنكى ۋاقىتتىكى چىڭ سۇلالىسىمۇ ئۆلگە قىلغاچقا، خېلى بالدۇرلا ئەھمىيەت بەرگەنىدى. شۇ سەۋەبلىك چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ توغرىدا، بىرقەدەر قىممەتلىك خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان بولۇپ، خۇسۇسەن، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە مۇنداق يېزىلغان: «ئۇيغۇرلار ئىلگىرى جۇڭغارلارنىڭ دەۋرىدە مىس پۇل ئىشلەتكەن، ئۇ قىزىل مىستىن ياسالغان بولۇپ، ھەجمى كىچىك، قېلىن، شەكلى يۇمىلاق، چۆرىسى سەل - پەل نېپىز، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى يوق، پۇتەي ئىدى، سۇۋان راپتاننىڭ دەۋرىدە، يۇزىگە ئۇنىڭ نام شەرىپى

چۈشۈرۈلۈپ قۇيدۇرۇلغانىدى. ئارقا يۈزىدە ئۇيغۇرچە خەت بار ئىدى. غالدان سېرىن تەختكە چىققاندا، ئۇنىڭ نامى بىلەن قۇيدۇرۇلدى.» ⑱ سىۋان راپتان بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى غالدان سېرىننىڭ دەۋرىدىكى پۇلنىڭ خەت شەكلى ۋە قىممىتى توغرىسىدا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت باشقا بىر تارىخىي ماتېرىيالدا تېخىمۇ ئېنىق خاتىرە قالدۇرۇلغان: «قەشقەر قاتارلىق جايلاردا مىس پۇل ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەجىمى كىچىك، قېلىن قىلىپ ياسىلىدۇ، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى يوق، پۈتەي كېلىدۇ. ھەربىر پۇلنىڭ قىممىتى ئىككى يارماق ياكى ئۈچ ـ تۆت يارماق بولۇپ، دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەس، بىر يۈزىدە، ئۇيغۇرلار قوللىنىدىغان پارس يېزىقى بىلەن يەركەن دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. يەنە بىر يۈزىگە توت يېزىقى بىلەن سىۋان راپتان ۋە غالدان سېرىننىڭ ئىسمى چۈشۈرۈلگەن.» ⑲ دېمەك، يۇقىرىقىلاردىن ناھايىتى ئېنىقكى سىۋان راپتان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تەختكە چىققان غالدان سېرىننىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا پۇل قۇيدۇرۇپ تارقىتىشى، جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يەنە بىر دەھشەتلىك ئۇسۇلى ئىدى. ئۇ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە تالان ـ تاراج قىلىشىنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىشى بىلەن جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىق شەكلى ۋە ئۇسۇلىنىڭ پەيدىنپەي، بۇ كۆچمەن خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ، ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا ئىپادە قىلىنغىنى، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھەرگىزمۇ بۇ بوستانلىقلاردىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنى قولدىن بېرىپ قويۇش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلەن ئۇنى مەڭگۈ چىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئىستىكى ئىدى. ئەلۋەتتە بۇ جۇڭغار ۋاڭ ـ گوگىلىرىنىڭ ئاسان قولغا كېلىۋاتقان تۈگىمەس بايلىقلارغا ئىگە بولۇپ، داۋاملىق دۆلەتمەن ياشاش يولىدا ھازىرلىغان قىمـ

مەت قارىشى ئىدى، 1745 ـ يىلى غالدان سېرىن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بۇنداق تەييارغا ھەييا بولۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەن قىممەت قارىشى، بىر كۆرۈنۈپ، بىر يىراقلاپ ئاخىرىدا بېرىپ، چىڭ سۇلالىسىگە ئەندىزىلا بولۇپ قالالىدى، خالاس.

**ئىزاھلار:**

①⑪⑮⑰ مۇھەممەد سادىق قەشقىرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1984 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 49 ـ، 69 ـ، 51 ـ، 77 ـ بەت.

② چوقان ۋەلىخا نوۋ «ئالتە شەھەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» «چوقان ۋەلىخا نوۋ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» Ⅲ توم، ئالمۇتا 1985 ـ يىلى نەشرى، ۋېي لياڭتاۋ يازغان «غەربىي يۇرت تارىخىدىكى خىيالىي كۆلەڭگە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دۆلىتى ياكى خوجىلار دەۋرى توغرىسىدا ئەمەلىي تەكشۈرۈش» ناملىق ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل. «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا بېسىلغان.

③ مىر خالىدىن ياركەندى «ھىدايەتنامە»، بىللىۋ يازغان «قەشقەر تارىخى» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، فوسۇس «1873 ـ يىلى يەركەنگە قىلىنغان ئەلچىلىكتىن دوكلات» 176 ـ بەت؛ ليۇ جېڭيەن «غالداننىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار» «مىللەتلەر تەتقىقاتى» نىڭ 1994 ـ يىللىق 5 ـ سانىغا بېسىلغان.

④⑦⑨ موللا مىرسالىھ قەشقىرى «چىڭگىزنامە» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 174 ـ، 178 ـ، 179 ـ بەتلەر.

⑤⑧ «چىڭ ئوردىسىنىڭ شىجۇ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 175 ـ جىلد، كاڭشىنىڭ 35 ـ يىلىدىكى ماددىسى بىلەن 98 ـ جىلد، كاڭشىنىڭ 20 ـ يىلىدىكى ماددىسى.

⑥ «شىمالىي دەشتنى تىنجىتىش تەدبىرلىرى» 28 ـ جىلد.

⑫ ئاخاما (ئىتالىيە) «XVII ئەسىرلەردىكى خەنزۇ تىبەت مۇناسىۋىتى» Ⅶ — X بابلار، تەرجىمىسى «موڭغۇللارنىڭ ئويرات قەبىلىسىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ تەرجىمە توپلىمى» نىڭ 11 ـ قىسمىغا بېسىلغان، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى بىلەن

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى بىرلىشىپ تۈزگەن.

⑬ تيەن شەنماۋ (ياپونىيە) «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇڭغۇللار-نىڭ جەمئىيەت تۈزۈمى» سودا نەشرىياتى 1987 - يىل خەنزۇچە نەشرى 251 - بەت.

⑭ ب. ي. ۋىلادىمىرسوۋ «موڭغۇللارنىڭ جەمئىيەت تۈزۈم تارىخى» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1980 - يىل خەنزۇچە نەشرى 266 - بەت.

⑯ «چىڭ ئوردىسىنىڭ گاۋزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 746 - جىلد، چيەنلۇڭنىڭ 30 - يىلىدىكى ماددىسى.

⑱ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 35 - جىلد، پۇل قانۇنى.

⑲ رۇەن مىڭداۋ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزگەن «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئىزاھلاش» 4 - جىلد يەنبيەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى 93 - بەت.

# بەشىنچى باب

## جۇڭغار خانلىقىنىڭ كورلا ۋە قاراشەھەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

### 1. جۇڭغار خانلىقى ۋە كورلا

يۇ ۋېيچىڭ يازغان «شىنجاڭنىڭ تۇزۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەرناملىرى ھەققىدە تەتقىقات» دا كورلا نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئىككى خىل رىۋايەت خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: «كورلا موڭغۇل تىلىدىكى سۆز. لاما دىنىنىڭ كېگەنلىرى نوم ئوقۇغان ۋاقتىدا دائىم بىر قولىدا پىرقىراتسا ئاۋاز چىقىدىغان ياغاچتىن ياسالغان ئەسۋابنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇراتتى، بۇ موڭغۇل تىلىدا كوردى (Kordi) دەپ ئاتىلىدۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىر لاما دەريا بويىدا كوردىنى پىرقىرىتىپ، نوم ئوقۇۋاتسا، ئېھتىياتسىزلىقتىن قولىدىكى كوردى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن. ئۇ ئۆزۈلدۈرمەي يۇقىرى ئاۋازدا «كوردى»، «كوردى» دەپ توۋلاپ كەتكەن. كېيىن كىشىلەر بۇ دەريا بىلەن بۇ باينىڭ نامىنى كوردى دەپ ئاتايدىغان بولغان. كورلا دېگەن نام مانا مۇشۇ كوردىدىن ئۆزگىرىپ كېلىپ چىققاندى.» ① بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، كورلا رايونىنىڭ يۇرت بولۇپ قۇرۇلۇش تارىخىدا، جۇڭغارلارنىڭ خېلىلا زور رول ئوينىغانلىقى كۆرسىتىلگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا پەقەت، كورلا رايونىنىڭ تارىخىغا كېيىن قوشۇلغان بىر تارىخىي قىستۇرمىدىنلا ئىبارەت ئىدى.

كورلا تارىخنامىلەردە ئەڭ دەسلەپ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. شىبانىنىڭ تەرجىمىھالى» دا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «شىبان ئۇيغۇردۇر، ئاتىسىنىڭ ئىسمى كۆل يىغىنچ، ئۇزىنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكى 8 چى كېلەتتى، ئەقىللىق، باتۇر، ئادەم ئىشلىتىشكە ماھىر ئىدى. تەيزۇنىڭ شىمالغا جازا يۈرۈش قىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قوشۇنلىرىغا باشچىلىق قىلىپ، ئۆزلۈكىدىن ئۇنىڭغا قوشۇلغانىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئېلىگە قىلىنغان جازا يۈرۈشتە كۆپ قېتىم ئەجرى تۆھپە كۆرسىتىپ، كاتتا ئىنئام بېرىلمەكچى بولغاندا، ئۆز ئېلى بولغان كورلا شەھىرىنىڭ دارۇغالىقىنى تەلەپ قىلغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا 200 تۇتۇن ئىجارىكەش سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەنىدى، ئۆزىمۇ شۇ جايدا ئالەمدىن ئۆتكەنىدى.» ② ئەمما، بۇ پەقەت كورلا نامىنىڭ خەنزۇچىدىكى بىرقەدەر يېقىن تەلەپپۇز شەكلى بىلەن كۆرۈلۈشىلا بولۇپ، ھەرگىز ئۇنىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوتتۇرىغا چىققانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى، بەلكى مۇئەييەن جەريان تارىخىنى باشتىن كەچۈرۈپ، يۈەن دەۋرىگە كەلگەندە كىشىلەر تەرىپىدىن مۇھىم بىر شەھەرنىڭ نامى سۈپىتىدە بىلىنگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىلگەنىدى. بۇ ئەھمىيەت بىرىشكە تېگىشلىك تەرەپ بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تاۋ باۋ لىيەن «خەننامە» بىلەن «ۋېينامە» دە خاتىرىلەنگەن «لېلۇ ياكى لىيۇلۇ شەھىرىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى شەھەرنىڭ ھەممىسى كورلىنىڭ ئاھاڭىغا يېقىن» ③ دەپ كۆرسەتكەنىدى. شۈبھىسىزكى بۇ بىر خىل زورۇقۇش بولسىمۇ، ۋاڭ خېپىڭ ئەپەندى ئۇنىڭ ئىلھامى بىلەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. شىبانىنىڭ تەرجىمىھالى» دا تىلغا ئېلىنغان كورلا ( 坤闾 ) سۆزى بىلەن «لېلۇ» نىڭ ئاھاڭى ئوخشاش ۋە يېقىن دەپ، «تاۋ باۋلىيەن كۆرسەتكەن «لېلۇ» بىلەن «لىيۇلۇ» ئوخشاش بىر خىل ئاھاڭنىڭ پەرقلىق تەرجىمىسى جۈملىسىدىن» ④ دەپ يازغانىدى. بۇنداق قاراش يەنە بىر جەھەت-

تىن خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا تەسىس قىلىنغان قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ ئورنىنى ھازىرقى كورلا شەھىرىنىڭ كونىشەھەر رايونىدا دېگەننى ئىلگىرى سۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كورلا تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ھازىرغىچە كورلا تەۋەسىدىن قەدىمكى خارابە ئىزلار بىلەن قەدىمىي شەھەر نۇقتىلىرى بىر قانچە ئورۇندىن تېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمكى خارابە ئىزىدىن باش ئەگىم سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدىكى قەدىمكى خارابە ئىزى بار بولۇپ، «خارابە ئورنىدىن كۆپ مىقداردا ساپال پارچىلىرى يىغىۋېلىنغانىدى. ئۇلار پۈتۈنلەي چاقتا ياسىلىپ، قۇم ئارىلاشتۇرۇپ، يۇقىرى ھارارەتتىكى ئوتتا پىشۇرۇلغان، ساپال پارچىلىرىنى ئۆزئارا بىر - بىرىگە تەگكۈزگەندە، تاڭ - تاڭ قىلىپ ئاۋاز چىقىرىدۇ. ساپاللارنىڭ قورساق قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 0.65 _ 2.45 مىللىمېتىر ئارىلىقىچە، قىزىل، كۈل رەڭ، قوڭۇر سېرىق ۋە ئاقتىن ئىبارەت بىرقانچە رەڭدىكىلىرى بار. ساپال پارچىلىرىنىڭ سىرتقى يۈزىگە بىنەپشە رەڭ بېرىلگەن، بەزىلىرىنىڭ رەڭلىرى تەكشى ئەمەس ياكى پەقەتلا ھېچنېمە سۈركىمىگەن، ئىنتايىن قوپال.

ئۇنىڭ يىل دەۋرى تاڭ، سۇڭ دەۋرلىرىگە ئائىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.» ⑤ قەدىمىي شەھەر ئورنىدىن بىرقەدەر بالدۇرقى دەۋرگە ئائىتلىرىدىن كورلىنىڭ جەنۇبىدىن 6 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بوتخۇنوڭچاڭ تەۋەسىدىكى شاقىردۆڭ قەدىمىي شەھىرى بار بولۇپ، خارابە ئورنىدىن «ئوتتا كۆيدۈرۈلگەن قىزىل ۋە قارا، كۈل رەڭ توپا، ئاتنىڭ چىشى، ھايۋاناتلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنىڭ پارچىلىرى ھەمدە ساپال ۋە تاش قورال قاتارلىقلار كۆرۈلدى. يىغىۋېلىنغان ساپاللار جەمئىي 26 پارچە بولۇپ، ئاساسەن قىزىل رەڭدە بەزىلىرى قوڭۇر رەڭدە. ساپاللار پۈتۈنلەي

قۇم ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان، بەزىلىرىگە ئازراق ئارىلاشتۇرۇل-
غان، يۇقىرى ھارارەتتىكى ئوتتا پىشۇرۇلغان. ساپاللارنىڭ قور-
ساق قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 0.45 ـ 0.95 سانتىمېتىرغىچە،
پۈتۈنلەي قولدا ياسالغان... تېپىلغان تاش قورال بىر دانە بولۇپ،
پۈتۈن گەۋدىسى سۈركەپ ياسالغان تاش پىچاقتىن ئىبارەت
ئىدى.» ⑥ بايىنغولىن تەۋەسىدە ئېلىپ بېرىلغان مەدەنىي يادى-
كارلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە بۇ قەدىمىي شەھەرنى
«تاڭ سۇلالىسىدىن قالغان يادىكارلىق» دەپ قارالغانىدى. ئەمما
ئايرىم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدا ئاللىبۇرۇن
«شەھەر ئىچىدىن تېپىلغان قۇم ئارىلاشتۇرۇلغان قىزىل ساپال
پارچىلىرى بىلەن كۆل رەڭ ساپال پارچىلىرى خەن ـ تاڭ سۇلا-
لىلىرىنىڭ ئۇسلۇبى» دەپ كۆرسىتىلگەنىدى ھەمدە تېخىمۇ ئىل-
گىرىلەپ، «شاقىردۆڭ قەدىمىي شەھىرى كىچىك بىر ئەل بول-
غان ۋېئىرىيە دۆلىتىنىڭ ئاستانىسى بولۇش ئېھتىمال» ⑦ دەپ
ھۆكۈم چىقارغانىدى، نۆۋەتتە بۇ توغرىدا ئىلىم ساھەسىدىكىلەر
ئاساسەن ئورتاق بىر چۈشەنچىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئىلگىرىكى-
لەردىن خۇاڭ ۋېنبى «ۋېئىرىيە قامانغولىنىڭ شىمالىدا» يەنى
«قۇرۇق تاغنىڭ شىمالىدا» ⑧ دەپ قارىغانىدى. دىڭ چيەن
«ۋېئىرىيە شەھىرى باغراش كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قايدۇ
دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا، قەدىمىي
شەھەرنىڭ ئىزىنى ھازىر چېلىقتۇرغىلى بولمايدۇ» ⑨ دەپ يازغا-
نىدى، گەرچە ئۇلارنىڭ بۇ ھۆكۈملىرىدە خېلى كۆپ تولۇقلاشقا
تېگىشلىك تەرەپلەر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇنداق چۈشەنچىگە كېلى-
شىدە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بەزى تارىخ جۇغراپىيە
ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى يەكۈنلەر سەۋەبچى بولغانىدى. مە-
سىلەن، «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» بىلەن
«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا
«قامانغول ۋېئىرىيە شەھىرىگە تەۋە بولۇشى كېرەك، زىنبىچۆەنزى-

نىڭ بۇرۇنقى نامى قامانغۇلى ئىدى» [10] دېيىلگەن. لى گۇاڭتىڭ يازغان «خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيە-سى ئۈستىدە تەھسىل» دە «ۋائىرىيە ئىلى چۇقۇ ئىلىنىڭ جەنۇ-بىدا، ھازىرقى قارا شەھەرگە قاراشلىق كورلا ھەربىي رابىتىنىڭ شەرقىدە، باغراش بىلەن لوپنۇرنىڭ ئارىلىقىدىكى جايدا» [11] دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بەزى تارىخ جۇغراپىيىشۇناسلارنىڭ چۈشەنچىلىرىدىكى سەۋەنلىكلەر ئىلگىرىكىلەرنىڭ يەكۈنلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، ئەكسىچە ھازىرقى لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ خەنزۇچە نامىنىڭ بېكى-تىلىشىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

ئەمەلىيەتتە، ۋائىرىيە بەگلىكى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر خەنزۇچە مەنبەلەردە بىرقەدەر بالدۇرلا كۆرۈلگەن بولۇپ، «خەن-نامە غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە «ۋائىرىيە بەگلىكىنىڭ مەركە-زى ۋائىرىيە شەھىرى»، «ئاگىنىنىڭ جەنۇبىدىن ۋائىرىيىگە 100 چاقىرىم كېلىدۇ» دېيىلگەن. «كېيىنكى خەننامە، بەن چاۋنىڭ تەرجىمىھالى» دا «مىلادىيە 94 - يىلى كۈزدە، بەن چاۋ كۇسەن، پىشامشان قاتارلىق سەككىز ئەلنىڭ لەشكىرىدىن جەمئىي 70 مىڭ ئادەمنى ۋە ئۆز قارىمىقىدىكى... 1400 ئادەمنى يۆتكەپ، ئاگىنىغا جازا يۈرۈش قىلدى. قوشۇن ۋائىرىيە چېگرىسىغا كەل-گەندە، يەنە ئاگنى، ۋائىرىيە، چۇقۇ بەگلىكلىرىگە ئەلچى ئەۋە-تىپ ئۇقتۇردى... ئاگىندا قۇمۇش كۆۋرۈك دېيىلىدىغان مۇھىم بىر ئۆتكەل بار ئىدى... لېكىن بەن چاۋ باشقا بىر يول بىلەن ئاگىنىغا باردى» دەپ يېزىلغان. «ۋېينامە، غەربىي يۇرت تەزكى-رىسى» دە «ئاگنى ئىلى ...... ئۆزىنىڭ يەر شارائىتىنىڭ ئەپلىك-لىكىدىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا تەزلەڭلىكنىڭ ئەلچىلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى، پادىشاھ شىزۇڭ بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلىنىپ، جۇ بېگى ۋەن دۇگۇينى يېنىكلا ئاتلىنىپ، ئاشلىق، ئوزۇق - تۈلۈكنى يول بويى تولۇقلاڭلار دەپ، ئاگىنىغا جازا يۈرۈش

قىلىشقا ئەۋەتتى. ۋەن دۇگۇي ئاگىنىنىڭ شەرقىي چېگرىسىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى چۇقۇ بىلەن ۋائىرىيىدىن ئىبارەت ئىككى شەھەرنى ئىشغال قىلىپ، ئاندىن يان قەلئەسىگە يۈرۈش قىلدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن ناھايىتى ئېنىقكى، ۋائىرىيە بەگلىكى قەدىمكى ئاگنى ئېلىنىڭ غەربىي جەنۇبىي بىلەن قەدىمكى چۇقۇ بەگلىكىگە يىراقراق مەنزىلگە جايلاشقان. ئۇنىڭ ئاگنى ئېلىنىڭ ئاستانىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى 100 چاقىرىم-غىچە ئىدى. بۇ مۇساپە ئاگنى ئېلىنىڭ ئاستانىسى جايلاشقان ھازىرقى قاراشەھەردىكى دەنزىلدىن ۋائىرىيە بەگلىكىنىڭ ئورنى بولغان كورلىدىكى شاقىردۆڭ قەدىمىي شەھىرىگىچە بولغان يول ئارىلىقىغىمۇ ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شاقىردۆڭ قەدىمىي شەھىرى كورلا شەھەر تەۋەسىدىكى ئۆزگەن، توبۇرچى قەدىمى شەھەرلىرىگە قارىغاندا، بىرقەدەر بالدۇر بىنا قىلىنغان بولۇپ، كۆنچى دەرياسى ئۇنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىنى ئايلىنىپ ئېقىپ ئۆتىدۇ. بۇ چۈشەنچە «دەريالار تەپسىراتى» دا بېرىلگەن كۆنچى دەرياسىنىڭ ۋائىرىيە بەگلىكىنى ئايلىنىپ ئاقىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بېشارەتكىمۇ ئۇيغۇن بولۇپ، بۇ ھال كىشىگە قەدىمكى ۋائىرىيە بەگلىكىنىڭ كۆنچى دەرياسىنىڭ ئۈچ بۇلۇڭلۇق ئەگمە رايونىغا جايلاشقانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر ئۇقۇمنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

كۆنچى دەرياسىنىڭ ئۈچ بۇلۇڭلۇق ئەگمە رايونى توغرىسىدىكى ئۇچۇر ئوخشاشلا «خەننامە» دىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، «خەننامە، جېڭ جىنىڭ تەرجىمىھالى» دا «مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلى ھونلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا پاراكەندىچىلىك تۇغۇلدى. باتىسقان شەنشەتچان خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولماقچى بولۇپ، جېڭ جىغا ئادەم ئەۋەتتى. جېڭ جى چېدىر ۋە كۇسەن ئەللىرىدىن 50 مىڭ ئەسكەر توپلاپ، باتىسقاننى خېچۇيدە قارشى ئالدى» دېگەن خاتىرە ئۇچرايدۇ. شۇ سوگىنىڭ تەتقىقاتىغا

ئاساسلانغاندا، بۇنىڭدىكى «خېچۈي» يەر نامى ئەمەس ئىدى. «دەريانىڭ ئەگىپ ئاقىدىغان جايى خېچۈي (دەريا ئەگمىسى) دەپ ئاتىلاتتى.» ⑫ روشەنكى بۇ دەل كۆنچى دەريا ئېقىنىنىڭ ئېقىش يۆنىلىشىدىكى جايغا قارىتىلغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ هازىرقى بۈگۈر ناھىيە تەۋەسىدىكى چېدىر ئەتراپىدا تەسىس قىلىنغانلىقىدىن قارىغاندا، جېڭ جىنىڭ ھونلارنىڭ باتىسقانىنى «دەريا ئەگمىسى» گە بېرىپ كۈتۈۋېلىشى، بۇ جاينىڭ ئىلگىرى ھونلارنىڭ باتىسقانى تۇرغان جايدىن ئانچە يىراق ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ ۋائىرىيە بەگلىكى توغرىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم بېشارەت بولۇپ، «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» گە ئاساسلانغاندا، ھونلارنىڭ باتىسقانى چاكارلار كاھىبېگى ئارقىلىق غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلغان بولۇپ، چاكارلار كاھىبېگىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئاگنى، چۇقۇ ۋە ۋائىرىيە بەگلىكىنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ھونلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى باتىسقانىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى هازىرقى قاراشەھەر، لوپنۇر، كورلا شەھەر ئارىلىقىدا بولۇپ، جېڭ جى باتىسقانىنى كۈتۈۋالغان كۆنچى دەرياسىنىڭ ئەگىپ ئاقىدىغان جايىغا يېقىن ئىدى. شۈبھىسىزكى بۇ جاي كۆنچى دەرياسىنىڭ باش ئەگمىدىكى تاغ ئېغىزىدىن چىقىپ غەربكە قاراپ ئېقىپ، قوشئېرىقتا بارغاندا غەربىي جەنۇبقا قاراپ بۇرۇلۇپ، بوتخۇ نوگچاڭغا يېقىن يەردە جەنۇبقا قاراپ ئاقىدىغان، ئاندىن ئۇ يەردىن يۇخۇي نوگچاڭغا بارغاندا شەرققە قاراپ بۇرۇلىدىغان ئۈچ بۇلۇڭلۇق ئەگمە رايوندا بولۇشى كېرەك. بۇ ئۈچ بۇلۇڭلۇق ئەگمە رايوننىڭ ئەگمە نۇقتىسى بىر قەدەر گەۋدىلىك جاي ـ يۇقىرىدا بىز قەدىمكى ۋائىرىيە بەگلىكىنىڭ ئورنى دەپ تىلغا ئالغان بوتخونوگچاڭنىڭ جەنۇبىدىن بىر كىلومېتىرغا يەتمەيدىغان ئورۇنغا جايلاشقان شاقىردۆڭ قەدىمىي شەھىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەمدى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن تاۋ باۋلىيەننىڭ لىلۇ
( 埒娄 ) بىلەن لىۇلۇ ( 柳驴 ) دىن ئىبارەت ئىككى شەھەرنىڭ
ئاھاڭى «كورلا» نىڭ ئاھاڭىغا يېقىن دەپ قارىغانلىقىغا كەلسەك،
ئۇنىڭ ماتېرىيال ئاساسمۇ ئوخشاشلا «خەننامە، غەربىي يۇرت
تەزكىرىسى» دە كۆرىلىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

«ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن مىلادىيە
10 - يىلى ئۇ شىن سۇلالىسىنى كېڭەيتىش بېگى جىن فىڭنى
ئوڭ تەرەپ بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، دەرھال غەربىي يۇرتقا ئەۋەت-
تى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئارقا قۇشبېگى شۇ جەل ئوڭ
سەركەردە قۇد ۋە سول سەركەردە شىنچىلار بىلەن مەسلىھەتلى-
شىپ، ......ئەل كۇندىن - كۇنگە گادايلىشىپ كېتىۋاتىدۇ...دەپ
نائىلاج ھونلارغا قاچماقچى بولدى. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ قالغان
قۇرۇل چېرىكچىبېگى دىياۋخۇ، شۇ جەل بەگنى چاقىرتىپ سو-
رۇشتۇردى. بەگ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئىشلارنى ئىقرار قىلىپ
قويدى. شۇنىڭ بىلەن باغلانغان شۇ جەل بەگ قۇرۇقچىبەگ دەن
چىن تۇرۇشلۇق لىلۇ شەھىرىگە ئېلىپ بېرىلدى.»

بۇ خاتىرىدە تىلغا ئېلىنغان «لىلۇ» ( 埒娄 ) شەھىرى
قەدىمكى كورلا شەھىرى بولماستىن بەلكى ۋائىرىيە شەھىرى
( 尉犁城 ) بولۇشى كېرەك، «خەنزۇچە خەتلەرنىڭ قەدىمكى
فونېما قوللانمىسى» غا ئاساسلانغاندا، « 柳 »، « 埒 »
ۋە « 尉 » خەتلىرى ئوخشاش بىر خىل سۆزنىڭ پەرقلىق تەرجى-
مىسى بولۇپ، ھەممىسى « 尉 » خېتىنىڭ ئاھاڭى بولغان
«ïwăt» ⑬ سۆزىگە يېقىن كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن شۇنداق
دېيىشكە بولىدۇكى، كورلىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىش تارى-
خى كۆنچى دەرياسىنىڭ ئۇچ بۇلۇڭلۇق ئەگمە رايونىنى بۆشۈك
ماكان قىلغان بولۇپ، ھازىرمۇ بۇ جاي كورلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەڭ مەركەزلىك توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونى ھېسابلىنىدۇ.
ئەمما، يەنە بىر گەۋدىلىك تەرەپ شۇكى، «يۈەن سۇلالىسى تارى-

خى. شى باننىڭ تەرجىمىھالى» دا تىلغا ئېلىنغان «كورلا شەھە-
رى» ( 坤闾城 ) ئوخشاشلا مۇشۇ دائىرە ئىچىدە بولسىمۇ،
ئۇنىڭ كورلىنىڭ زادى قايسى تەرىپىگە جايلاشقانلىقى ئېنىق
ئەمەس. «قوچۇدىكى كىيو جەمەتىنىڭ تەرجىمىھالى» دا مۇجمەل
قىلىپ، «ئۇسمى ئايمىقىنىڭ غەربىدىن بەش چاقىرىم
يىراقلىقتا» ⑭ دەپ كۆرسىتىلگەن. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ بايان
قىلىشىچە، بۇنىڭدىكى ئۇسمى ئايمىقى كۇچانىڭ يېنىدىكى ئۇسمى
تارىم ئىدى. «جۇڭگو تارىخ ئاتلىسى» دا ئۇنى تۇرپاننىڭ يېنىدا
دەپ كۆرسەتكەن. بۇنداق بولغاندا، يۇەن دەۋرىدىكى كورلا شەھە-
رىنىڭ ئورنىنى دەلىللىمەك تېخىمۇ قېيىن بولۇش بىلەن بىرگە،
بۇ توغرىدا ئىشەنچلىك خاتىرىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرى-
دۇ. شۇنداقتىمۇ كورلا نامى گەرچە كورلىنىڭ قەدىمكى نامى
بولغان «ۋائىرىيە» دىن كېيىنكى يەنە بىر يەرلىك نامى بولسىمۇ،
ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنى، كورلىغا نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى
ئۆزىنىڭ نېمىتىنى ئايىماي بېرىپ كېلىۋاتقان ـ كۆنچى دەرياسى-
نىڭ باش ئەگىمىدىكى ئېقىش ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا بارلىققا
كەلگەن دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، كۆنچى دەرياسى
تاغ ئارىسىدىكى تار قىستاڭدىن چىقىپ، باش ئەگىم ئېغىزىغا
كەلگەندە، دەھشەتلىك شاقىراتما ھاسىل قىلىدۇ. بەزى كىشى-
لەرنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈشىچە، كۆنچى دەرياسى
«كورلىنىڭ ھازىرقى ئاقتاش، چاچى قاتارلىق ئورۇنلىرىنى كو-
لاپ، چوڭ كۆل ھاسىل قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئەتراپتا
ئازغىنە ئائىلە بولۇپ، بۇلار تېكىچى ئەتراپىدا ئولتۇراقلاش-
قان.» ⑮ بۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تەرەپ بولۇپ، تۈركىي
تىللىق خەلقلەر دەريا ئېغىزىنىڭ بۇنداق نو شەكىللىك ئالاھىدى-
لىكىنى «كويلا» دەپ ئاتايتتى. بۇ چۈشەنچە كورلا ۋە لوپنۇر
تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا خېلى كەڭ تارقالغان بولۇپ،
ھازىرمۇ ئۇلار «كورلا» نى «kola» ۋە «koyla» دېگەن شەكىللەر

بىلەن ئاتايدۇ. بۇنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دىئالېكتىكىدىكى
بىر ئالاھىدىلىك دەپ قارىغاندىمۇ، ئۇنىڭ يەنە بىر ماتېرىيال
ئاساسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، مەھ-
مۇد قەشقىرى «كويلا - دەريا ئېغىزى» [16] دەپ چۈشەندۈرگەند-
دى. قارىماققا بۇ تىل ماتېرىياللىرىنى جۇغراپىيىلىك ئورۇن
نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈش بىرقەدەر قىيىندەك قىلىسىمۇ، بىز-
نىڭچە دەريا ئېغىزىنىڭ نامى، تەدرىجىي دەريا دېلتىسىدىكى مە-
ھەللىلەرنىڭ ئومۇمىي نامىغا ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق
دەپ قاراشتىكى سەۋەب شۇكى، كۆنچى دەرياسىنىڭ باش ئەگىم-
دىكى ئېغىز ئەتراپى، تارىختىن بۇيان كارۋان يولىنىڭ ئۆتكەل-
لىك ئالاھىدىلىكى بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەلگەندى. يەر - جاي
ناملىرىنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكى ئۇلارنىڭ يېڭى ناملىرىنىڭ بې-
لىنىشى ياكى ئومۇملىشىشى ئۈچۈن يارىتىلغان يەنە بىر پايدىلىق
ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، يەر نامل-
ىرى تەشۋىقاتى خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى.

لېكىن، باش ئەگىمنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى مۇھىم نۇق-
تىلىرىدا خاس ئۇنىڭ ئۆتكەللىك خاراكتېرىلا گەۋدىلەنگەچكە،
كورلا توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر ئاساسەن تىلغا ئېلىنمىغان،
مەسىلەن، باش ئەگىمنىڭ خەنزۇچىدىكى ھازىرقى «تېمىنگۇەن»
( 铁门关 ) دېگەن ئاتىلىشى ئەڭ ئاۋۋال «ئون ئالتە پادىشاھ-
لىق. ئەمىنىيە» دە كۆرۈلگەن بولۇپ، «كېيىنكى خەننامە. بەن
يوڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا «جۆلىگۇەن» ( 爵离关 ) دەپ خاتىرى-
لەنگەن. «جىن سۇلالىسى تارىخى. يات ئەللەر ھەققىدە قىسسە»
دە «تېمىن» ( 铁门 ) ۋە «جېلىيۇگۇەن» ( 遮留关 ) دەپ،
«يېڭى تاڭنامە، جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە «تېمىنگۇەن»
( 铁门关 ) دەپ يېزىلغان. ئەمەلىيەتتە بۇ باش ئەگىم ئۆتكىلى
ۋە ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 20 كىلومېتىرچە كېلىدىغان تار
ئۆزۆن جىلغىنىڭ نامى بولۇپ، بەزىلەر بۇنىڭدىكى « 爵离关 »

ۋە « 遮留关 » دېگەن ناملارنى «كورلا» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى
دەپ قارايدۇ. بىزنىڭچە بۇ ناملارنىڭ ھەممىسى باش ئەگىم ئۆتكە-
لى ۋە ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جىلغىنىڭ ئوخشىمىغان نۇقتىلى-
رىنىڭ بىر خىل ئاھاڭدىكى پەرقلىق ئاتىلىشلىرى بولۇشى كې-
رەك. «خەنزۇچە خەتلەرنىڭ قەدىمكى فونېما قوللانمىسى»غا
ئاساسلانغاندا، « 爵 »خېتى بىلەن « 遮 »خېتىنىڭ ئاھاڭى
«tsĭak» ۋە «tia» دەپ ئوقۇلغان بولۇپ، « 铁 »خېتىنىڭ ئاھا-
ڭى بولغان «tiet» ⑰ غا يېقىن كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن شۇنداق
ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، باش ئەگىمنىڭ خەنزۇچىدىكى .بىر
قانچە خىل ئاتىلىشلىرى يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىلىدىكى بىر خىل
ئاھاڭدىن كەلگەن بولۇپ، «كويلا» ، «كولا»ۋە «كورلا» شەكلى-
دىكى ئاتىلىشلىرى، ئالاھازەل ئەسلىدىكى يەرلىك تىلدىكى ئاتى-
لىشى تاشلىنىپ قېلىنغاندا، ئوتتۇرىغا چىققان بولۇشى مۇمكىن.

كورلا نامىنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «körunglar» ۋە
تۈركىي تىلىدىكى پېئىللىق سۆز «kormek» نىڭ مەجھۇل دەرىجە
شەكلى بولغان «korle» دىن كەلگەن دېگەن ھازىرقى چۈشەندۈرۈ-
شىگە كەلسەك، بۇ خىل يەكۈنلەرنىڭ ماتېرىيال ئاساسلىرىنىڭ
ھەممىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا كىتاب بولۇپ
تۈزۈلگەن «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرى-
سى»دە بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:
«كورلا ـ ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز بولۇپ، كۆرۈش، نەزەر سېلىش
دېمەكتۇر. يەر شەكلى ئازادە ۋە كەڭ بولغاچقا، نەزەر سېلىشقا
باب كېلەتتى. شۇڭا بۇرۇنقى ئاھاڭغا توغرىلىنىپ كورلا دەپ
ئاتالغان.» ⑱ كورلا نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بۇنداق چۈشەن-
دۈرۈش، مەنتىقىگە خىلاپ بولۇپ، شىنجاڭ يەر ناملىرىنىڭ
ئالاھىدىلىكىدە بۇنداق پېئىللىق خاراكتېر ئۇچرىمايدۇ. ئەڭ
چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھازىر قوللىنىۋاتقان يەرلىك ناملار
بىلەن بۇرۇنقى يەر ناملىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور دەرىجە-

دىكى ۋارىسلىق قىلىش خاراكتېرى سىڭگەن بولۇپ، ئۇلاردا
مىللەتشۇناسلىق جەھەتتىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلەر بار. ئىپادە
قىلغان مەدەنىيەت خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بىرقەدەر ئۆزگىچە بولۇپ،
كۆپىنچىسىدە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرەر
تەرىپى بولسىمۇ نامايان قىلىنغاندى. مەسىلەن، بەزى ئورۇنلار-
نىڭ يەر ناملىرى تارىختىكى بىرەر مىللەت ياكى قوۋمنىڭ كۆچۈ-
شى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا، بەزىلىرى شۇ ئورۇننىڭ جۇغرا-
پىيىلىك ئالاھىدىلىكى ھەمدە ئالاھىدە مەھسۇلاتى ۋە شۇ ئورۇندا
ياشىغان خەلقلەرنىڭ ئېتنىك ئايرىمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك
ئىدى. مانا مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كورلا نامىنى -
كۆنچى دەرياسىنىڭ باش ئەگىم دەريا ئېغىزىدىكى تۇگمەننىڭ نو
شەكىلدىكى ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان «كويلا»
دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دېيىش، بىرقەدەر ئەقىلگە مۇۋا-
پىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەردە بۇ خىل پەرەز توغرا بولىدىغان بول-
سا، ئۇ ھالدا كورلىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخىنى،
جۇڭغار خانلىقى بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز دېيىشكە بولىدۇ.
«غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىنى چەشەندۈرۈپ
ئىزاھلاش» بىلەن مىللەتشۇناسلىق جەھەتتە ئېلىپ بېرىلغان بەزى
تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، كورلا چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىر-
لىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئالدى - كەينىلىرىدە قارا شەھەرگە قاراش-
لىق بىر يېزا ئىدى. ئاھالىلەرنىڭ تەركىبىمۇ ئۇيغۇرلارنى ئا-
ساس قىلغان بولۇپ، «590 تۈتۈن، ئەر ئايال چوڭ - كىچىك
بولۇپ، 1543 نوپۇس بار ئىدى». كېيىن دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ
كۆچۈپ كېلىشى بىلەن 700 تۈتۈندىن ئاشقانىدى. بۇنىڭدىكى
دولان ئۇيغۇرلىرى كورلىنىڭ غەربىدىكى بۈگۈردىن كۆچۈپ كەل-
گەنلەر بولۇپ، بۈگۈردە «ئەسلى ئۇيغۇرلاردىن 2 مىڭدىن ئارتۇق
تۈتۈن بار ئىدى.» خان خوجىنىڭ توپىلىڭىدا «پۈتۈنلەي دېگۈدەك
قېچىپ كېتىپ، ئاران 100 دىن ئارتۇق تۈتۈن قېلىپ، كورلىغا

كېلىپ ئۆلتۈراقلاشقانىدى. ۋەقە بېسىقتۇرۇلغاندىن كېيىن تار-
قىلىپ كەتكەن دولان ئۇيغۇرلىرىدىن 500 ئۆيلۈك ئادەم يەنە
كۆچۈپ كېلىپ ئۆلتۈراقلاشقانىدى.» [19] چىڭ سۇلالىسىگە نىس-
بەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار «خان خوجا ئۈچۈن ئات بېقىپ بېرىپ،
بۆركۈت كۆندۈرۈپ بېرىدىغان، مىجەزلىرى غەلىتە، نەغمە ـ
ناۋاغا ئامراق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى گەپكە كىرمەيدىغان» [20]
لار دەپ قارالغاچقا، ھەم گۇمانلىق ھەم سىرلىق بىلىنەتتى. شۇ
سەۋەبتىنمۇ چىڭ سۇلالىسى دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا
داۋاملىق تۇرۇشىنى خەۋپلىك دەپ ھېسابلىغاچقا، قېچىپ كەتكەن
ۋە تارقىلىپ كەتكەنلىرىنى مەلۇم ساندا قايتۇرغاندىن تاشقىرى،
كۆپ قىسمىنى يېڭى بارغان ئورۇنلىرىغا تارقاقلاشتۇرۇپ ئولتۇ-
راقلاشتۇرغانىدى. ھازىر بۈگۈر ۋە كورلىدىكى دولان نامىدىكى
ئۇيغۇرلار شۇ چاغدا يۇرتىغا قايتۇرۇلماي قېپقالغان ئۇيغۇرلارنىڭ
ئەۋلادلىرى بولۇپ، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ كورلىدا تۇرۇپ قالغان-
لىرى، كورلىنىڭ چىلانباغ، قوشئېرىق، بوتخۇ، قاراباغ، ئەل-
لىك كەتمەن قاتارلىق يېزا ۋە كەنتلەرنى قۇرۇپ چىققانىدى.
جۇڭغار خانلىقى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى
كورلا يېزىسى نامدا چوڭ بىر يېزىنى كۆرسەتسىمۇ ئەمەلىيەتتە
ھازىرقى ئاۋات، سايلىق، لەنگەر، غۇڭرات قاتارلىق يېزا ـ
كەنتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.
كورلا تەۋەسىدىكى پېشقەدەملەردىن ئىگىلەنگەن ئۇچۇرلارغا
ئاساسلانغاندا، كورلا جۇڭغار خانلىقى مەزگىلىدە قارا شەھەردىكى
ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئېغىر قىسمەتلەرگە دۇچار بولمىغانىدى.
پەقەت جۇڭغار خانلىقى مۇنقەرز بولۇپ، بىر يىلدىن كېيىن يەنى
1756 ـ يىلى قارا شەھەردە تۇرۇپ قالغان جۇڭغار ئاقسۆڭەكلى-
رىنىڭ ماقاس ۋە شىراس نامىدىكى ئىككى ئوتۇخىنىڭ بىر قې-
تىملىق بۇلاڭ ـ تالىڭغىلا ئۇچرىغانىدى، بۇ جەريان يازما مەنبە-
لەردىمۇ بىرقەدەر ئېنىق گەۋدىلەنگەن بولۇپ، خۇسۇسەن «مۇ-

سۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە: «ماقاس، شىراس...... كورلىدىكى بەگنىڭ مال باقىدىغان ئوتلىقىنىڭ يېنىدا ئۇلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغاچقا، توختى ئىنىسى ئابدۇللا، ئوغلى سىدىقنى ئېلىپ، لوپنۇر ئارقىلىق تۇرپانغا بېرىپ، ئىچكىرىگە بەيئەت قىلدى، ئۇنىڭغا پەخرى ئامبان، ئىككىنچى دەرىجىلىك بەگ دېگەن ئۇنۋان بېرىلدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى مامۇت دورغۇمۇ كورلىرىدىكى ئاھالىلەردىن يۈزدىن ئارتۇق تۇتۇننى ئېلىپ تۇرپانغا بېرىپ پەرمان بەردار بولدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قاچقانلار بولسا ئۇنى ئەۋەتتى» [21] دەپ قەيت قىلىنغانىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، كورلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە، دولان ئۇيغۇرلىرى كورلا تەۋەسىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشتىن ئاۋۋال سادىر بولغانىدى. ۋەقەنىڭ تەرەققىيات نەتىجىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يۇرت ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ كەتكەن بۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي قايتا يەنە كورلىدىكى ماكانلىرىغا قايتىپ كەلگەنىدى. بۇنى بىز شۇ ۋەقە بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەي كورلىدا بەگلىك تۈزۈمىنىڭ تۇرغۇزۇلغانلىقىدىن تامامەن ھېس قىلىۋالالايمىز. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ دۇچ كەلگەن بۇ قىسمەتتى ئادەتتىكى بىر تىنىچ تۇرمۇشتىكى ئاھالىلەرگە نىسبەتەن زور بىر تالاپەت بولغاچقا، ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقانىدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتساق، بۇ قاراشەھەر ئويمانلىقىنى بازا قىلىۋالغان قالدۇق جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەمدىلىككە كەلگەندىمۇ داۋاملىق مۇشۇ جايلارنىڭ ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشىدەك قىلىشىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ھاكىمىيەتلەقىلىقىغا خاتىمە بېرىلگەن شارائىتتا، ئۇيغۇر ئاھالىلىرىگە قارىتا ئېلىپ بارغان ئاخىرقى بىر قېتىملىق بۇلاڭ ـ تالىڭى ئىدى. لېكىن ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، يېقىندا نەشر قىلىنغان «مەرىپەتلىك تۆھپىكار، ئادالەتپەرۋەر زو ھەزرەت غەربىي شىمالدا» ناملىق

ئەسەردە، كورلىنىڭ غەربىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاش‐
قان چەرچى يېزىسىنىڭ نامى توغرىسىدا توختىلىپ، «جۇڭغار‐
لارنىڭ پەرھىز سۆزى، بۇ جايدا كونا قەبرىلەر كۆپ بولغاچقا،
يولدىن ئۆتكۈچىلەر، كۆپىنچە كېسەل بولۇپ قالاتتى. يەنە بىر
نامى چاركۇ» ㉒ دەپ كۆرسەتكەن. بۇ هال جۇڭغار خانلىقى
يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن پۈتكۈل
تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىنىڭ ۋەزىيىتىدىكى يېڭى يۈزلىنىش بىلەن
مۇناسىۋەتلىكتەك قىلىسمۇ، مۇهىمى تارىخنامىلەردە ئويراتلار‐
نىڭ 1756 ـ يىلى كورلىدىكى ئاهالىلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان
ۋەقەسىنى هېسابقا ئالمىغاندا يېڭى جاي ئىزدەش ئۈچۈن كورلى‐
دىن هالقىپ ئۆتۈپ، تېخىمۇ غەربكە قاراپ سىلجىغانلىقىغا ئائىت
بېشارەتلەر ئۇچرىمايدۇ. يەنە كېلىپ هازىرقى چەرچى يېزىسىدى‐
كى پېشقەدەملەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېيتىشىچىمۇ، بۇ جايلاردا ئىل‐
گىرى ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى «قالماق»لارنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى
بولمىغانىدى. يۇرت نامىمۇ بۇ جاينىڭ يول ئۈستىگە جايلاشقانلى‐
قى ۋە ئۇيان ـ بۇيان ئۆتكۈچى يولۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا يارىتىل‐
غان قۇلايلىقلار ئۈچۈن «چەرچى» (čər či<čar či<čay či)
دەپ ئاتالغانىدى. بۇ نۇقتىنى بىز چەرچىنىڭ «غەربىي يۇرتنىڭ
خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن « 车尔楚 » دېگەن
ئەسلى تەلەپپۇزىغا يېقىن شەكلىدىن كۆرۈۋالالايمىز. چىڭ سۇلا‐
لىسىنىڭ بۇ جايغا ئەهمىيەت بېرىشى بولسا ياقۇپبېگنىڭ كور‐
لىدىكى تەسىرى تازىلانغاندىن كېيىن باشلانغانىدى. 1878 ـ
يىلى ليۇجىنتاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ۋاڭ يۈلىن بىر يىلغ ئەس‐
كەرنى باشلاپ كېلىپ چەرچىدە مۇداپىئەدە تۇرۇپ شۇ يەردىكى
ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، 40 چاقىرىم كېلىدىغان بىر ئۆس‐
تەڭ قازدۇرۇپ، چەرچىنىڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى ياخشى‐
لىغانىدى هەمدە ئۆزىنىڭ تۆهپىسىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بۇ
جايغا «چەرچىنىڭ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاش توغرى‐

سىدىكى ياغاچ ئابىدە» (库尔楚兴修水利木碑) دېگەن بىر پارچە ياغاچ تاختا ئورناتقانىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چەرچىنىڭ نامىمۇ خەنزۇچىدا ئەسلىدىكى يېقىن تەلەپپۇزى «车尔楚» شەكلىدە ئەمەس، بەلكى «库尔楚» شەكلى بىلەن تۇراقلاشقان-دى. شۇڭا بۇنىڭلىق بىلەن خەنزۇچىدىكى «库尔楚»نى موڭ-غۇل تىلىدىكى «查尔库» بىلەن بىر قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، شۇ نەرسە ئايانكى، كور-لىنىڭ يۇرتى بولۇپ، قۇرۇلۇش جەريانى جۇڭغار خانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، خۇسۇسەن «كورلا» نامىمۇ موڭغۇل تىلى (ئويرات موڭغۇل تىلى) دىكى سۆز ئەمەس ئىدى. يەنى بۇ نام خەنزۇچە مەنبەلەردە ئەڭ دەسلەپ كۆرۈلگەن «يۈەن سۇلالىسى تارىخى شى بانىنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىگە قىلىنغان جازا يۈرۈشتە» دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇم مەنىسىلا، بۇ نامنىڭ چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى موڭغۇللار غەربتىكى خارازم خانلىقىغا قارشى جازا يۈرۈش قىلغاندا، ئاللىقاچان مەۋجۇت ئى-كەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. يەركەن خانلىقىدىن كېيىنكى جەريانى بولسا شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا، ئۆتكۈنچى بىر تارىخ بولۇپ، كورلىنىڭ تۈزۈلمىسى ۋە ئاھالىلەرنىڭ تەركى-بىگە ھېچقانداق زور تەسىر ئېلىپ كېلەلمىگەنىدى.

## ئىزاھلار:

①يۇ ۋېيچىڭ «شىنجاڭنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يەر نامىلىرى ھەققىدە تەتقىقات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 - يىل خەنزۇ-چە نەشرى 36 - بەت.

② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. شى بانىنىڭ تەرجىمىھالى» جۇڭخۇا نەشرىياتى 1974 - يىل نەشرى 6 - كىتاب 3246 - بەت.

③ تاۋ باۋلىيەن «توشقان يىلىدىكى سەپەر خاتىرىسى» 52 جىلد؛ ۋاڭ خېيچىڭ يازغان «شىنجاڭ ھەققىدە پارچە - پۇرات مۇھاكىمە» دە كەلتۈرۈل-

گەن نەقىل، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1996 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 102 ـ بەت.

④ ۋاڭ خېپىڭ «شىنجاڭ ھەققىدە پارچە ـ پۇرات مۇھاكىمە» 102 ـ بەت.

⑤⑥ «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى مەدەنىي يادىكار-لىقلارنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالى»، «شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى خەنزۇچە 1993 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑦ چېن گې «ئاگنى، ۋائىرىيە، چۇقو بەگلىكلىرىنىڭ ئاستانىسى توغرىسىدا مۇھاكىمە»، «غەربىي شىمالنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسى» ژۇرنىلى 1985 ـ يىللىق خەنزۇچە 2 ـ سان.

⑧ خۇاڭ ۋېنبى «غەربىي شىمالنىڭ تارىخ جۇغراپىيىسى توغرىسىدا مۇھاكىمىلەر» شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 281 ـ، 283 ـ بەتلەر.

⑨ دىڭ چيەن «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسىنىڭ جۇغراپىيىسى-نى تەكشۈرۈپ دەلىللەش»، «جېجياڭ كۇتۇپخانا مەجمۇئەسى» دەسلەپكى توپلاپ؛ چېن گې يازغان ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

⑩ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» چېگرا ـ زېمىن VIII بىلەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» يوللار Ⅱ .

⑪ لى گۇاڭتىڭ «خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ جۇغرا-پىيىسى ئۈستىدە تەھسىل» 1 ـ جىلد.

⑫ شۇسوڭ «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە»، ۋاڭ خېپىڭ يازغان «شىنجاڭ توغرىسىدا پارچە ـ پۇرات مۇھاكىمىلەر» دە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 101 ـ بەت.

⑬⑰ گوشىلياڭ «خەنزۇچە خەتلەرنىڭ قەدىمكى فونېما قوللانمىسى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى 114 ـ، 41 ـ بەت.

⑭ ئو ياڭشۇەن «قۇچۇدىكى كيۇ جەمەتىنىڭ تەرجىمىھالى»، ليۇ يىڭ-شىڭ يازغان «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەر نامىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 1992 ـ يىللىق خەنزۇچە 4 ـ سان.

⑮ غېنى سايىم «كورلا نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا»،

«بوستان» ژۇرنىلى 1987 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑯مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى Ⅲ توم 1984 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 599 ـ بەت.

⑱«غەربىي يۇرتنىڭ ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى»، شەرقىي ئوكيان مەدەنىيەت خەزىنىسى باسمىسى.

⑲«غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئىزاھلاش» يەنبيەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1992 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى 24 ـ بەت.

㉑خې نىڭ «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» 10 ـ جىلد، تەيۋەن ۋېنخەي نەشرىياتى جۇڭخۇا مىنگونىڭ 55 ـ يىل نەشرى 324 ـ بەت.

㉒ چىن خەنسەي «مەرىپەتلىك تۆھپىكار، ئادالەتپەرۋەر زو ھەزرەت غەربىي شىمالدا» يۈلۈ نەشرىياتى نەشرى 238 ـ بەت.

## 2. جۇڭغار خانلىقىنىڭ قاراشەھەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن تەسىر

قاراشەھەر شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان مەشھۇر قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە «ئاگنى»، «سۇلمى»، «چالىش» دېگەن ناملار بىلەن كۆرۈلۈپ، پەقەت چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندىلا ئاندىن قاراشەھەر دەپ ئاتالغان. ئەمما يەرلىك خەلقلەر ھازىرغىچە داۋاملىق «قاراشەھەر» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

قاراشەھەرنىڭ تارىختىكى بىرقانچە خىل ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئالمىشىشى، قاراشەھەرنىڭ ئۆتمۈش تارىخىنىڭ ئىنكاسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردا قاراشەھەر رايونىنىڭ يۇرت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخلىرى بىلەن بۇ جايلاردىكى مىللەتلەرنىڭ تەركىبلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ۋارىسلىق قىلغان تارىخىي جەريانلىرى يوشۇرۇنغانىدى. بۇ شىنجاڭنىڭ تارىخىدىكى بىرقەدەر ئومۇمىي جەريانلارنىڭ بىرى بولۇپ، خۇسۇسەن قاراشەھەرنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئاۋۋالقى مەزگىلىدىكى، جۇڭغارلار دەۋرىدىكى ئۆزگىرىشلىرى بۇ يۇرتنىڭ تارىخىدا ناھايىتى زور داۋالغۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

قاراشەھەر ئەسلى غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولۇپ، «4 مىڭ تۈتۈنگە، 32 مىڭ 100 نوپۇسقا، 6 مىڭ ياراملىق ئەسكەرگە ئىگە» بىر يۇرت ئىدى. بەگلىكنىڭ قارمىقىدا غۇزلارغا زەربە بەرگۈچى، غۇزلاردىن قوغدانغۇچىبەگ، ئوڭ ۋە سول سانغۇن، قۇسلارنى بەيئەت قىلدۇرغۇچىبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلاردىن ھەرقايسىسىدىن بىردىن بولغاندىن سىرت، ئۈچ نەپەر تىلماچىبېگى، ئىككى نەپەردىن غۇزلارغا زەربە بەرگۈچى كاھبەگ

قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار ئىدى. بۇ قاراشەھەرنىڭ خەن سۇلالى-
سىنىڭ تەسىرى غەربىي يۇرتقا يېتىپ كېلىشتىن ئاۋۋالقى مەز-
گىلىدىكى تارىخىي جەريانىنى ئەسلەتسىمۇ، بۇنىڭدىكى «غۇزلار»
( 胡 ) ھونلارنى كۆرسىتەتتى. ئەمەلىيەتتە ھونلار قاراشەھەرنى
مودۇن تەڭرىقۇت مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 176 ـ 177 ـ يىللار
مەزگىلىدە توخرىلارنى مەغلۇپ قىلىپ، غەربىي يۇرتتىكى ئو-
غۇز، كىرورەن، ئۇسۇن قاتارلىق 26 ئەلنى بويسۇندۇرغاندىلا،
ئاللىقاچان ئۆز تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزگەنىدى. شۇ سەۋەبلىك
تارىخنامىلەردە ھونلارنىڭ قاراشەھەرگە بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق
قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان خاتىرىلەردىن «ھونلار ئۆزلىرىنىڭ
باتىسقانى جاكارلار كاھبېگى ئارقىلىق غەربىي يۇرتنى ئىدارە
قىلاتتى. جاكارلار كاھبېگى دائىم ئاگنى، چۆقو ۋە ۋائىرىيە
بەگلىكلىرىنىڭ ئارىلىقىدا تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى بەگلىكلەردىن
باج ـ سېلىق ئالاتتى» ① دېگەن گەپ ـ سۆزلەرمۇ ئۇچرايدۇ.

ھونلارنىڭ قاراشەھەرگە قاراتقان بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقى
تاكى مىلادىيەدىن ئاۋۋالقى 60 ـ يىلغىچە داۋاملاشقان بولۇپ، قارا
شەھەرنىڭ جەنزۇچە مەنبەلەردە كۆرۈلگەن «يەنجى» ( 焉耆 )
دېگەن نامىمۇ دەل مۇشۇ جەرياندا ئوتتۇرىغا چىققانىدى. يەنى
قاراشەھەرنىڭ ھونلار دەۋرىدىكى جەريانى قارا شەھەردىكى مىللەت-
لەرنىڭ تەركىبىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغاچقا،
بۇ مەزگىلدە بۇ جايغا ھونلاردىن زەربە يەپ غەربكە
كۆچكەن توخرىلاردىن بىر تۈركۈم ئاھالىلەر ماكانلىشىپ تۇ-
رۇپ قالغانىدى. ھالبۇكى توخرىلار قاراشەھەرنىڭ ئەسلىدىكى
يەرلىك ئاھالىلىرى ئەمەس ئىدى. قاراشەھەردىن تېپىلغان مىلا-
دىيەنىڭ ئالدى ـ كەينى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە
ئائىت قەدىمىي قەبرىلەر بىلەن ئۇنىڭغا قوشنا بولغان رايونلاردىن
كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن
تېپىلغان ئىنسانشۇناسلىققا ئائىت ماتېرىياللاردىن قارىغاندا،

كرورەننىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى بىلەن مەلۇم ئوخشاشلىقلارغا
ئىگە ئىدى. تىل نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەدىمكى كۇسەن-
نىڭ ئاھالىلىرى بىلەن بىر تىلدا سۆزلىشەتتى. بۇنى XX
ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراشەھەر، تۇرپان، كۇچا رايونلىرىدىن
تېپىلىپ بىرمەھەل «توخرى تىلى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان
قەدىمكى كۇسەن، قاراشەھەر تىللىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار-
دىن كۆرۈۋېلىش بىلەن بىرگە، قاراشەھەرنىڭ شۋەنزاڭ تەرىپى-
دىن خاتىرىۋېلىنغان «ئاگنى» دېگەن يەرلىك نامىمۇ، قاراشە-
ھەردە ياشىغان يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىلىدىكى ئاتىلىشىنىڭ
سانسكرىتچىلاشتۇرۇپ ئېيتىلىشىدىن كەلگەنىدى. يەنى تېخىمۇ
ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ شۋەنزاڭنىڭ غەربىي يۇرتنىڭ
قەدىمكى يەر جاي ناملىرىغا سانسكرىت تىلىنى ئاساس قىلىپ،
تەبىر بەرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

قاراشەھەرنىڭ قەدىمكى نامى قاراشەھەر، كۇسەن تىللىرىدى-
كى ۋەسىقىلەردە «Arsi» دەپ ئاتالغانىدى. گېرمانىيە ئالىمى
سېيگ (E. Seige) «ئا» خىل شۈدىكى فراگمېنت ھۆججەتلەردى-
كى Arsi تىلى بىلەن Arsi دېگەن جاي توغرىسىدىكى كەمتۈك
جۈملىلەرگە ئاساسەن «ئارسى تىلى يەنى ئا خىل شۈدىكىلەرنىڭ
ئۆزلىرىنى ئاتاشتىكى ئەسلى نامى» ② دەپ ھۆكۈم قىلغانىدى.
بۇ خىل ھۆكۈم نۆۋەتتە قەدىمكى قاراشەھەر، كۇسەن تىللىرى
توغرىسىدىكى تەتقىقاتتا بىرقەدەر ئومۇملىشىپ قالغان يەكۈنگە
ئايلاندى. «Arsi» قەدىمكى كارۇشتى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە
«Argiya» دەپ، خوتەن ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەردە
«Arginva» دەپ، مانى دىنىغا ئائىت ۋەسىقىلەردە «
Arkcik» دەپ، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكار-
لىقلاردا «Toquz Arsin» دەپ، قەدىمكى پارس يېزىقىدىكى
جۇغراپىيەۋى ئەسەر «ھۇدۇدۇلئالەم» دە «Ark» دەپ تىلغا
ئېلىنغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە كارۇشتى يېزىقىدىكى ئاتىلىشى بىر-

قەدەر بالدۇرقى دەۋرگە ئائىت بولۇپ، ۋاقىت جەھەتتە ھون
دەۋرىدە كۆرۈلگەن خەنزۇچىدىكى «يەنجى» دېگەن ئاتىلىشغا يې-
قىن كېلىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، قاراشەھەرنىڭ خەنزۇچە
مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان «يەنجى» دېگەن نامىنىڭ ئەسلى ئاھا-
ڭىنىڭ «Arsi» دېگەن سۆز ئىكەنلىكى بىلەن باشقا ناملىرىنىڭ
ھەممىسىنىڭ بۇ جايدا يۈز بەرگەن مىللەتلەرنىڭ تەركىبىدىكى
ئۆزگىرىشلەرنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسىنىڭ يەر ناملىرىدا ئەكس
ئېتىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئەھمىيەت بېرىش-
كە تېگىشلىك تەرەپ بولۇپ، بەزىلەر ئوتتۇرىغا قويغاندەك: «قې-
چىشقا باشلىغان توخرىلار شەرقىي قىسمىدىكى تەڭرى تېغىنىڭ
جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ، غەربكە ئىلگىرىلىدى، ئۇلارنىڭ ئى-
چىدىكى ۋۇشى (乌氏) قەبىلىسى قاراشەھەر ئويمانلىقىدىكى
يەرلىك خەلقلەرنى بويسۇندۇرۇپ، يېڭى دۆلەت قۇردى. قۇرغان
دۆلىتىنىڭ نامى ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىسىنىڭ نامى بويىچە «ۋۇشى»
دەپ ئاتالدى. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغاندىن
كېيىن «يەنجى» (焉耆) دەپ ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىندى» ③
دېگەن قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا
غەربكە كۆچكەن توخرىلارنىڭ قاراشەھەر ئويمانلىقىدا تۇرۇپ قال-
غانلىقى ئىنكار قىلىنمىغان بولسىمۇ، «تارىخىي خاتىرىلەر،
ھونلار ھەققىدە قىسسە» دە خاتىرىلەنگەن غەربىي رۇڭلارنىڭ بىر
قەبىلىسى بولغان ۋۇشىلارنى توغرىدىن - توغرا توخرىلارنىڭ بىر
قەبىلىسى قىلىۋالغان. «قەدىمكى خەنزۇچە خەتلەرنىڭ فونېما
قوللانمىسى» غا ئاساسلانغاندىمۇ، «乌氏» دېگەن ئىككى خەتنى
«Arsi» دەپ دەلىللىمەك بىرقەدەر قىيىن بولۇپ، «乌» خېتى
«ŏk,uk» ياكى «a» دەپ ئوقۇلىدۇ. «氏» خېتى «zĭe» دەپ
ئوقۇلىدۇ. بۇنى «焉耆» دېگەن ئىككى خەتكە سېلىشتۇرساق،
پەرق تېخىمۇ زور بولۇپ، «焉» خېتى «ĭan» ④ دەپ ئوقۇل-
دۇ. ھالبۇكى «耆» خېتى بولسا سانسكرىت تىلىدىكى «gi» گە

توغرا كېلىدۇ. دېمەك، بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، قاراشەھەرنىڭ تارىختىكى بىرقانچە خىل ناملىرىنىڭ ھەممىسى «Arsi» نى مەنبە قىلغان بولۇپ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق si ياكى gi/ki لارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىدى. «ئارسى» دېگەن نامنىڭ قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرىدا كۆرۈلگەن «Toquz Arsin» دېگەن ئۆزگەرتىلىپ ئاتىلىشىغا كەلسەك بۇ قەدىمكى قاراشەھەر تىلىدىكى ئاتىلىشىغا بىرقەدەر ھۆرمەت قىلىنغان ئاتىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇ توغرىدا ۋاڭ جىگرۇ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، «ۋېينامە»، «سۈينامە» ۋە «جۇنامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئومۇملاشتۇرۇپ، «ئاگنى ئېلىنىڭ ئىچىدە توققۇز شەھەر بار» دېيىلگەن. «ھودۇدۇلئالەم» دە بولسا ئۇنى «دەريانىڭ قىرغىقىدىكى كىچىك شەھەر»، «ئۇنىڭ قارىمىقىدا يەتتە كەنت بار» دېيىلگەن. بۇنىڭدىن ھېس قىلىشقا بولىدۇكى، كېيىنكى تۈرك خانلىقى (680 ـ 744) نىڭ يازما يادىكارلىقلىرىدا قاراشەھەرنى «توققۇز ئارسىن» دەپ ئاتىشى، بۇ جايدا توققۇز شەھەر ياكى توققۇز قەلئەنىڭ بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئالاھازەل X ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى «ھودۇدۇلئالەم» يېزىلغان ۋاقىتتا، دائىرىسىنىڭ ئەسلىدىكىسىدىن كۆپ كىچىكلەپ، پەقەت يەتتە كەنت بىلەن چەكلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ قاراشەھەرنىڭ بۇ مەزگىلدىكى تارىخىدىكى يەنە بىر زور ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىلگىرىكىدەك تەپرىقىچىلىك ھالىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن بىرگەۋدىلىشىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

قاراشەھەرنىڭ ھونلارنىڭ ھاكىممۇتلەقلىقىدىن كېيىنكى دەۋرى ئەمەلىيەتتە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئۈستۈنلۈك دەۋرى بولۇپ مىلادىيە V ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن

باشلاپ، بۇ جايلاردا ياپپان، جۇرجان، قاڭقىل، ئىفتالىت قاتار-لىق خەلقلەر ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن زوراۋانلىق تالاشقانىدى. مىلادىيە 552 - يىلى تۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندا، ستەمى قاغان ئاكىسى ئاشىنا تۇمەنىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن قاراشەھەرنىڭ شىما-لىدا ئوردا قۇرۇپ، غەربىي يۇرتتىكى غۇزلارنىڭ دۆلىتىنى تىن-جىتىپ تۇرغانىدى. مىلادىيە 640 - يىلى تاڭ سۇلالىسى قوچۇ-دىكى كيۇ جەمەتى خاندانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، 644 - يىلى قاراشەھەر تىنجىتىلىپ بۇ جايدا قاراشەھەر تۇتۇق مەھكىمىسىنى تەسىس قىلغانىدى. VII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، تۈبۈتلەرنىڭ تەسىر كۈچى غەربىي يۇرتقا سىڭىپ كىرگەچكە، 670 - يىلىغا كەلگەندە تۈبۈتلەر غەربىي يۇرتتا 18 ئايماقنى ئىشغال قىلىۋالدى. ھەمدە ئۇدۇن بىلەن بىرلىشىپ، كۇسەن بىلەن بارخانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئىشغال قىلىۋال-دى. بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى كۇسەن، ئۇدۇن، قاراشەھەر، سۇلى قاتارلىق جايلاردا تۆت قۇرغان تەسىس قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈبۈتلەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي چېتىنى تالىشىپ كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلغاچقا، قاراشەھەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. بولۇپمۇ «ئۆگىلۈك سۆيگۈن توپىلىڭى»دىن كېيىن تۈبۈتلەر ئەمدىلىكتە ئۇيغۇرلار بىلەن دۈشمەنلەشكەچ-كە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ئورنىنى ئىگىلىگەن ئۇيغۇرلار، تۈبۈتلەر بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلدى. «توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى «تۈبۈتلەرنىڭ قۇدرەتلىك قوشۇن-لىرى بىلەن تۆت Toxri قوشۇنلىرى ۋە باشقا نۇرغۇن جايلارنىڭ قوشۇنلىرىنى» ⑤ پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «تۆت Toxri» ئەمەلىيەتتە قاراشەھەرگە قارىتىلغان بولۇپ، ئەي-نى چاغدا قاراشەھەر مانى دىنىنىڭ شەرقتىكى دىنىي رايونىنىڭ

4 ـ تارقىتىش رايونىغا تەۋە ئىدى. ئاتىلىش جەھەتتىمۇ قەدىمكى
«Arsi» دېگەن نامدىن كەلگەن «يەنجى» نامىمۇ خەنزۇچە مەنبە-
لەردە كۆرۈلۈشتىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يېڭى بىر تارىخىي
نام — «سۇلمى» دېگەن نام ئىگىلىدى.
قاراشەھەرنىڭ سۇلمى دېگەن نام بىلەن كۆرۈلگەن دەۋرى
ئەمەلىيەتتە قاراشەھەرنىڭ توخرىلارنىڭ غەربكە كۆچۈش ۋەقەسى-
دىن كېيىنكى يەنە بىر يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويغانلىقىنىڭ
بېشارىتى ئىدى. بۇ دەۋردە ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەربكە كۆچ-
كەن 15 قەبىلىسىنىڭ پان تېكىن باشچىلىقىدىكى بىر تارمىقى
قاراشەھەر ئويمانلىقىغا كېلىپ ماكانلاشقانىدى. شۇنىڭدەك VI
ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاق تاغنىڭ ئېتىكىد-
گە كېلىپ ماكانلاشقان ئۆزلىرىنىڭ «ز» دىئالېكتىكىدا سۆزلە-
شىدىغان تارمىقىدىكىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، كەڭ ـ كۆلەملىك
مىللىي ئاسسىمىلياتسىيىگە ئاساس سالغانىدى. ھەمدە ئىدېئولو-
گىيە جەھەتتىمۇ بىرگەۋدىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرغانىدى. بۇ جە-
ھەتتىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلار زور بىر مۇقىم نىسپىي ۋەزىيەتنى
بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، يەرلىك خەلقا،رمۇ ئۇلارنىڭ مۇھىم
بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ناھايىتى روشەنكى
بۇ غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئاز كۆرۈلگەن ئەھۋال
بولۇپ، بۇنىڭدىن قەدىمكى «ئارسى» ئېلىنىڭ تارىخىي جەريانى
ۋە ئۇنىڭ داۋامىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى چۈشەن-
گىلى بولىدۇ.
قاراشەھەرنىڭ سۇلمى دېگەن نام بىلەن كۆرۈلگەن دەۋرى،
قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق جەريانى بولۇپ، بۇ
جەريان تاكى XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ زېمى-
نى چاغاتاي خانلىقى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغانغا قەدەر داۋاملاش-
تى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قاراشەھەر بىرمەھەل دوغلات جەمەتىگە
سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن «ئافتاپ رۇي» دېگەن زېمىنىنىڭ

تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، «XIV - XV ئەسىرلەردە ئىس-
لام دىنى بۇ جايغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن چالىش دەپ
ئاتالدى.» ⑥ مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر يازغان «تارىخىي رەشىدى-
يە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، «چالىش» دېگەن نام ئالا-
ھازەل تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆلۈپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ
تەختىنى دوغلات ئەمىرلىرىدىن بولا جىنىڭ ئىنىسى قەمىردىن
ئىگىلىۋالغان ۋاقىتلاردىلا مەۋجۇت ئىدى. يەنە شۇ مىرزا مۇھەم-
مەد ھەيدەر تەمىنلىگەن ئۇچۇرلاردا كۆرسىتىلىشىچە، قەمىردىن
تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىلياس خوجا باشلىق 18 ئوغلىنى ئۆلتۈرۈ-
ۋېتىپ، كىچىك ئوغلى خىزىر خوجىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بول-
غاندا، خىزىر خوجىنى بولاجىنىڭ ئايالى يەنى خۇدايداتنىڭ ئانى-
سى مىر ئاغا يوشۇرۇپ ساقلاپ قالغانىدى. بۇ ھەقتە مىر ئاغىنىڭ
خىزىر خوجىنى ناھايىتى سىر تۇتۇپ ساقلىغانلىقىغا ئائىت بىر
ھېكايە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

«تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى خىزىر خوجا
خان، قۇچاقتىكى چېغىدا، ئەمىر خۇدايداتنىڭ ئانىسى مىر ئاغا
تەرىپىدىن قەمىردىننىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىدىن قۇتقۇزۇپ
قېلىنغانىدى. خىزىر خوجاخان 12 ياشقا تولغان ۋاقىتىدا (ئۇنىڭ
يېقىنلىرى)، ئەمىر قەمىردىننىڭ داۋاملىق زەھەرلىك قول سې-
لىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇنى ئېلىپ قەشقەردىن ئايرىلغانىدى.
ئەمىر خۇدايدات بىرقانچە سادىق ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى ئۇنىڭغا
ھەمراھ قىلىپ بىرگە ئەۋەتمەكچى بولدى. بىراق، مىر ئاغا بۇ
پىلانغا قوشۇلماي، ......... شۇڭا ياتلارنى ئەۋەتىشكە بولىدۇكى،
ھەرگىز ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى ئەۋەتىشكە بولمايدۇ، دېدى. بۇ-
نىڭ بىلەن خۇدايدات 12 ئادەمنى ئۇنى قوغداپ مېڭىشقا ئەۋەتتى،
كېيىن بۇ 12 ئادەمنىڭ ھەممىسى ئەمىر بولدى. ئۇلارنىڭ نۇر-
غۇن ئەۋلادلىرى ھازىرغىچە ياشىماقتا. بۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە
بىرىنىڭ ئېتى ئارجىرراق ئىدى، ئۇ ئىتارجى ئەمىرلىرىنىڭ

ئەجدادى ھېسابلىنىدۇ. يەنە خارازملىق تاجارمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ
ئەۋلادلىرى خۇنزا ئەمىرلىرىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە
بىرى چالىش قەبىلىسىدىن بولغان سەئىد ئىدى، ئۇنىڭ ئەۋلادلى-
رىمۇ ئەمىر بولغانىدى، لەقىمى قوشچى ئىدى. لېكىن ئۇلارنى
يەنە بوكۇلداش (قېرىنداش) دەپمۇ ئاتىشاتتى. بۇ بىرقانچە ئادەم-
لەرنىڭ ھەممىسى ئەمىرلىك ئورنىغا ئېرىشكەنىدى. قالغانلىرىمۇ
ئۇلارغا ئوخشاش ئەمىرلىككە ئېرىشتى.» ⑦

دېمەك، يۇقىرىدىكى خاتىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، چا-
لىش دېگەن نام تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆلۈپ، خىزىر خوجا سىرتلاردا
سەرسان بولۇپ يۈرگەندە، يەر نامى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى
قەبىلە ياكى قوۋم نامى سۈپىتىدە كۆرۈلگەنىدى. «تارىخىي رەشى-
دىيە» نىڭ ئىنگلىزچە نەشرىنى تەييارلىغۇچىلىرى ئۇنى «قەبىلە
نامى» دەپ ئىزاھلىغانىدى. قارىماققا بۇ مۇھىم بىر يىپ ئۇچى-
دەك قىلىسىمۇ، مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ئېسەن بۇقاخان Ⅱ
توغرىسىدىكى يەنە بىر باياندا، «تۇرپان ۋە چالىش» دەپ يەر
نامى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغانىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن شۇنداق
دېيىشكە بولىدۇكى، «چالىش» قاراشەھەر ئويمانلىقىدا ياشاپ،
ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان قانداقتۇ بىر يەرلىك قوۋمنىڭ نامى
بولۇپ، ئېسەن بۇقاخان Ⅱ نىڭ ئوغۇل ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ دەۋرىگە
كەلگەندە يەر نامى سۈپىتىدە مەلۇم بولغانىدى. بۇ ۋاقىت ھىجرى-
يىنىڭ 873 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە يەنى مىلادىيەنىڭ
1468 ـ 1469 ـ يىللىرى ئۆپچۆرىسىگە توغرا كېلىدۇ.

قاراشەھەرنىڭ «چالىش» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان دەۋرى
بۇ جايدا جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئورنىتىلغانلى-
قىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭغىچە ناھايىتى ئۇزاق جەرياد-
نى باشتىن كەچۈرگەنىدى. بۇ جەرياندا قاراشەھەر خىزىر خوجا
تەرىپىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ
«بېشبالىق» نامىدىكى گەۋدىسىنىڭ ئەمەلىي ئىگىدارچىلىقىدا

بولدى. كېيىن بۇ ھاكىمىيەتنىڭ داۋامى بولغان «ئىلبالىق» ۋە
تۇرپان سۇيۇرغاللىقى تەرىپىدىن ئوخشىمىغان نۇقتىدىن كونترول
قىلىنغان بولسىمۇ، يەرلىك خەلقلەرنىڭ تەركىبىدە ئۆنچىۋالا
كۆپ ئۆزگىرىش بولمىغانىدى. چاغاتاي سۇيۇرغاللىقىغا قاراشلىق
موغۇل قوۋملىرىمۇ ئاساسەن يەرلىكلىشىپ، خۇددى پەخىرلىك
تارىخشۇناسىمىز مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر ئېيتقاندەك ئەمدىلىككە
كەلگەندە ئۆزلىرىنى قايتا «موغۇل» دەپ ئاتاشتىنمۇ خىجىل
بولۇپ قالىدىغان بولغانىدى. لېكىن ئوخشىمايدىغىنى شۇكى،
«تارىخىي رەشىدىيە» نىڭ ئىنگلىزچە نەشرىنى تەييارلىغۇچىلار
ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىن دائىرىسىنى تىلغا ئېلىپ كېلىپ، «شىمال
تەرەپتە تەڭرى تاغ تىزمىسىنىڭ ئارىلىقلىرى بىلەن يۇلتۇز دەريا
ۋادىلىرى ئەتراپىنىڭ XVI ئەسىردىكى ئاھالىلىرى پۈتۈنلەي ئويرات-
لار يەنى قالماقلار بولۇشى كېرەك، بەلكىم ئۇزۇندىن بېرىلا
شۇنداق بولۇشى مۇمكىن» ⑧ دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنداق قاراش
ئىلمىي ئاساسسىز پىكىر بولغانلىقى ئۈستىگە، ئويراتلارنىڭ تەڭ-
رى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە قاچانلاردىن باشلاپ كەلگەنلىكىگە
دىققەت قىلىنمىغانىدى.

شاھ مەھمۇد جۇراس يازغان «تارىخ» بىلەن موللامىر سالىھ
يازغان «چىڭگىزنامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئابدۇرەشىتخاننىڭ
كىچىك ئوغلى ئابدۇرېھىمخان .مۇھەممەتخان ۋە ئۇنىڭ ئوغلى شۇ
جايدىن ئەخمەتخان (1609/10—1619/20) نىڭ دەۋرىدە ئۆزىگە
سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن تۇرپان بىلەن چالىش رايونىدا ئىككى
نۆۋەت ئويراتلار بىلەن ئۇچراشقانىدى. بىرىنچى نۆۋەتتە تۇرپانغا
يېتىپ بېرىپ، ئويراتلارنىڭ ياردىمىنى ئالغان قۇرەيىش سۇلتان-
نىڭ ئوغلى خۇدا بەندى سۇلتانغا قارشى تۇرغانىدى. ئىككىنچى
نۆۋەتتە بولسا چالىشتا ئويراتلاردىن ياردەم سورىغان مۇھەممەدخان-
نىڭ نەۋرىسى مۇھەممەد ھاشىم سۇلتانغا قارشى تۇرۇپ، ئۇنى
كۆزدىن يوقاتقانىدى. دېمەك، بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى،

جۇڭغارلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى بولغان ئويراتلارنىڭ قاراشەھەر-
نىڭ شىمالىدىكى يۇلتۇز ۋادىسىغا كۆچۈپ ماكانلىششى، ئەڭ
بالدۇر بولغاندىمۇ يەركەن خانلىقىنىڭ خانى شۇ جائىدىن ئەخمەت-
خاننىڭ سەلتەنەت دەۋرى بولغان XVII ئەسىرنىڭ 10 ـ ۋە 20 ـ
يىللىرى ئارىلىقىدا ئەمەلگە ئاشقان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇ
ئۇلارنىڭ شۇنىڭدىن باشلاپ، هازىرقى قاراشەھەردە ماكانلىشىپ،
جۇڭغار خانلىقىنىڭ شۇ جايلاردىكى هۆكۈمرانلىقىغا ئاساس سال-
غانلىقىدىن دېرەك بەرمەيتتى. ئەھۋال دەل شۇنداق ئىكەن،
ئۇنداقتا جۇڭغار خانلىقىنىڭ قاراشەھەر رايونىغا قاراتقان هۆكۈم-
رانلىقى زادى قاچاندىن باشلاپ ئورنىتىلغان؟!

جۇڭغار خانلىقىنىڭ قاراشەھەرنى ئىگىلىشى، ئويراتلارنىڭ
يۇلتۇز ۋادىسىدىكى كېيىنكى تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز
ئىدى. ئۇلار يەركەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇللا ۋە ئىسمايىلخان
ھەم جۇڭغار خانلىقىنىڭ خانلىرىدىن سېڭگى ۋە غالداننىڭ دەۋرى-
دىمۇ داۋاملىق يۇلتۇز ۋادىسىدىن قاراشەھەرگە قاراپ كېڭەيمىگە-
نىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر ناملىرى ئىلمي نۇقتىسىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندىمۇ، «يۇلتۇز» دېگەن سۆز ئويراتلار قاراشەھەر ۋە يۇل-
تۇز ۋادىسىغا كېلىشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن،
تارىخنامىلەردە بۇ نام «膺娑» (يىڭشا) دەپ تىلغا ئېلىنغان
بولۇپ بۇ ھەقتە «سۈينامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دە «جۇر-
لۇق قاغاننىڭ مۇقىم تۇرۇشلۇق ئورنى يوق، كۆپىنچە ئۇسۇنلار-
نىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرىدا تۇراتتى، ئۇ ئىككى كىچىك قاغاننى
تەختكە چىقىرىپ، شۇلار ئارقىلىق قوۋملىرىنى بۆلۈپ ئىدارە
قىلغان، قاغانلارنىڭ بىرى شاشىنىڭ شىمالىدا تۇرۇپ، شۇ جايدى-
كى غۇزلارنىڭ ئېلىنى ئىدارە قىلغان، يەنە بىرى كۇسەننىڭ
شىمالىدا تۇراتتى، بۇ جاي يىڭپۇ (膺婆) دەپ ئاتىلات-
تى» ⑨ دېيىلگەن. بۇنىڭدىكى جۇرلۇق قاغان ستەمى قاغاننىڭ
ئەۋلادىدىن بولغان يانسۇ تېكىننىڭ ئوغلى نېيۋات چۇرلۇق قاغاند-

دى. يىڭپو ( 膺婆 ) بولسا « 膺婆 » نىڭ خاتا يېزىلىپ قېلىشى ئىدى. ليۇيىتاڭ ئەپەندى ئۇنى «كۇسەننىڭ شىمالىدا، يۇلتۇز (Yülduz) ۋادىسى دەپ ئاتىلىدۇ» ⑩ دەپ كۆرسىتىدۇ. يۇلتۇز ۋادىسىنى يەنە 1389 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا ئاقساق تۆمۈرلەڭنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، چالىش ۋە يۇلتۇز ۋادىسىغىچە بارغان شەرىپىددىن ئەلى يەزدىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۆۋەندىكىدەك تەرىپلەپ يازغاندى:

«يۇلتۇز ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەل ۋە كۆكلۈللۈك جاي ئىكەن، بۇ جايدا نۇرغۇنلىغان ياخشى بۇلاقلار بولغاچقا، مال بېقىش بىلەن ئادەملەرنىڭ تۇرۇشىغا ناھايىتى قولايلىق ئىكەن. ئۇنىڭ نامىمۇ بۇ گۈزەل بۇلاقلارنىڭ نامىغا ئاساسەن، «سەھەردىكى يۇلتۇز» دېگەن مەنىدە «يۇلتۇز» دەپ ئاتالغانىكەن. بۇ جاينىڭ ئوت ـ چۆپلىرى ئىنتايىن بولۇق ھەم قۇۋۋەتلىك بولغاچقا ئورۇق ئاتمۇ بىر ھەپتىلا يايلىسا، سەمرىپ، كۈچلىنىپ كېتىدىكەن.» ⑪

دېمەك، شەرىپىددىن ئەلى يەزدى ئاقساق تۆمۈرلەڭنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە يۇلتۇز ۋادىسىغا بارغاندا، ئۇنىڭغا ئەڭ تەسىر قىلغىنى، بېشبالىق ھاكىمىيىتىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بولماستىن، بەلكى يۇلتۇز ۋادىسىنىڭ كۆركەم مەنزىرىسى ئىدى. يەنە كېلىپ، ئۇ چاغلاردا ئويراتلاردىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ بالدۇر ئىدى. «يۇلتۇز» سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ، بۇ جايدىكى ئوتلاقلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇلاق سۇلىرىنىڭ يۇلتۇزلاردەك توختىماي جىمىرلاپ ئېقىشىغا تەقلىد قىلىپ ئېيتىلىشىدىن كەلگەنىدى. شۇ سەۋەبلىك چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شۇسوڭ «يۇلتۇز ـ ئويغۇر تىلىدىكى سۆز بولۇپ، يۇلتۇز ( 星 ) دېمەكتۇر. چۈنكى دەريانىڭ مەنبەسى خۇددى يۇلتۇزلارغا ئوخشايدىغان بۇلاقلاردىن باشلىنىدۇ» ⑫ دەپ

تەبىر بەرگەنندى.

ئەمدى يۇلتۇز ۋادىسىغا XVII ئەسىرنىڭ 10 ــ ۋە 20 ــ يىللىرى ئارىلىقىدا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان ئويراتلارغا كەلسەك، «ئويراتلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇلار ئويرات قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى خويىتلار ئىدى. «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، خوشۇت، جۇڭغار، تورغۇت، دۆربىت قەبىلىلىرىنىڭ كۈچلىرى پەيدىنپەي زورايدى، ئەمما خويىتلار بولسا كۈندىن ــ كۈنگە ئاجىزلاپ كەتتى.» ⑬ بۇ مۇقەررەر ھالدا قالغان ئويرات قەبىلىلىرىنىڭ چەتكە قېقىشىنى، بولۇپمۇ جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ يەكلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقتىن، خويىتلار مۇستەقىل قەبىلىگە ئايلىنالمىغانلىقى ئۈستىگە، بىر قىسىملىرىنىڭ يۆتكىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئاساسىي قىسمى تارباغاتايدا تۇرۇپ قېلىپ، دۆربىتلەرگە تەۋە بولغاندىن تاشقىرى، شۇ چاغدا بىر قىسمى، ئۇزلىرىنىڭ XVI ئەسىرنىڭ 70 ــ يىللىرىدىكى مەشھۇر يول باشچىسى ئېسىلبېي قىيانىڭ نەۋرىسى سۇلتان نەيشىنىڭ باشچىلىقىدا يۇلتۇز ۋادىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى. شاھ مەھمۇد جوراس تەمىنلىگەن بەزى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، ئۇلار بىلەن يەركەن خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش بىرقانچە قېتىملا كۆرۈلگەن بولۇپ، ئاساسەن چالىشتىكى ئاھالىلەر بىلەن بىرقەدەر تىنچ ئۆتكەنىدى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئۇلار جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردىن بىر قەدەر يىراقراق جايغا بېرىپ ئورۇنلاشقاچقا، جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئۇلارغا قاراتقان كونتروللۇقى سەل بوشراق ئىدى. گاھىدا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا قاراتقان بۇلاڭچىلىقىغا ئاۋاز قوشسا، گاھىدا قارشى سەپكە ئۆتۈۋالاتتى. مەسىلەن، جۇڭغار خانلىقىنىڭ خانى سېڭگى ئاشكارا ھالدا يەركەن خانلىقىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، يولۋاسخاننى تەختكە

چىقارماقچى بولغاندا، يۇلتۇز ۋادىسىدىكى خويىتلارنىڭ ئاتامانى سۇلتان تەيشى ئىسمايىلخاننىڭ تەختكە چىقىشىنى قوللاپ، ئىسمايىلخان تەرەپتە تۇرغانىدى. بۇنىڭدىن ئايانكى ئىسمايىلخاننىڭ سەلتەنەت دەۋرىدىمۇ يۇلتۇز ۋادىسىدىكى ئويراتلار بىلەن چالىشنىڭ يەرلىك ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرقەدەر مۇقىم تىنچ ۋەزىيەت ئورنىتىلغانىدى. يەنى ئىلگىرى ئۇلار بىلەن يەركەن خانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەزى سۈركىلىشلەر بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەتنىڭ ئورنىنى دوستلۇق كەيپىياتى ئىگىلىگەنىدى. قارىماققا بۇنى ھېس قىلىش بىرقەدەر قىيىندەك بولسىمۇ، بۇ نۇقتىنى بىز شاھ مەھمۇد جوراس ئېيتقان «ئابدۇللاخان ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ پايتەختى بىلەن خوشلىشىپ، ھىندىستان يولىغا راۋان بولدى… ئەنۋەربەگ باشچىلىقىدا ئاقسۇ ئەمەلدارلىرى بىرلىشىپ، يىلداڭ تەيجىگە كىشى ئەۋەتتى، مەزمۇنى مۇنداق: ئىسمايىلخاننى ئاقسۇغا ئەكەلسۇن» ⑭ دېگەن سۆزلەردىن تامامەن چۈشىنىۋالالايمىز. شۇنىڭدەك خويىتلارنىڭ ئاتامانى سۇلتان تەيشىنىڭ «يىلداڭ تەيجى» دەپ ئاتىلىشىمۇ، ئۇنىڭ يەركەن خانلىقىنىڭ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ نەزىرىدىكى ئويلىمىغان يەردىن پەيدا بولىدىغان ياكى ھەرىكىتىنىڭ «يەلدەك» تېز ئىكەنلىكىگە ئاساسەن شۇنداق دەپ ئاتىلىپ قالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك ئىدى. ھالبۇكى جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختكە غالدان چىققاندىن كېيىنكى ئەھۋال بولسا تامامەن باشقىچە بولۇپ، ئېھتىمال يۇلتۇز ۋادىسىدىكى خويىتلارمۇ باشقا ئويرات قەبىلىلىرىگە ئوخشاش، پۈتۈنلەي غالداننىڭ ئەمر - پەرمانلىرىغا بويسۇنغان بولۇشى مۇمكىن.

يۇلتۇز ۋادىسىنىڭ غالدان تەرىپىدىن تىزگىنلىنىشى، قارا شەھەر رايونىغىمۇ زور خەۋپ ئىدى. لېكىن غالداننىڭ يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىش پىلانىنىڭ ئاۋۋال يەركەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى سۇيۇرغاللىقىدىن باشلانغانلىقىدىن قارىغان-

دا، ئەزەلدىن «تۇرپان، چالىش» دېگەن نام بىلەن بىرگەۋدە
بولۇپ كېلىۋاتقان قاراشەھەر، 1678 - يىلى تۇرپان بويسۇندۇ-
رۇلغاندىلا، ئاللىقاچان ئۆز سالاھىيىتىدىن قالغانىدى. تەركى-
دۇنياچى نەقشىبەندىچىلەرنىڭ تۇمانلىرىدا قالغان يەركەن ھۆكۈم-
رانلىرىمۇ، بۇ ئەھۋالغا قارىتا بىرەر تەدبىر قوللانمىغانىدى. شۇ
سەۋەبتىن 1680 - يىلى غالدان تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا كەڭ
- كۆلەمدە يۈرۈش قىلغاندا، قاراشەھەر قارشىلىقسىز ئىگىلەنگەن
جايلارنىڭ ئالدىنقى نامزاتى سۈپىتىدە، ھەممىدىن بۇرۇن جۇڭغار
خانلىقى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىپ، يېڭى بىر تارىخي
قىسمەتنى كۈتۈۋالدى.

قاراشەھەرنىڭ جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىل-
غان دەۋردىكى يېڭى قىسمىتى، قاراشەھەرنىڭ ئىلگىرىكى ئاگ-
نى، سۈلمى، چالىش دېگەن ناملار بىلەن كۆرۈلگەن تارىخي
جەريانىغا زادىلا ئوخشىمايدىغان بىر جەريانى بولۇپ، شۇنىڭدىن
كېيىن «چالىش» دېگەن نامىمۇ ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلۇپ كېتىل-
دى. ئۇنىڭ ئورنىنى ئارىدىن ئاز كەم يېرىم ئەسىر ۋاقىت
ئۆتكەندىن كېيىن يېڭى بىر تارىخي نام «قاراشەھەر» دېگەن نام
ئىگىلەپ، بۇ رايوننىڭ تارىخىدا باشقىچە بىر سەھىپە ئاچتى.
بىزنىڭ بۇ يەردە تىلغا ئالىدىغانلىرىمىزمۇ پەقەت جۇڭغارخانلىقى
ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاشۇ يىللار مابايىنىدىكى قاراشەھەرنىڭ
تارىخىدىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدىكى
ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جۇڭغار خانلىقىنىڭ قاراشەھەرگە قاراتقان ھۆكۈمرانلىقى،
تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى باشقا جايلارغا ئوخشاش، دەسلەپ
غالدان يۈرگۈزگەن «ۋاكالىتەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش» ئۇسۇلى
بىلەن باشقۇرۇلغانىدى. موللا مىر سالىھ قەشقىرى يازغان «چىڭ-
گىزنامە» دىكى ئايرىم دەلىللەرگە ئاساسلانغاندا، غالدان تەڭرى
تېغىنىڭ جەنۇبىنى بويسۇندۇرغاندا، ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى يۈرۈ-

شىگە زور ياردەم قىلغان يەركەن خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسىم سۈيۈرغاللىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن بابىخانىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەتئىمىنگە تۇرپانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بەرگەنىدى. «چىڭ ئوردىسىنىڭ شېڭزۇ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» دە كۆرسە-تىلىشىچە، مۇھەممەتئىمىن شەرقىي قىسىمغا قايتىپ، تۇرپان-نىڭ ھۆكۈمرانى بولغاندا، چىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، شەرقىي قىسىمنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرغانىدى. بۇنىڭدىكى شەرقىي قىسىمنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىش، ئەمەلىيەتتە ئەزەل-دىن تۇرپان رايونى بىلەن بىرگەۋدە بولۇپ كەلگەن چالىش يەنى قاراشەھەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ قارا شەھەردىكى پۇقرالارنىڭ يەركەن خانلىقىنىڭ باشقا جايلاردىكى پۇقرالىرىغا ئوخشاش جۇڭغار خانلىقى ئۈچۈن ئېغىر ئىقتىسادىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆتۈشى ھەممىگە ئايان پاكىت ئىدى. لېكىن 1682 - يىلى يەركەن خانلىقىنىڭ تەختىگە ئاپئاق خوجىنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈشى بىلەن تەختكە چىققان مۇھەممەتئىمىننىڭ دەۋ-رىدىن باشلاپ خانلىق دائىرىسىدە نىسپىي مۇستەقىللىق ۋەزىيەت كېلىپ چىقتى. گەرچە ئۇنىڭ دەرىجىسى دەسلەپ ئۇنچىۋالا گەۋ-دىلىك بولمىسىمۇ، 1688 - يىلى غالدان پۈتۈن كۈچى بىلەن شەرقىي مۇڭغۇللارنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلانغاندا كۆرۈلۈپ، ئۇن يىلدىن ئارتۇق ئۆز ئالدىغا ئايرىم بولۇش ھالىتىگە قايتتى. بۇ جەرياندا قاراشەھەرنىڭ تۈزۈلمىسىدىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى.

1700 - يىلى سېڭگىنىڭ ئوغلى سىۋان راپتان جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىنى قايتا ئىگىلىگەندە، ئۇ غالداننىڭ دەۋرىدىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمە-سىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، ھەربىر شەھەرگە بىردىن ھاكىم-بەگ تەيىنلىگەنىدى. ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن قاراشەھەرمۇ مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. لېكىن قاراشەھەرنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىش-

لەر جۇڭغار خانلىقىغا مانا مۇشۇ سىۋان راپتان ھۆكۈمرانلىق
قىلغان دەۋر (1727 ـ 1697) دە كۆرۈلگەنىدى. ئەينى مەزگىل-
دە جۇڭغار خانلىقى چىلڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچلىرىنىڭ شەرقىي
شىنجاڭ رايونىغا سىڭىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يەنە
تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنى قاراشەھەرگە كۆچۈرگەنىدى. بۇ ۋەقە
چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىغاچقا، بىر
قەدەر ئەھمىيەت بېرىپ، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆچۈپ بارغان
ئورنىنى «چالىش» دەپ تىلغا ئالماي «قاراشەھەر» دەپ تىلغا
ئالغانىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى «قاراشەھەر» دېگەن
نامنىڭ ئوتتۇرىغا چىققان ۋاقتى چىڭ سۇلالىسى تەڭرى تېغىنىڭ
جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئاتلانغان 1757 ـ يىلى بولماس-
تىن، بەلكى سىۋان راپتان تۇرپان رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنى قارا
شەھەرگە مەجبۇرىي كۆچۈرگەن 1720 ـ 1721 ـ يىللارنىڭ
ئالدى ـ كەينى ئىدى.
جۇڭغار خانلىقى تەرىپىدىن قاراشەھەرگە كۆچۈرۈلگەن بۇ
ئاھالىلەر قاراشەھەردە ئانچە ئۇزاق تۇرمىدى. ئۇلار ھەدېسىلا ئۆز
يۇرتلىرىغا قايتىپ كەتكەچكە، سىۋان راپتان ئۇلارنى يەنە قاراشە-
ھەردىن تېخىمۇ يىراق بولغان ئۈچقا كۆچۈرگەنىدى. بۇ تەبىئىيكى
قاراشەھەرنىڭ ئەسلىدىكى يەرلىك ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا خا-
تىرجەمسىزلىك ئېلىپ كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ تەركىبىدە زور دا-
ۋالغۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قاراشەھەر-
نىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى ئازلاپ كەتسە كەتتىكى، ھەرگىز كۆپەي-
مىدى. قاراشەھەرنىڭ بۇ مەزگىلدىكى يەرلىك ئاھالىلىرى توغرى-
سىدا «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىنى چۈشەندۈ-
رۈپ ئىزاھلاش» دا بىرقەدەر ئىشەنچلىك خاتىرە قالدۇرۇلغان
بولۇپ، ئۇنىڭدا «قاراشەھەر ئەسلى لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ-
رۇنقى ماكانى ئىدى» [15] دېيىلگەن. قارىماققا بۇ سۆز شۇنداقلا
دېيىلىپ قالغاندەك بىلىنسىمۇ ئۇنىڭدا مۇھىم بىر مەسىلە يەنى

سۋان راپتاننىڭ دەۋرىدە ئويرات چارۋىچىلىرىنىڭ قاراشەھەرگە كەڭ ـ كۆلەمدە كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىملىقلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنداق بولغاندا، بەزى ئەسەرلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان: «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، ئويرات موڭغۇللىرىدىن بولغان غالدان تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي بىلەن شىمالىنى بېسىۋالغاندا، قاراشەھەرنىمۇ ئىشغال قىلىۋې-لىپ، ئۆزلىرىنىڭ مال باقىدىغان جايلىرىغا ئايلاندۇرۇۋالغان» ⑯ دېگەن ھۆكۈمنىڭ سەل بالدۇر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئويرات چارۋىچىلىرىنىڭ قاراشەھەرگە كېلىپ ماكانلى-شىشى، سۋان راپتاندىن كېيىن تەختكە چىققان غالدان سېرىن-نىڭ دەۋرى (1727 ـ 1745) دە يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق دەپ قاراشتىكى سەۋەب شۇكى، غالدان سېرىنىمۇ ئوخ-شاشلا ئاتىسى سۋان راپتاننىڭ سىياسىتىنى يۈرگۈزگەچكە، چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغار خانلىقىنىڭ شەرقىي شىنجاڭ رايونىدىكى زىددىيىتى تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتكەنىدى. گەرچە غالدان سېرىن تۇرپان ۋە قۇمۇل رايونىغا قارىتا بىرقانچە قېتىم ئۆچ ئېلىش خاراكتېرلىك ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغان بولسى-مۇ، ھەممىسىدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانىدى. بۇ جەرياندا ئۇ چىڭ سۇلالىسى بىلەن داۋاملىق تىركىشىش ئۈچۈن بىر قەدەم چېكىنىپ، ئاتىسى تۇرپان ئاھالىلىرىنى كۆچۈرگەن قاراشەھەرنى بىر قەدەر مۇھىم دەپ بىلدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ 1737 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئالتاي تېغىنى پاسىل قىلىپ، سۇلھى تۈزگەنگە قەدەر قاراشەھەرگە ئويرات ئاھالىلىرىدىن ئىككى ئوتۇخ (Otox) بىرلىكتىكى نوپۇسنى كۆچۈردى. شۇسۇڭنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا قاراشەھەرگە كۆچۈرۈلگەن بۇ ئويرات

ئاھالىلىرى غالدان سېرىنغا بىۋاستە قاراشلىق جۇڭغار قوۋمىدىن بولۇپ، «قاراشەھەر شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ ماكانلىرىغا ئايلاندى.» [17] قاراشەھەرگە كۆچۈپ بېرىپ ماكانلاشقان بۇ ئىككى ئوتوخنىڭ نامى تارىخى ماتېرىياللاردا ئايرىم - ئايرىم ماقاس (Maqas) ۋە شىراس (Siraš) دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ماقاسنىڭ قارمىقىدا 5 مىڭ تۈتۈن، شىراسنىڭ قارمىقىدا 3 مىڭ تۈتۈن بار ئىدى. ئۇلار «قاراشەھەردىكى قايدۇ دەرياسىنىڭ غەربىدە ئولتۇراقلاشقانىدى» ھەتتا كېيىنچە تېخىمۇ كېڭىيىپ كورلىدىكى ئاھالىلەرنىمۇ ئەنسىزلىككە سالغانىدى.

ئۇنداق بولسا يەنە جۇڭغار قوۋملىرى قاراشەھەرگە كۆچۈشىنىڭ ئالدى ۋە كەينىدە بۇ جاينىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى قايسى جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن؟ بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئىلگىرىكىلەردىن ئىزدىنىش ئېلىپ بارغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىمدىن خاتىرە»دە مۇبەمەللە قىلىپ، «قاراشەھەر ئەسلى ئۇيغۇرلارنىڭ شەھىرى ئىدى.» مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى «جۇڭغارلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىگە تايىنىپ، ئۇ جايلارنى مەجبۇرىي ئىگىلىۋېلىپ، مال باقىدىغان ئوتلاقلارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ئۆزلۈكسىز ئۇلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ، ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ، قاچىدىغانلىرى قېچىپ، زېمىنلىرى بوش قالغان» [18] دېيىلگەن. شۇنداقتىمۇ «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»دە بېرىلگەن كورلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاراشەھەردىكى جۇڭغارلارنىڭ تەھدىتى تۈپەيلىدىن 1756 - يىلى توختى ماموت دورغىنىڭ باشچىلىقىدا لوپنۇرغا كۆچۈپ بېرىپ پاناھلانغانلىقى ۋە «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئىزاھلاش»دا خاتىرىلەنگەن «قاراشەھەر ئەسلى لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇرۇنقى ماكانلىرى ئىدى» دېگەن ئۇقۇمغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئاھالىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ لوپنۇر تەۋەسىگە قېچىپ بېرىپ جان ساقلىغانلى-

قىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

بۇ خىل ھالەت قارا شەھەردە تاكى 1756 ـ 1757 ـ يىللار ئۈپچۈرىسىگىچە داۋام ئەتكەندى. ئاندىن كېيىن بۇ جاي جۇڭغار خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتۈش، يېڭى بىر يۈزلىنىشتىن دېرەك بەرسىمۇ، ئەمما چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى بۇ جاينىڭ سىۋان راپتانىنىڭ دەۋرىدىن تارتىپ دۇچ كەلگەن ھەر خىل قىسمەتلىرىنى ياخشى ئىگىلىگەچكە تاشلىۋېتىپ قاراپ تۇرمىدى. ئەكسىچە، بۇ جاينىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورنىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئالدى بىلەن كونا شەھەرنى رېمونت قىلىپ، تارقىلىپ كەتكەن يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئىز ـ دېرىكىنىڭ تەرەددۇتىنى قىلدى. بۇ ھەقتە «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئىزاھلاش» تا مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

«چېگرىنى تىنجىتقۇچى سانغۇن جاۋخۇي قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنى تىنجىتقاندىن كېيىن مەكتۇپ يوللاپ، ئىلىدا ئۇزاق تۇرغان، لېكىن ئوغرىلارغا ئەگەشكەن بېزىرگان دەپ ئاتالغان سودىگەرلەر، تارىئانچىن دەپ ئاتالغان يەر تېرىيدىغانلار، ئۇشاق دەپ ئاتالغان ئۇرۇش قىلالمايدىغانلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل تاغلىق ئۇيغۇرلارنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، (قاراشەھەرگە) ئورۇنلاشتۇرماقچى بولدى. يەنە داۋاملىق بۇرۇنقى ئورۇنلىرىدىن باشقا شەھەرلەرگە تارقىلىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇلارنىمۇ قايتۇرۇپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرماقچى بولدى. چوڭ قوشۇن زەپەر قۇچقاندىن بۇيان چاقىرتىپ كەلگەنلەرنى بوز يەر ئاچقۇزۇپ، ئىككى ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇردى. ھەمدە كونا شەھەرنى رېمونت قىلىپ، قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئەمەلدار ۋە ئەسكەرلەرنى تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىدە ئىككى دەرۋازا ئاچتى. دائىرىسى ئۈچ چاقىرىمدىن ئاشاتتى.» ⑲

دەرۋەقە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى دائىرىلىرىنىڭ

قاراشەھەردە يولغا قويغان بەزى سىياسەتلىرى راستىنلا ئۈنۈم
بېرىپ، چىيەنلۇڭنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە، قارا شە-
ھەرنىڭ تارقىلىپ كەتكەن ئاھالىلىرىدىن 1330 تۈتۈن، 5390
نوپۇس توپلانغانىدى. جىياچىڭنىڭ دەۋرى (1796 ـ 1821) گە
كەلگەندە كۆپىيىپ 1377 تۈتۈن، 11.920 نوپۇسقا يەتكەنىدى.
بۇ ۋاقىتتا قاراشەھەر تەۋەسىدىكى ئويرات پۇقرالىرىنىڭ نوپۇسى-
دىمۇ زور ئاۋۇش يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلار 1771 ـ يىلى
ۋولگا دەريا بويىدىن كۆچۈپ كېلىپ، يۇلتۇز ئەتراپىغا ئورۇنلاش-
قان تۇرغۇنلار بىلەن 1773 ـ يىلى شەرقتە ئۇششاقتالدىن جەنۇبتا
قايدۇ دەرياسىغىچە، غەربتە كىچىك يۇلتۇزغىچە، شىمالدا چاغان
تۇڭگا تېغىغىچە بولغان جايلاردا ئولتۇراقلاشقان خوشۇتلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالاتتى. ئەسلىدىكى غالدان سېرىننىڭ دەۋرىدە قاراشە-
ھەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقان جۇڭغار قوۋمىنىڭ ئىككى ئوتۇغى
بولسا، 1757 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تەگرى
تېغىنىڭ جەنۇبىنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلانغاندىلا ئاللىقاچان، باشقا
جايلارغا كېتىپ قالغانىدى.

يۇقىرىدا بىز جۇڭغار خانلىقىنىڭ قاراشەھەر بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتىگە دائىر مەزمۇنلارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئۇلاردا قاراشە-
ھەردە ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئۆزگىرىشلەر
بىلەن قاراشەھەرنىڭ تۈزۈلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئەكس ئەتكە-
نىدى. بۇ ئارقىلىق شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، قاراشە-
ھەرنىڭ «سۇلمى»، «چالىش» دېگەن نام بىلەن كۆرۈلگەن جەر-
يانى ئەمەلىيەتتە «ئاگنى» دېگەن نامدىكى ئاتىلىش جەريانىنىڭ
داۋامى ئىدى. بۇ جەريان كېيىن «لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ماكا-
نى» ياكى «ئۇيغۇرلارنىڭ شەھىرى» دېگەن جەريان بىلەن داۋام-
لىشىپ، تەخمىنەن جۇڭغار خانلىقىغا غالدان سېرىن ھۆكۈمران-
لىق قىلغان دەۋر (1727 ـ 1745) دە ئۈزۈلۈپ قېلىپ، چىڭ
سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە

قايتا يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا،
چىڭ سۇلالىسى قاراشەھەرنىڭ ئەسلىدىكى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت
تىپىگە مەلۇم جەھەتتىن ئەھمىيەت بەرگەن دېيىشكە بولىدۇ.

قاراشەھەر رايونىنىڭ جۇڭغار قوۋملىرى كۆچۈپ كېلىشىنىڭ
هارپىسىدىكى ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىگە كەلسەك، بۇ جاي
ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىزچىللىقى ئاساسىدا ھەم
دېھقانچىلىقى ھەم چارۋىچىلىقى ۋە باغۋەنچىلىكى تەرەققىي تاپقان
ئاۋات بىر شەھەرگە ئايلانغانىدى. بولۇپمۇ بۇ جاينىڭ سۇ مەنبە-
سىنىڭ تولۇق، ئوت ـ چۆپلىرىنىڭ ئەلۋەك بولۇشى، بۇ جايدا
ياشىغان خەلقلەرنى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى-
نى راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتكەنىدى. بىراق
جۇڭغار قوۋملىرى قاراشەھەرگە كۆچۈپ كەلگەن مەزگىلدە يۈز
بەرگەن بەزى سۇنئىي ئاپەتلەر بۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيەت
تىپىدا مۆلچەرلىگۈسىز ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىپ، يەرلىك
ئاھالىلەرنىڭ يۇرت ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ كېتىش ۋەقەسىنى
كەلتۈرۈپ چىقاردى. «غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي تەپسىراتى» دا
خاتىرىلىنىشىچە، قاراشەھەر ئەسلى «ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ
كۆپلۈكى، مېۋىلىك دەرەخ ۋە زىرائەتلىرىنىڭ ياخشىلىقى، دالى-
لىرىنىڭ كەڭ ۋە چەكسىزلىكى بىلەن ھەقىقىي باياشات ماكان
دەپ تەرىپلەنگەندى.» [20] دېمەك، بۇ خاتىرىدىن ئايانكى،
XVIII ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئىلگىرى، قارا-
شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيەت تىپىدا، دېھقانچىلىق بىلەن باغ-
ۋەنچىلىكى تەرەققىي قىلغان، چارۋىچىلىقى زور ئاساسقا ئىگە
بولغان، ئۈچ خىل ئىگىلىك شەكلى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى.

قاراشەھەرنىڭ بۇ خىل ئىگىلىك شەكلى، قارا شەھەر رايو-
نىنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەل-
گەن بولۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى قاراشەھەرنىڭ ئىش-
لەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىدا مۇھىم سالماقنى تەشكىل قىلغانىدى.

يەنە كېلىپ بىز بۇ نۇقتىنى «غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» دە چۈشەندۈرۈلگەن «قاراشەھەر» ( 哈喇沙 ) توغرىسىدىكى «شەر ئۇيغۇر تىلىدا شەھەر دېگەنلىكتۇر. شەھەرنىڭ سېپىلى قارا بولغاچقا شۇڭا قارا شەھەر دەپ ئاتالغان» ㉑ دېگەن تەبىرىدىنمۇ روشەن كۆرۈۋالالايمىز. بۇ چۈشەنچە قاراشەھەرنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە بېسىپ ئۆتكەن جەريانلىرىغىمۇ تامامەن ماس كېلىدۇ. شۇڭا قاراشەھەر دېگەن نامنى جۇڭغار قوۋملىرى قاراشەھەرگە كەلگەندىن كېيىنكى ئىقتىسادىي مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈش ㉒ بۇ جاينىڭ شۇ چاغدا قانداق ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەسلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

### ئىزاھلار:

① «خەننامە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 849 - بەت.

② E. Siege «توخرى تىلىنىڭ ئەسلى نامى» SPAW، 1918 - يىل نەشرى 560 - بەت، خۇاڭ شېڭجياڭ يازغان «ئاتالمىش توخرى تىلى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارىخ جۇغراپىيە ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى توغرىسىدا مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «غەربىي يۇرت تارىخ مەجمۇئەسى» 2 - كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 - يىل خەنزۇچە نەشرى 248 - بەت.

③ چۈەن بو چۈەن «ۋۇشىلارنىڭ كۆچۈشى ۋە ئاگنى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى» ، «گەنسۇ مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1997 - يىللىق 2 - سان.

④ گو شىلياڭ «خەنزۇچە خەتلەرنىڭ قەدىمكى فونېما قوللانمىسى» بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى 199 - بەت.

⑤ خۇاڭ شېڭجياڭ يازغان «ئاتالمىش توخرى تىلى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارىخ جۇغراپىيە ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى توغرىسىدا مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

⑥جى شيەنلىن قاتارلىقلار ئىزاھلاپ نەشرگە تەييارلىغان «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسىگە ئىزاھ» جۇڭخۇا نەشرىياتى 1985 - يىل خەنزۇچە نەشرى 49 - بەت.

⑦⑧مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخى رەشىدىيە» 1 - كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل خەنزۇچە نەشرى 223 -، 224 -، 115 - بەت.

⑨ «سۇينامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» 84 - جىلد.

⑩ليۇ يىتاڭ «تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەتقىقات» تەيۋەن دۆلەتلىك سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېتى مەجمۇئەسى 45 - بەت.

⑪ E. Bretschneider « Mediaeval Researches » Vol Ⅱ P,230, LONDON,1910.

⑫⑰شۇسوڭ «غەربىي يۇرتنىڭ دەريا ئېقىنلىرى ھەققىدە خاتىرە» 2 - جىلد، لوپنۇرغا قويۇلىدىغان دەريالار.

⑬«ئويراتلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 - كىتاب شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى 151 - بەت.

⑭ شاھ مەھمۇد جوراس نامىدىكى «سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 187 - بەت.

⑮⑲ «غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىنى چۈشەندۈرۈپ ئىزاھلاش» يەنبيەن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى 24 - بەت.

⑯ «قارا شەھەرنىڭ يەر نامىلىرى تەزكىرىسى» 8 - بەت.

⑱«غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىم» 2 - جىلد.

⑳«غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي تەپسىراتى» 3 - جىلد.

㉑«غەربىي يۇرتتىكى ئوخشاش تىللىق ئەللەر تەزكىرىسى» 1 - كىتاب 2 - جىلد، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يەر نامىلىرى.

㉒ يېقىندا نەشر قىلىنغان «قاراشەھەرنىڭ يەر نامىلىرى تەزكىرىسى» دە «قاراشەھەر جۇڭغار تىلىدىكى سۆز بولۇپ، خالا - قارا دېگەننى، شەر - تۆزلەڭلىك دېگەننى بىلدۈرىدۇ، يەنى قارا رەڭدىكى ياكى كەڭ كەتكەن تۆزلەڭلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» دەپ ئىزاھلانغان. شۇ كىتاب 8 - بەت.

# ئالتىنچى باب

## ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قارشىلىق كۇرەشلىرى ۋە جۇڭغار خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى

### 1. كۇرەشنىڭ باش ئاخىرى ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىرىدە كۆرۈلگەن ئۈچ خىل ئەھۋال

جۇڭغار خانلىقى يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغاندىن بۇ-
يان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى ئېلىپ
بارغان كۇرىشى زادىلا توختاپ قالمىغانىدى. كۇرەشنىڭ خاراكتې-
رى ۋە ئېلىپ بېرىلىش كۆلىمى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ پەرق
مەۋجۇت بولۇپ ھەم ئىستىخىيىلىك ھەم تەشكىللىك خاراكتېرگە
ئىگە ئىدى. ئىستىخىيىلىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى شۇنىڭدىن
ئىبارەت بولدىكى، يەركەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يۈز
بەرگەن، شىنجاڭ تارىخىدىكى بەزى تۇپلۇك ئۆزگىرىشلەر، خەلق
ئاممىسىنى ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلغانىدى. ئىدې-
ئوگىيە جەھەتتە قاتتىق قايمۇققان كىشىلەر، ئەمدىلىكتە دۇچ
كېلىۋاتقان ھەر خىل ئىقتىسادىي كونتروللۇققا چۈشۈپ قالغاندى-
لىقتىن، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھەر خىل تاللاشلارنى ئېلىپ كەلدى.
بۇ تاللاشلارنىڭ بىرى، ئۇلار ئەڭ ئاۋۋال دۇچ كەلگەن ،
ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ئاساستا، نەقشىبەندىچىلەرنىڭ ۋاستىسى
بىلەن زېمىنلىرىگە يۆكلىنىپ قالغان غايەت زور مىقداردىكى
تۆلەم ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇيغۇر خەلقى ھەر يىلى مۇشۇ تۆلەم-
نىڭ ۋاقتى كەلگەن ھامان تېخىمۇ ئېغىر كۈنگە چۈشۈپ قالاتتى.

قانچىلىك كىشىلەرنىڭ مۇشۇ تۆلەم تۇپەيلىدىن ۋەيران بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ قاقتى - سوقتىغا ئۇچرايدىغان باشقا زىيانلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى سېلىق يىغقىلى كەلگەندە، ئۇيغۇرلار «ئاشلىق ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى يوشۇرۇپ قوياتتى» ، شۇ ئارقىلىق جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆكتەملىكىدىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئالاتتى ياكى بولمىسا توپلىشىپ بەرگىلى ئۇنىمايتتى. بەزىدە بولسا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئەۋەتكەن باج يىغقۇچىلارنى كۆرگەن هامان ۋە ئۇلارنىڭ دېرىكىنى ئالغان هامان بىر - بىرىگە خەۋەر قىلىپ، ئۆزلىرىنى دالىدىغا ئالاتتى. دالىدىغا ئېلىش ئۇسۇللىرىمۇ هەر خىل بولۇپ، «قورغان ۋە لەخمە ياساپ يوشۇرۇنۇۋالاتتى» ، چارۋا - ماللىرىنى كۆزدىن نېرى قىلىپ، ئازگال ۋە جىلغىلارغا ئاپىرىپ يوشۇرۇپ قوياتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئىش تېرىغۇچى «ئىسيانكار ئۇيغۇرلارنى جۇڭغارلار ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتەتتى.» ① بىراق بۇ كۆرەشلەرنىڭ هەممىسى ناهايىتى تارقاق شەكىلدە ئېلىپ بېرىلغاچقا، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زۇلۇمىنى توسۇپ قېلىشقا قادىر ئەمەس ئىدى. نەتىجىدە ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم كۈچەيسە كۈچەيدىكى هەرگىز يېنىكلەپ قالمىدى، سېلىقنىڭ تۈرلىرىمۇ ئاۋۇپ، بېكىتىلگەن نورمىسىمۇ كۆپىيىپ باردى.

كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ دەسلەپتىلا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئىستىخىيىلىك هەرىكەتلىرى، ئەمەلىيەتتە مانا مۇشۇ ئىقتىسادىي جەهەتتىكى قاقتى - سوقتى يۈزىسىدىن كېلىپ چىققانىدى. بۇنىڭدا

ھېچقاچاندا، جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىسىنىڭ «بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ھەر يىلى ئالىدىغان 100 مىڭ تەڭگە تارتۇقنى ئېلىش بىلەن كۇپايىلىنىش» ھەم «بۇنداق ھۆكۇمرانلىقنىڭ بىرقەدەر كەڭچىلىكتىكى ھۆكۇمرانلىق» ② ئىكەنلىك مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھۆكۇمرانلىقىنى بۇنداق چۈشىنىش، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىدىن يۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى ئانچە ئېغىر بولمىغان دەرىجىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە دەپ چۈشىنىش ئىدى. ماتېرىيال نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، گەرچە بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئۆز دەۋرىنىڭ ئاپتورلىرى ئانچە كۆپ توختىلىپ ئۆتمىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قارشىدا سېلىقنىڭ ئېغىرلىقى ھەققىدە ئەزەلدىن ئورتاق چۈشەنچە مەۋجۇت ئىدى. بۇ نۇقتىنى بىز ئايرىم ئاپتورلارنىڭ قەلىمىدە يارىتىلغان «ئۇل ۋەقىتتىن تابۇ ۋەقىتقىچە رەئايا ۋە پۇقرالار باشلىرىدىن ئۇلۇغ ئالبان خالى بولمىدى»، «بۇ سېلىق - تۆلەملەرنىڭ مىقدارى يىلدىن يىلغا كۆپەيدى. ئۇ زاماندا بۇنداق يامان ۋە نالايىق مەجبۇرىيەتلەر مۇسۇلمانلارنىڭ زىممىسىگە چۈشەتتى» ③ دېگەن تەسۋىرلەردىن تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىقتىسادىي زۇلۇمىنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان بەزى ئەسەرلەردىمۇ بىرقەدەر ئېنىق دەلىللەنگەنىدى. مەسىلەن، جۇڭغارلار «ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىر ئەركىشىسىنى بىر تۇتۇن ھېسابلايتتى، ھەربىر تۇتۇن بازارلىق قىلغاندا، بىر توپتىن بۆزخام ياكى بىرقانچە پارچە تېرە ۋە بىر پارچىدىن سۆلەسۇن تېرىسى تاپشۇراتتى. پۈتۈن يىل ھېسابى بويىچە داۋاملىق ئېلىپ تۇراتتى، شال ۋە پۇرچاق تېپىدىكى ئاشلىقلارنىڭ ھەممىسى يىغىۋېلىنغان ھامان ئاۋۋال تەڭدە تەڭ بۆلۈشۈپ، ئاندىن كېيىن

ئىشلىتىشكە قالدۇرۇلغان قىسمىدىن $\frac{1}{10}$ ئۈلۈش ئۇسۇلى بويىچە قايتا ئاشلىق بېجى ئالاتتى.» ④ «ئۇيغۇرلار ئوما مەزگىلىدە كۆپلەپ بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرايتتى. يىللىق ھوسۇلىنىڭ ئوندەن ئۈچ ۋە تۆت قىسمىنى تاپشۇرۇش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەنىدى.» ⑤

جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زۇلۇمى غالدان سېرىننىڭ دەۋرى (1727 ـ 1745) دە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى. 1732 ـ 1733 ـ يىللار مەزگىلىدە روسىيىلىك مايور ئۇگراموۋ بىلەن بىرگە غالدان سېرىننىڭ ئوردىسىغا بارغان ئۆلچەش خادىمى ياكوف فىلىسوۋنىڭ خاتىرىلىشىچە، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلاردىن ئاشلىق بېجى ئالغاندىن سىرت، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بوز خام، مىس، قاش تېشى، باسما خام، ئالتۇن قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنى ئالاتتى. يەركەن، قەشقەر، خوتەن ۋە كېرىيىدىن ئىبارەت تۆت شەھەرلا ھەر يىلى جۇڭغارلارنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرىغا سېلىق ئۈچۈن 700 سەر ئالتۇن تاپشۇراتتى ⑥. ئەلۋەتتە بۇنداق قوشۇمچە ئېلىنىدىغان سېلىقنىڭ كۆپ بولۇشى، شۈبھىسىزكى، كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ يۈكىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. بولۇپمۇ يۇقىرىدىكى خاتىرىلەردە كۆرسىتىلگەندەك، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىر تۇتۇنىدىن سېلىق ئېلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇمنى ھەقىقەتەن تۆۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەردە بىز مۇشۇ يىپ ئۇچى بويىچە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئۇيغۇرلارغا قارىتا تۇتۇن سېلىقىنى يولغا قويغان دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا بىز ئاپئاق خوجا «قالماقلار بۇ خىزمەتكە قۇرۇق يانمۇسۇن» دەپ بەرگەن «100 مىڭ تەڭگە»نى ھەقىقەتەن ئاز بولۇپ قالغان دەپ ھۆكۈم قىلالايـ

مىز. ئەمەلىيەتتە بولسا ئەھۋال دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ،
بۇنىڭدىكى «100 مىڭ تەڭگە» ئاپئاق خوجىنىڭ «يۇرت يۇرتلار-
دىن بوز خام يىغدۇرۇپ قالماقلارغا ئەھۋالىنىڭ يېتىشىچە تەقدىم
ۋە ئىنئام قىلغان» ⑦، ئالدىراشلىقتا يىغىپ بەرگەن مىننەتدار-
لىق سوۋغىسى ئىدى. بۇ نۇقتىنى بىز جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى
تۇتۇن ھېسابى بويىچە باج ئالغان دېگەن ئۇقۇملار بىلەن بىرلەش-
تۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ئاز بولۇپ قالغانىنىڭ ئۈستىگە، دالاي
V ئېيتقان «غالدان بوشۇقتۇخان يەركەن باشچىلىقىدىكى 1500
شەھەر، بازار بىلەن 2 مىليون نوپۇسنى ماڭا ئىنئام قىلىپ
بەردى» دېگەن سۆزىدىكى باج ئوبيېكتىنىڭمۇ ناھايىتى ئاز بىر
قىسمىلا بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۇيغۇر-
لارغا قاراتقان زۇلۇمىنى يىلدىن - يىلغا كۈچەيتىپ بارغانلىقى
ئىشىنىشكە بولىدىغان پاكىت بولۇش بىلەن بىرگە، بۇنداق ئەھ-
ۋالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتالمىش «كەڭچىلىكتىكى ھۆكۈمرانلىق»
تىن مىننەتدار بولۇپ قارشىلىق كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن بولماي-
دىغان جەريان ئىدى. قارشىلىق كۆرۈشمۇ بۇ نۇقتىنى تامامەن
ئىسپاتلاپ بەرگەن بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار جۇڭغار
ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشنى پەيدىنپەي تو-
نۇپ يەتكەنىدى.
ئۇيغۇر خەلقى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن
قۇتۇلۇشتا، دەسلەپىدىلا ئىستىخىيىلىك قېچىپ كېتىش ئۇسۇلى-
نى قوللانغان بولۇپ، بۇنىڭدا يىراق ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قې-
چىپ كېتىش بىلەن ئۆز يۇرتلىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان
جايلارغا قېچىپ كېتىش ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. بولۇپمۇ
ئەينى ۋاقىتتا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ شەرققە كېڭىيىشىنى
ئۇنۇملۇك چەكلەۋاتقان، چىڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا،
ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قېچىپ كېتىش ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك جاي
ئىدى. شۇڭا ئىچكىرى جايلارغا قېچىپ بارغانلارنىڭ قېتىم سانى

كۆپ بولۇش بىلەن بىرگە، ئايرىملىرى زور مەقسەت ۋە مۇددىئانى كۆزلەپ بارغانىدى. مەسىلەن، 1696 - يىلى غالدانىنىڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا قېچىپ بارغان يەركەن خان جەمەتىدىن بولغان ئابدۇرەشىت ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەركا سۇلتان قاتارلىقلار شۇنداق كىشىلەردىن ئىدى. لېكىن يەركەن خانلىقىنىڭ دائىرىسىدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا قېچىپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئاز بولۇپ، كۆپ بولغاندا نەچچە ئون ئادەمدىن ئاشمايتتى. ئۇلار جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى بىرگە ئېلىپ بارغاچقا، چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرىنىڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئېرىشەتتى. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غالدان سېرىنىنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىنى تۇرپاندىن قېچىپ چىققان ئۇيغۇر ھېدىل ئارقىلىق ئېرىشكەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇيغۇر خەلقى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بوھران كۆرۈلگەن، دۆلەت كۈچى قاتتىق خورىغان شارائىتتا، ئۈزلۈكسىز قوراللىق كۈرەشلەرنى قانات يايدۇردى.

جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بوھران، غالدان 1688 - يىلى شەرقىي مۇڭغۇللارنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلانغاندا كۆرۈلگەن بولۇپ، ئۇ شەرقىي مۇڭغۇللارنى ھامىيلىقىغا ئالغان چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ بولغانىدى. بۇ شەكسىزكى، جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئېزىشىگە ئەڭ ئېغىر ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىگە ياخشى پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كەلگەچكە، ئالدى بىلەن يەركەن دائىرىسىدىكى ئۇيغۇرلار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنىدى. شۇنىڭدەك بۇ چاغدا ئۇيغۇرلارغا ئابدۇرەشىت كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەتئىمىن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە ۋاكالىتەن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاچقا، ئۇلارمۇ بۇ پەيتنى ياخشى پۇرسەت

دەپ قاراپ، خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرۈشكە مايىل بولدى ھەمدە كۆرەشكە ئۆزلىرى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىپ، تىغ ئۇچىنى بىۋاستە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرىغا قاراتتى. مۇھەممەد سادىق قەشقىرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، مۇھەممەتئىمىنخان ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنىڭ كاتتىۋېشى ئاپئاق خوجا بىلەن يارىشىپ ئۇنى ئۆزىگە تارتتى. «ھەزرەتكە دەستى ئىرادەت قىلىپ، ئىلىغا لەشكەر تارتىپ، ئىلا مەۋزەئىنىڭ قالماق يۇرتى-نى تاراج ئەيلەپ، 30مىڭ كىشىنى ئەسىر قىلىپ ئەردى.»⑧ بىراق، بۇ قېتىمقى كۆرەش ئاپئاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە بىۋاستە خەۋپ سالغاچقا، بولۇپمۇ كۆرەشكە ئىسھاقىيە تەرەپدارلىرى ئومۇمىيۈزلۈك سەپەر-ۋەر قىلىنغاچقا، ئاخىرىدا كۆرەشنىڭ خاراكتېرىدە كەسكىن ئۆز-گىرىش يۈز بېرىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىچكى نىزاسىغا ئۆزگىرىپ كەتتى. كەڭ خەلق ئاممىسى ئەسلى مەقسەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەچكە، مۇھەممەتئىمىنخاننى يېتەرلىك كۈچ بىلەن قول-لىيالمىغاننىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ كۆرەشنى يەككە - يېگانە ھالدا داۋاملاشتۇرۇشىغا قاراپ تۇرۇش بىلەن بىرگە، بۇ قېتىمقى كۆ-رەش كەيپىياتىنىڭ مۇشۇنداق ئاياغلىشىشىغا سۈكۈت قىلدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇھەممەتئىمىنخان باشچىلىقىدىكى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۆرىشى، XVII ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن تاكى 1692 - يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ جەرياندا جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى-غا ئەجەللىك زەربە بەرگەنىدى. گەرچە كۆرەش جۇڭغارپەرەس كۈچلەرنىڭ قارشى تۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئىچكى نىزاغا ئۆزگىرىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۆرەشلەر ئۈچۈن قىممەتلىك تەجرىبە - سا-ۋاقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. مەسىلەن، مۇھەممەتئىمىنخان

قاغىلىقتىن چىقىپ قۇلاغانغا كېلىپ، ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ
مۇرىتلىرى تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغاندا، ئاپئاق خوجا ئۆزىنىڭ
چوڭ ئوغلى يەھيا خوجىنى خان كۆتەرتىپ، «يەھياخان» دەپ
خۇتبە ئوقۇغاندى[9]. شۇنىڭدىن بىر يېرىم يىل كېيىن ئاپئاق
خوجىمۇ ئۆلۈپ، سەككىز ئايدىن كېيىن يەنە يەھيا خوجىمۇ
ئۆلتۈرۈلگەنىدى. يەھيا خوجىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، يەركەن دائى-
رىسىدىكى قارشى كۈچلەرنىڭ جۇڭغارپەرەس كۈچلەرنىڭ ئۈستى-
دىن قازانغان بىر قېتىملىق غەلىبىسى ئىدى. گەرچە بۇ جەريان
ئاپئاق خوجىنىڭ يەركەن خان جەمەتىدىن بولغان ئايالى خانىم
پادىشاھنىڭ قولى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، بۇ نۇقتى-
نى بىز خانىم پادىشاھ يەھيا خوجىغا ئېيتقان «سىزلەرنىڭ قايسى
ئاتاڭىزلار پادىشاھ بولۇپ كەلگەن؟ بىزلەرنىڭ ئاتا ـ بابا-
مىزغا دۇئاگۇي بولۇپ كەلگەن ئەمەسمۇ؟»[10] دېگەن
سۆزىدىن تامامەن ھېس قىلالايمىز. دېمەك، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈ-
شى بىلەن كىشىلەر جۇڭغارپەرەس ئىشقىيە سۇلۇكى پىرلىرىنىڭ
قىلمىشلىرىنى پەيدىنپەي تونۇپ يەتكەن بولۇپ، ئەمدىلىكتە ئۇ-
لارنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىگە ئانچە قۇلاق سالمايدىغان بولۇپ
قالغانىدى. ئەمما مۇھەممەتئىمىنخاننىڭ سىڭلىسى خانىم پادى-
شاھنىڭ تاللىشى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئاپئاق خوجىدىن تۇغۇلغان
ئوغلى مەھدى خوجىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن بولغاچقا، ئۇمۇ يەھيا
خوجا ئۆلتۈرۈلۈپ، ئالتە ئايدىن كېيىن، قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى.
خانىم پادىشاھنىڭ ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنىڭ يول
باشچىسى يەھيا خوجىغا ئېيتقان يۇقىرىدىكى سۆزى، مۇنداقچە
قىلىپ ئېيتقاندا، ئەسلىدىكى يەركەن خانلىقى دائىرىسىدىكى بىر
بۆلۈم يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭمۇ يۈرەك سۆزى ئىدى. دەل
شۇنداق بولغاچقا، بۇ چاغدا يەركەن بەگلىرى بىلەن تۇرپان بەگلى-
رى ئۆزئارا بىرلەشتى. ئۇلار بابىخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى مۇھەم-
مەتمۆمىن ئاقباشخاننى «ئاباۋى كىراملارنىڭ ئورنىدا خان كۆتۈر-

دى.» ⑪ ئاقباشخان يەركەن خانلىقىنىڭ تەختىنى ئۆز جەمەتىگە
ۋاكالەتەن ئاخىرقى قېتىم ئىگىلىگەن خانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ
تەختكە چىقىشى بىلەن ئاكىلىرى ئابدۇرەشىت ۋە مۇھەممەتئىمىن-
لەرنىڭ ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى چەك-
لەش سىياسەتلىرىنى قاتتىق يۈرگۈزۈپ، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ
جاھىل، توپىلاڭچى مۇرىتلىرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى قەتلى
قىلدى. بۇ توغرىدا «تەزكىرەئى ئەزىزان» دا قىزىقارلىق قى-
لىپ، «مۇھەممەتئىمىنخاننىڭ ئىنىسى ئاقباشخان كېلىپ، بۇ
دىيارلارنى ئالىپ ياركەندە مىڭ دىۋانىلەرنى قويدەك بوغۇزلىدى.
قانىدە تۇگمەن يورۇتۇپ، ئون تارتىپ يېدى» ⑫ دەپ كۆرسىتى-
دۇ. قارىماققا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ئېيتقان بۇ سۆزدە بەكلا
ئاشۇرۇۋېتىلگەن تەرەپلەر بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئاقباشخاننىڭ ئىش-
قىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنى قاتتىق باستۇرۇپ، ئۇلارنىڭ جۇڭ-
غار ئاقسۆڭەكلىرىگە داۋاملىق يانتاياق بولۇش شېرىن چۈشىنى
بەربات قىلىۋەتكەنلىكى ئىپادە قىلىنغانىدى. ئەمەلىي ئەھۋالمۇ
شۇنداقراق بولۇپ، ئاقباشخان ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنىڭ
بازىسى قەشقەرنى ئىگىلەپ، بۇ جايغا ئۆزىنىڭ ئوغلى سۇلتان
ئەخمەتنى مەسئۇل قىلىپ، ئۇنى قەشقەر خانى دەپ جاكارلىغانى-
دى. قىرغىزلاردىن كېلىپ چىققان ئارزۇمۇھەممەدنى بولسا ئۇ-
نىڭغا ئاتالىق قىلىپ بەرگەنىدى. لېكىن ئەزەلدىن يەركەن بىلەن
قەشقەر ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشلەردە ئىككى ئارىدىن نەپ.ئې-
لىپ ئۆگىنىپ قالغان قىرغىزلار، بۇ ۋاقىتتىمۇ سۇلتان ئەخمەت-
نى خان قىلىپ، تۇرپان بەگلىرىگە قارشى تۇرۇش بايرىقىنى
كۆتۈرۈپ چىقتى. نەتىجىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ نۆۋەتتىكى ئاق-
باشخاننىڭ باشچىلىقىدىكى كۈرەشمۇ يېرىم يولدا ئىچكى نىزاغا
ئۆزگىرىپ كېتىپ، ئاقباشخاننىڭ ئۆزىمۇ، قەشقەرگە قىلغان
جازا يۈرۈشىدە ئەسىرگە چۈشۈپ، يېڭىساردا ئارزۇ مۇھەممەد
تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاقباشخان باشچىلىقىدىكى جۇڭغار ئاقسۆ-
ڭەكلىرىگە قارشى كۈرىشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تەڭرى
تېغىنىڭ جەنۇبى قايتا جۇڭغار خانلىقىنىڭ كونتروللۇقىغا چۈ-
شۈپ قالغان بولسىمۇ، بەزى جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئاللىقاچان
جۇڭغار خانلىقىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغانىدى. مەسىلەن،
قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار شۇنداق قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئەبەيدۇللا
تارخانبەگنىڭ باشچىلىقىدا، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈم-
رانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، جۇڭغار خانلىقىغا قارشى كۈرەشكە پائال
قاتناشقانىدى. «شىمالىي دەشتنى تىنجىتىش چارە تەدبىرلىرى»
بىلەن «مۇسۇلمان يۈزلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىكى خا-
تىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەبەيدۇللا بىر تەرەپتىن جۇڭغار خانلى-
قى بىلەن دۈشمەنلىشىۋاتقان چىڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ
قوغدىنىشنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ چىڭ
سۇلالىسىگە بولغان ئىخلاسىنى بىلدۈرۈش ھەم جۇڭغار ئاقسۆ-
ڭەكلىرىنىڭ قۇمۇلدىكى پاراكەندىچىلىكىگە قارشى تۇرۇش ئۈ-
چۈن ئوغلى گوپابەگنى بارىكۆلگە ئەۋەتىپ، ئۇ جايدا پائالىيەت
ئېلىپ بېرىۋاتقان غالداننىڭ ئوغلى سەپتەن بالجۇرنى قولغا چۈ-
شۈرگەنىدى.

قۇمۇلدىن كېيىن 1720 - يىلى قۇمۇلغا قوشنا بولغان
تۇرپان بىلەن پىچاندىكى ئۇيغۇرلار ئىمىن خوجىنىڭ باشچىلىقى-
دا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ سىۋان راپتانغا جازا يۈرۈش قىلغان
پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانى-
لىقىدىن ئايرىلدى. ئۇلار قارا خوجا، لۈكچۈن قاتارلىق جايلاردا
جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ،
ئاخىرىدا كۈچ ئېلىشالمىغاچقا، بىر بۆلۈملىرى كېيىن ئۆز يۇرت-
لىرىدىن ئايرىلىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوغدىنىشىنى تەلەپ
قىلدى. قالغانلىرى بولسا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن
دەسلەپ قارا شەھەرگە، كېيىن ئۇچقا كۆچۈرۈلگەنىدى. دېمەك،

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختكە سۇۋان راپتان ئالماشقان-دىن كېيىنمۇ ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقان بولۇپ، خەلق جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەنىدى. كۈرەشنىڭ شەكىللىرىمۇ كۆپ خىللىشىش بىلەن بىرگە، پۇرسەت بولسىلا ئۆز ئالدىغا ئايرىم بولۇشنى ئىستەيتتى. مەسىلەن، 1753 - يىلى جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىنى ئىگىلى-گەن داباچى بىلەن ئۇنىڭ شېرىكى ئامۇر سانانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاق يىمىرىلگەندە، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا كۆرۈلگەن ئىسھاقىيە تەرەپدارلىرىدىن بولغان يۇسۇپ خوجىنىڭ باشچىلىقى-دىكى كۈرەش شۇ خىلدىكى كۈرەش جۈملىسىدىن ئىدى. كۈرەش جەريانىدا قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلار بىرمەھەل جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلغانىدى.

يۇقىرىدا بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئۇلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئېغىر ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى زۇلۇملىرىغا ئۇچراش دەرىجىلىرى ئەكس ئېتىلگەن بولۇپ، ئەينى مەزگىلدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ دەۋرنى ئىنتايىن جاپالىق رەۋىشتە ئۆتكۈزگەنلىكى، ئازراقلا ئىم-كانى بولسا ئۆزلىرىنىڭ يەلكىسىگە سېلىنغان ئاشۇ بويۇنتۇرۇق-لاردىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەنلىكى ئىپادە قىلىنغانىدى. ئەمما، يەركەن خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىنكى ھالەتلەر، بولۇپمۇ خىلمۇخىل ئۆزگىرىشلەر ئۇلارغا قارىتا بىرەر چىقىش يولى ئېلىپ كېلەلمىگەنىدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئەجدادلى-رىمىز بىر مەزگىللىك مەدەنىيەت ئۇزۇكچىلىك دەۋرىدە تۇرۇپ قالغاچقا، ئېغىر دەرىجىدە ئەۋج ئالغان نادانلىق تۈپەيلىدىن، كىمگە ئەگىشىپ مېڭىشنىمۇ بىلەلمىگەنىدى. نەتىجىدە ئۇلار ھەر خىل مەقسەت مۇددىئالارنى كۆڭلىگە پۈككەن كىشىلەرنىڭ ئارقى-

سىدىن ئەگەشكەچكە، خاس مۇشۇ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنىڭ يېتەكچىلىرىدىلا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۈچ خىل ھالەت گەۋدىلەنگەندى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ يېتەكچىلىرىدە كۆرۈلگەن بىرىنچى خىل ئەھۋال، دەسلەپتە بۇ كۈرەشكە يەركەن خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان خان سۇلتانلارنىڭ باشچىلىق قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ خان سۇلتانلار يەركەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمايىلخاننىڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئاۋۋالقى خان ئابدۇللاخاننىڭ ئۆز پۇشتى بولماي، ئۇلارنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تۇرپان بىلەن چالىشنى ئىدارە قىلىپ تۇرغان قېرىندىشى بابىخاننىڭ ئەۋلادلىرى بولۇشى، خەلق ئاممىسىنى بىر مەھەل گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. چۈنكى، غالدان يەركەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىشتا، دەل ئۇلار بىلەن يەركەن خانلىقىنىڭ خانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشتىن پايدىلانغاچقا، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كىشلەرنىڭ ئېڭىدا يەركەن خانلىقىنى ئۇلار قالماقلار بىلەن بىرگە مۇنقەرز قىلغان دېگەن چۈشەنچە مەۋجۇت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كەڭ خەلق ئاممىسى دەسلەپتە بىراقلا قوزغىلىپ، بۇ خان سۇلتانلار باشلىغان ئۇلۇغ ئىشقا دېگەندەك ھەمدەم بولمىدى. بەلكى ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرى بىلەن ئىسھاقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىغا ئەگەشسە ئەگەشتىكى ئۆزلىرى بىلەن شەرقىي قىسمىدىن كەلگەن خان سۇلتانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەل - پەل ئارىلىق ساقلاپ كەلدى. قىسقىسى چۈشەنمەسلىك كەيپىياتى مەۋجۇت بولۇپ، بۇنىڭدىن كۆپ ھاللاردا ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرى پايدىلىنىپ كېتىلگەنىدى. ئەمما، شەرقىي قىسمىدىن كەلگەن بۇ خان سۇلتانلار بولسا ھەرگىز ئۇنداق قارىمايتتى، ئۇلارنىڭ غالدانغا ھەمدەپ بولۇپ يەركەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇشىمۇ، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ يەركەن خان-

لىقىنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى ئىگىلەشكە ئۇرۇنۇش ئىدى. بىز بۇنى سەيىت بىلەن مەنسۇر ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشتىن تاكى ئاب- دۇللاخان بىلەن ئىبراھىمخان ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشلەرگى- چە بولغان جەريانلاردىن خېلى ئېنىق بىلىۋالالايمىز. مۇھىمى بۇ نۆۋەتمۇ ئۇلار مەسىلىنى ئاشۇنداق تار نۇقتىدىن كۆزىتىپ، ئاۋ- ۋالقىدەكلا «قالماقلارنىڭ ياردىمىنى ئېلىش» دەپ چۈشىنىۋال- غاچقا، ئىنتايىن ئېغىر سەۋەنلىكلەرگە يول قويغانىدى. شۇ سە- ۋەبلىك خەلق ئۇلار ئەس - ھوشىنى تېپىپ جۇڭغار خانلىقىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنغاندا، ۋاقتىدا قوللىيالمىدى. رەسمىي قوللاشقا ئۆتكەندە بولسا، پۇرسەتنى ئاللىقاچان قولدىن بېرىپ قويغانىدى. لېكىن، بىر نۇقتا ئايانكى بۇ خان سۇلتانلار ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئورۇندىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل پائالىيەتلىرى باشتىن - ئاياغ يەركەن خانلىقىنىڭ سەلتەنىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىدى. ئۇمىدىنى داۋاملىق جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بوھران ياكى باشقا كۈچلەرگە باغلىغانىدى. بۇنىڭدىكى باشقا كۈچلەر ئىسھاقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنىڭ ياردىمىنى ئېلىش، ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرى بىلەن يارىشىشتىن تاشقىرى، يەنە بىر كۈچ چىڭ سۇلالىسى ئىدى. بۇ توغرۇلۇق دەسلەپتىلا جۇڭغار خانلىقىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلىپ، كېيىن غالدان تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ نەزەربەند قىلىنغان ئابدۇرەشىت چىڭ سۇلالىسىگە قېچىپ بارغاندا مۇنداق دېگەنىدى:

«يېقىندا ئويراتلاردىن ئاڭلىشىمچە غالداننىڭ يېنىدا گوربان تامىرغۇل دېگەن جايدا 2 مىڭچە ئادەم قالغان، ئۇلارنىڭ چېدىر بارگاھلىرىمۇ قالماپتۇ. غالدان ئوزۇق - تۈلۈكتىن قىينىلىۋات- قاچقا، تامىردا ئۇزاق تۇرالمايدۇ. ئېھتىمال چىڭخەيگە قېچىشى مۇمكىن. قۇمۇل، تۇرپان، يەركەندىن ئىبارەت ئۈچ جايغا بې- رىشتىن باشقا بارار يېرى يوق. قۇمۇلغا بارارمىكىن دېسەك،

قۇمۇل بىلەن جىيا يۈيگۈەن ئۆتكىلىنىڭ ئارىلىقى بەكلا يېقىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە جىيا يۈيگۈەندە خان ئالىيلىرىنىڭ زور قوشۇنى تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇ جايغا بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. تۇرپانغا بېرىش-نىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. يەركەننى ئالساق ئۇ جايدا مېنىڭ ئۇيغۇرلاردىن 20 مىڭ ئەسكىرىم، تۇرپاندا 5 مىڭ ئەسكەر، قۇمۇلدا 500 ئەسكەر بار. سىۋان راپتان بورتالادا تۇرۇۋېتىپتۇ. بىز ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن غالداننىڭ قولىدا نەزەربەندتە تۇرۇپ، 14 يىل ئازاب چەكتۇق. مەن هازىر ياشىنىپ قالدىم. گەرچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە تۇرۇۋاتقان بولساممۇ، تەڭرىقۇت ئالىيلىرى-نىڭ چەكسىز شاپائىتىگە مۇشەررەپ بولۇپ تۇرۇۋېتىمەن. بۇنىڭغا تېخى جاۋاب قايتۇرغۇدەك بولالمىدىم. غالداندا مېنىڭ تۇتقۇن قىلىنىپ نەزەربەند قىلىنغان ئاداۋىتىم بار، ئېلىمنىڭ بولسا ئۇنىڭدا دۆلەت قىساسى بار. هازىر غالدان مەغلۇپ بولۇپ، سەرسان بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. كەمىنە مەن ئوغلۇم بىلەن كېلىنىم ۋە نەۋرىلىرىمنى قالدۇرۇپ قويۇپ، جورام مۆمىن بېكەنى بىرگە ئېلىپ، تۇرپانغا بېرىپ، مۇقەددەس پەدەرىمىزنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى قول ئاستىمدىكى ئۇيغۇرلارغا بىلدۈرمەكچىمەن. سى-ۋان راپتان تۇرۇۋاتقان بورتالانىڭ تۇرپان بىلەن بولغان ئارىلىقى يېقىن، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىشكە ئادەم ئەۋەتسەك بولىدۇ. غال-دان بىلەن بىرگە كېلىدىغان ئادەملەر ئاز بولغاچقا، ئۇ چاغدا ئۇنى ئاسان قولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئاتا ـ بالا ئىككىيلەننىڭمۇ 14 يىل نەزەربەندتە تۇرغان خورلۇقىنىڭ قىساسىمۇ ئېلىنغان بولاتتى.» ⑬

«شىمالىي دەشتنى تىنجىتىش چارە ـ تەدبىرلىرى» دە تىلغا ئېلىنغان يۇقىرىقى مەلۇمات، ئابدۇرەشىتنىڭ ئاغزاكى بايانلىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ قانداق مەقسەت بىلەن چىڭ سۇلالىسىگە قېچىپ بارغانلىقى بىلىنىسىمۇ، بۇنىڭدىكى مۇهىم بىر تەرەپ شۇكى، ئۇنىڭ قايتىپ بېرىپ، قۇمۇل، تۇرپان، يەركەن قاتار-

لىق جايلاردىكى قوشۇنلاردىن پايدىلىنىپ، غالداندىن ئىنتىقام
ئالماقچى بولغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ جايلاردا
خېلى زور دەرىجىدىكى ئىناۋەت ۋە ئابرۇيىنىڭ بارلىقى ئوتتۇرىغا
قويۇلغان بولۇپ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ جۇڭغار
ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زۇلۇمىدىن ئۇزۇل - كېسىل قۇتۇلۇش ئىس-
تىكىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھالبۇكى
ئۇ ئېيتقان «سىۋان راپتان تۇرۇۋاتقان بورتالانىڭ تۇرپان بىلەن
بولغان ئارىلىقى يېقىن، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىشكە ئادەم ئەۋەت-
سەك بولىدۇ» دېگەن سۆزىدە ئۆزىنىڭ ئىلگىرى سادىر قىلغان
سەۋەنلىكلىرىنى پۈتۈنلەي ئەستىن چىقىرىپ، جۇڭغار ھۆكۈمراند-
لار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ئىتتىپاقچى ئىزدەشكە داۋام-
لىق ئۈمىدلىنىپ تۇرغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇنداق ئىدىيە ئىند-
تايىن خەتەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئاقىۋەتتە شۇ مەقسەت
بىلەن يەركەنگە قايتىپ بارغان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇ-
جۇدقا چىقىرالمىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ كۆرگىنى ئۆزى ئۈمىد
كۈتكەن سىۋان راپتاننىڭ غالداننىڭ ئىچكى - تاشقى سىياسەتلى-
رىگە ئەمەل قىلىپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا يېڭىۋاشتىن بەزى
تەرتىپلەرنى ئورناتقانلىقى بولدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى ئېلىپ
بارغان كۈرىشىنىڭ يېتەكچىلىرىدە كۆرۈلگەن ئىككىنچى خىل
ئەھۋال، بۇ كۈرەشكە يەركەن خان جەمەتىدىن بولغان خان سۇل-
تانلار باشچىلىق قىلىش بىلەن تەڭ بىر قىسىم يەرلىك ئاقسۆ-
ڭەكلەرنىڭمۇ باشچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى بولۇپ ھېسابلى-
نىدۇ. گەرچە بۇ شەكىلدىكى كۈرەش شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرى-
دىن كۆرە، قۇمۇل بىلەن تۇرپاندا بىرقەدەر گەۋدىلىك كۆرۈلگەن
بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى كۈرەشكە يېتەكچىلىك قىلغان ھۆكۈمراند-
لارنىڭ مەقسەت - مۇددىئالىرىدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئىدىيىلى-
رى بىرقەدەر مۇرەككەپ ئىدى. مەسىلەن، دەسلەپىدىلا جۇڭغار

ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇمۇلغا قاراتقان پاراكەندىچىلىكىگە قارشى
تۇرغان ئەبەيدۇللا تارخانبەكنى ئالساق، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزى
بويىچە ئېيتقاندا، «خەتەر ئىچىدە قالغاچقا، ئەمىنلىكنى قوغداشقا
موھتاج بولۇش» ئىدى. مانا بۇ ئۇنىڭ تولۇق يۇرەك سۆزى
بولسىمۇ، يەنە بىر جەھەتتىن قۇمۇل رايونىدا كۆرۈلگەن ئىجتىما-
ئىي داۋالغۇش كەڭ خەلق ئاممىسىغا زور ئەندىشىلەرنى ئېلىپ
كەلگەنىدى. بولۇپمۇ بابىخاندىن بۇيانقى تەپرىقىچىلىك ھالەت قۇ-
مۇل بىلەن تۇرپاننى ئۇزاققىچە يەركەن خانلىقى دائىرىسىدىكى
خەلقلەر گەۋدىسىدىن ئايرىۋەتكەچكە، ئەمدىلىكتە قۇمۇلدىكى ئۇي-
غۇرلارنىڭ نەزىرىدىكى بىردىنبىر يېتەكلىگۈچى، ئەبەيدۇللا تار-
خانبەگ ۋە ئۇنىڭ جەمەتى ئىدى. يەنە كېلىپ بۇ جەمەت قويۇق
دىنىي تۇس بىلەن بېزەلگەن بولغاچقا، روھىيەت جەھەتتە كىشى-
لەرنىڭ قەلبىدە، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىشقىيە ياكى
ئىسھاقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنىڭ پىرلىرىدەك يۇقىرى ئورۇن-
غا ئىگە بولمىسىمۇ، رەھىمسىز رېئاللىق كىشىلەرنى تەدرىجىي
ھالدا شۇنىڭغا ئىشەندۇرۇۋاتاتتى. نەتىجىدە قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى
بۇ جەمەتكە مەھكەم باغلىنىش بىلەن بىرگە، يېتەكچىلىكىگە
تامامەن ئۆتتى.

چىڭ سۇلالىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېخىچىلا بۇ جايلارغا
قارىتا باشقىچە نىيەتتە بولمايۋاتقان شارائىتتا، جۇڭغار ئاقسۆڭەك-
لىرىگە تەنھا قارشى تۇرۇۋاتقان يات جايدىكى بۇ بىر تۇركۇم
ئۇيغۇرلارنىڭ يېتەكچىسىنىڭ توغرىدىن - توغرا ئەلچى ئەۋەتىپ
بەيئەت قىلىشى، دەسلەپتە سەل - پەل غەلىتىلىك بولغان بولسا،
كېيىنچە ئۇنى ئۇيغۇرلار يۇرتى توغرىسىدىكى سىياسىتىنىڭ باش-
لىنىشى قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن چىڭ سۇلالىسى بۇ جەمەت-
كە ئىزچىل گۇمانىي پوزىتسىيە بىلەن قاراپ كەلگەن بولسىمۇ،
پەقەت جۇڭغارلار بىلەن ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى سىياسىتىنى
تۈزگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىپ

پايدىلاندى. ھالبۇكى ئەبەيدۇللا تارخانبەگنىڭ جەمەتى بولسا بۇنى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە داۋاملىق قارشى تۇرۇش دەپ بىلدى.

تۇرپان تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىگە يېتەكچىلىك قىلغان ئىمىن خوجىغا كەلسەك، نەسەب جەھەتتە يەركەن خان جەمەتىدىكىلەر بىلەن ئالاقىسى بولمىسىمۇ، تۇرپاندا «سوفى خوجام دەپ ئاتالغان ھەزرەت مىرھەبىبۇللاھ ۋەلىيۇللاھنىڭ نەۋرىسى ئىدى» . بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد ئاخۇنلۇق قىلغان چوڭ بىر دىنىي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەنلىكى بىلەن باشقىلارنىڭ ئۇنى «بىزنىڭ سۇلتان سەردارىمىز ئەمىر ئەل - مۆمىن ئىمىن خوجابەگ» دەپ تەرىپلىگەنلىكىدىن، تەخمىنەن جۇڭغار خانلىقى تۇرپاننى ئىشغال قىلىۋالغان ۋاقىتتىن باشلاپ نوپۇزىنىڭ تىكلىنىشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى نوپۇز مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن تاشقىرى، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئىلگىرىكى بابىخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان خان سۇلتانلارغا ئىشەنچ قىلالمىغان شارائىتتا، ئېرىشىشكە باشلىغان نام - ئابرۇيلار ئىدى. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، خەلق جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر چىقىش يولىنى تېپىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، ئۇ ناھايىتى تېزلىكتىلا ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك يېتەكچى نامزاتقا ئايلانغانىدى. بىراق تۇرپان تەۋەسىدە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىدىن مىننەتدار بولۇپ كېلىۋاتقان ئېزىز خوجا باشلىق يەنە بىر گۇرۇھمۇ بار بولۇپ، بۇ گۇرۇھ چىڭ سۇلالىسى سىۋان راپتانغا زەربە بېرىش ئۈچۈن تۇرپانغا قوشۇن ئەۋەتكەندە، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، بىر بۆلۈم ئۇيغۇرلارنى ئۆز يۇرتلىرىدىن تارقاقلاشتۇرغانىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ تۇرپاندىكى جۇڭغارپەرەس كۈچلەر بىلەن جۇڭغارلارغا قارشى كۈچلەرنىڭ

ئۇتتۇرىسىدىكى كۈرەش بولۇپ، كۈرەش جەريانىدا ئىمىن خوجا
ۋە ئۇنىڭ جەمەتى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرى-
شىپ، پىچاندىكى ئۇيغۇرلاردىن 300 ئادەمگە باشچىلىق قىلىپ،
چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا
چىڭ سۇلالىسىمۇ، دەل مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپلا، بۇ جايلارغا
ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىغان بولسىمۇ، بىرىنچىدىن، جۇڭغار
خانلىقىنىڭ قايتۇرما زەربە بېرىشىدىن ئەندىشە قىلسا، ئىككىن-
چىدىن، يەرلىك خەلقلەرنىڭ كۆڭلىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ما-
يىل ياكى ئەمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلغاچقا، ئۇزاق ئۆتمەيلا قو-
شۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ كەتكەنىدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئىمىن
خوجىمۇ قۇمۇلدىكى ئەبەيدۇللا تارخانبەگكە ئوخشاش، تۇرپاننىڭ
رەسمىي بېگى بولمىغاچقا، شۇ پۇرسەت كۈتكىنىچە، 1731 ـ
يىلى 6 ـ ئايدا غالدان سېرىن لۈكچىنگە كەڭ ـ كۆلەمدە قورشاپ
ھۇجۇم قىلغاندا، ئاندىن قايتا يەنە ئوتتۇرىغا چىقىپ، چىڭ سۇلا-
لىسىدىن رەسمىي قوغدىنىشنى تەلەپ قىلدى. چىڭ سۇلالىسى
ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ قول
ئاستىدىكى ئاھالىلىرىنى ئېلىپ، گۇاجۇغا كۆچۈشكە قوشۇلدى.
بۇ توغرىدا «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە
«يوڭجېڭنىڭ 4 ـ يىلى (1726) ئاقساقال توختى مامۇت ئۇي-
غۇرلاردىن 600 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئېلىپ، ئىچكىرىگە كۆچ-
تى. لۈكچىندە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە بار ئىدى. ئۇلار
كۆچۈشنى خالىمىغاچقا، ئىمىن خوجا ئۇلارنى قورقۇتتى. 8 ـ
يىلى (1730 ـ يىلى)·········ئىمىن خوجا بوز يەر ئېچىش بىلەن
شۇغۇللانغانلىقتىن، كۇمۇش بىلەن تارتۇقلاندى. 9 ـ يىلى
(1731ـ يىلى) جۇڭغارلار لۈكچىن بىلەن قارا خوجىغا بېسىپ
كىرگەندە، ئىمىن خوجا شەھەرنى مەھكەم قوغداپ، ئوغرىلارغا
زەربە بېرىپ، چېكىندۈردى» ⑭ دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇنىڭدىن
ئىمىن خوجىنىڭ تارىخ سەھنىسىگە قانداق چىققانلىقىنى كۆرۈش

بىلەن بىرگە، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدىن ئالدىراپ ۋاز كەچمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ نۇقتا ئىمىن خوجىغىمۇ ئايان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزلىگىنى باشتىن - ئاياغ ئۆز جەمەتىنىڭ شۆھرىتى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ كېيىن جۇڭغارلارنى تىنجىتىشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن پىچاتدىن تاكى قارا خوجىغىچە بولغان جايلارنىڭ نەسەبلىك ھۆكۈمرانلىقىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، 1756 - يىلىدىكى مەڭلىك ۋەقەسىدىن كېيىن پۈتكۈل تۇرپاننىڭ خوجىسى بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىمىن خوجا ئېرىشكەن بۇ ئالاھىدە ئىمتىياز، خەلق ئاممىسىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى-گە قارشى كۈرىشىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى نەتىجىسىدە قولغا كەلگەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ۋە ئۇنىڭ جەمەتى بۇ ئىمتىيازنى ئالاھىدە قەدىرلەپ، كېيىنچە ئايرىم جايلاردىكى خەلق قوزغىلاڭ-لىرىغا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى تۇتتى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ يېتەكچىلىرىدە كۆرۈلگەن ئۈچىنچى خىل ئەھۋال شۇكى، خوتەن، قەشقەر، يەركەن قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىق كۈرىشىگە ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ پىر-لىرىدىن يۇسۇپ خوجا قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىق قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەلۇمكى ئىسھاقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرى ئابدۇ-رەشىت ۋە مۇھەممەتئىمىن بىلەن مۇھەممەتمۆمىن ئاقباشخان قاتارلىقلارنىڭ ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنىڭ ئىمتىيازىنى چەكلەش ھەم يەركەن خانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكەتلى-رىنى قىزغىن قوللىغانىدى. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇلار قارا نىيەتچى ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىدىن روشەن پەرقە ئىلگە بولۇپ، توغرىسىنى ئېيتقاندا، خەلقىنىڭ قارشىلىق كۈرىشىنى قوللاش تەرەپدارلىرى ئىدى. ئەمما مۇھەممەتمۆمىن ئاقباشخان-نىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇلار بىردىنلا باشقىچە كەيپىيات بىلەن

ئۇتتۇرىغا چىقىپ، خەلقنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئۇلار-
نىڭ گۇماشتىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىگە يېتەكچى
بولۇۋېلىش بىلەن بىرگە، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ شاھلىق دەۋاسى
قىلدى. مەسىلەن، يۈسۈپ خوجىنىڭ ئاتىسى دانىيال خوجا شۇن-
داق قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ يەركەن بەگلىرىنىڭ مەم-
لىكەت خانىسىز قالمىسۇن دەپ قازاق خانلىقىدىن ھاشىم سۇلتاننى
تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىپ، تەختكە چىقىرىش ئىشىنى قول-
لاپ، نەچچە مۇددەتتىن كېيىن بۇ يوچۇن سۇلتانغا بېسىم قى-
لىپ، «ۋەھىمە خەۋىپ بەردى» . نەتىجىدە ھاشىم سۇلتان ئۇنىڭ
ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ، قازاق سەھراسىغا كېتىشكە مەجبۇر بول-
دى. دېمەك، يەركەن دائىرىسىدىكى قارشى كۈچلەر مۇھەممەتمۆ-
مىن ئاقباشخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنمۇ، داۋاملىق جۇڭغار ئاقسۆ-
ڭەكلىرىگە قارشى كۈرەشنى توختاتماي، قازاق خانلىقىنىڭ ياردى-
مىگە ئېرىشىشنى نىيەت قىلغاندا، دانىيال خوجا ئۆزىنىڭ قارا
نىيىتىنى ئاشكارا قىلغانىدى. ھەتتا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى يەر-
كەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارنى قايتا ئىگىلىگەندە بولسا، خەلق-
نىڭ كۈرىشىنى بېسىپ، خۇددى ئاپئاق خوجا ئوينىغاندەك كومې-
دىيىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئالۋاننى ئۇزۇلدۇرمەي يىغىپ،
جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئۇچۇن جان پىدالىق كۆرسىتىشتە ۋاستە
تاللاپ ئولتۇرمىغانىدى. خەلقمۇ ئۆنى ھەممىگە قادىر دەپ بىل-
گەچكە، «بۇ بالايىئەزىمنىڭ دەفئىغە ھەزرەتلەر بىر تەۋەججۇھ قىل-
غايلا» دەپ ئىشىنىپ يۈردى. ئەكسىچە ئۆزى بولسا جۇڭغار
ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن تۆت شەھەر ئارىلىقىدا قاتناپ، خورلۇق
تارتىپ يۈرسىمۇ، «ھەزرەت ياكى پادىشاھىم» دېگەن سۆزلەردىن
سۆيۈنۈپ يۈردى. سەكراتقا چۈشۈپ قالغىنىدا بولسا، ئوغۇللىرى-
غا بۇ خىل بەيئەتچىلىكنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ،
ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى «قارا يۈزىمىزنىڭ خىجالەت شەرمەندىلىكى
زايىل بولغاي» دەپ ئاتىغانىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇنىڭ جۇڭغار

ئاقسۆڭەكلىرى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ئىشلىگەن خىزمىتى ئۈستىدە
ئېلىپ بارغان يەكۈنى بولۇپ، كېيىن ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئوغۇللى-
رىنىڭ ئىدىيىسىدە زور بۇرۇلۇش ياسىغانىدى.

دانىيال خوجا ئۆلگەندىن كېيىن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى
ئۇيغۇرلارغا قارىتا بۆلۈپ ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ،
ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى ھەربىر شەھەرگە مەسئۇل قىلغان بولسىمۇ،
ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۇسۇپ خوجىنىڭ تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك ئىدى.
ئۇ بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم ستەملەرنى يېنىك-
لىتىشكە ۋە ئۇنى مەنئى قىلىشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن
بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىلىغا بارماق كەلمەك باھانىسى بىلەن
جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھالىنى چاغلاپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە
بىرەر تەپرىقىچىلىك ۋەزىيەت كېلىپ چىقسا، شۇ پۇرسەتتە قوز-
غىلىپ قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولدى. 1753 - يىلى داباچى
ئامۇرسانا بىلەن بىرلىشىپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىنى ئىگى-
لەپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەخت ماجىراسى
كېلىپ چىققاندا، يۇسۇپ خوجا پۇرسەت كەلدى دەپ قاراپ،
ئاۋۋال ئىلىدا تۇرۇۋاتقان خۇش كىپەكبەگنى مۇداپىئە تەييارلىق-
لىرىنى ئىشلەپ تۇرۇشقا قەشقەرگە ئەۋەتىپ، ئارقىدىن ئىلىدىكى
ئۆمەر مىرزا باشلىق قىرغىزلارنى خوتەنگە بېرىپ ئورۇنلىشىپ،
قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش قىياپىتىگە كىرىۋېلىشنى تاپىلىدى.
ئاندىن قەشقەردىكى بەگلەرنىڭ جۇڭغا ئاقسۆڭەكلىرىگە يالغاندىن
يوللىغان «تامام ئەتراپ جەنۇبىتىكى قىرغىزلار بىر بولۇپ مەسلى-
ھەت ئەيلەپدۇرلەركى ......قەشقەرنى تاراج قىلىپ ئەسىر قىلايلى
دەپ بولجاق قىلىپ تۇر» [15] دېگەن مەلۇمات بويىچە، بۇ ۋەقەنى
ئوغلۇم بىر ياقلىق قىلسۇن دەپ، ئوغلى ئابدۇللا خوجىنى كۆز-
دىن نېرى قىلىپ، قەشقەرگە يولغا سالدى.

يۇسۇپ خوجىنىڭ بۇنداق قىلىشى ئەمەلىيەتتە جۇڭغار ئاق-
سۆڭەكلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئاتىسى ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىدىن

پەيدا قىلىنىش ئىدى. ئۇ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بىخۇدلۇقىدىن
پايدىلىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەي مۇز داۋان ئارقىلىق قەشقەرگە باردى
ھەمدە ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغىنى بويىچە دەرھال قوزغىلاڭ
كۆتۈرۈپ، جۇڭغارپەرەس ئاقسۆڭەكلەرنىڭ توسقۇنلۇقلىرىنى يې-
ڭىپ، تۆت شەھەرنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. روشەنكى، بۇ خەلق
ئاممىسىنىڭ قارشىلىق كۆرۈشىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ،
كۆرەش جەريانىدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمىلىيكە بولغان كۈچلۈك
ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەنىدى. ھالبۇكى بۇ كۆرەش يۇسۇپ خوجى-
نىڭ ئۆلۈش بىلەن ئوخشاشلا ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچراپ، داۋال-
غۇش پەيدا قىلىشتىن قالغان بولسىمۇ، خەلقنىڭ كۆرگىنى باشقا
بىر يېڭى تەرتىپ بولدى. ئۇ بولسىمۇ، خوجا جاھان ئەرشى
بېشارەت بەرگەن «مەشرىق تەرەپدىن چىقىپ كەلگەن» چىڭ سۇ-
لالىسى ئىدى. گەرچە يۇسۇپ خوجىدىن كېيىن بۇ كۆرەشكە
ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللا ۋە ئاكىسى خوجا جاھان ئەرشى قاتارلىقلار
باشچىلىق قىلغان بولسىمۇ، 1755 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى بىلەن
ئامۇرسانانىڭ ياردىمىنى ئالغان ئاپئاق خوجىنىڭ نەۋرىسى بۇرھان-
ىدىن خوجا تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلدى. ئىسھاقىيە سۇلۇكى تە-
رەپدارلىرىمۇ تامامەن جەمەتى بىلەن باستۇرۇلۇپ، شۇنىڭدىن
ئېتىبارەن ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ تارىخىدىكى پائالىيەتلىرىنى
نەتىجىگە ئاياغلاشتۇردى. ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرى بولسا
ۋاقتىنچە يېڭى تاللاش ۋە سىناقتا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، بۇنىڭغا
قارىتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەج-
رىبە ـ ساۋاقلىرىنى ئۆلگە ئالغاچقا، ئاۋۋال كۆزىتىپ بېقىپ،
ئاندىن يېڭى گۇماشتا ئىزدەپ، كەسكىن پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۇلا-
ردىن كۆرە، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كەتمىنىنى چاپقان بىر
بۆلۈم يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرگە ئەھمىيەت بەردى.

ئىزاھلار:

①④چۇن يۈەن «غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى» 7– جىلد، «قوشۇمچە خاتىرىلەر».

②ۋېي لياڭتاۋ، ليۇجىڭيەن «غەربىي يۇرتتىكى خوجىلار جەمەتى توغرىسىدا تەتقىقات»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1998 – يىل، خەنزۇچە نەشرى 206 – بەت.

③ مۇھەممەد سادىق قەشقىرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» 51 – بەت بىلەن مولla موسا سايرامى يازغان «تارىخى ھەممىدى» 131 – بەت.

⑤ «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 39 – جىلد، «ئۆرپ – ئادەتلەر».

⑥ بادالاي «روسىيە، موڭغۇلىيە، جۇڭگو» سودا نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، I توم 1 – كىتاب 341 – بەت.

⑦ مولla مۇسا سايرامى «تارىخى ھەممىدى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 – يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 130 – بەت.

⑧⑩⑫⑮مۇھەممەد سادىق قەشقىرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 – يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 51 –، 71 –، 70 –، 62 –، 64 – 135 – بەت.

⑨⑪مولla مىرسالىھ قەشقىرى «چىڭگىزنامە» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 76 –، 177 – بەت.

⑬ «شىمالىي دەشتنى تىنجىتىش چارە – تەدبىرلىرى» 28 – جىلد.

⑭خې نىڭ «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» 4 – جىلد، «ئىمىن خوجىنىڭ تەرجىمىھالى».

## 2. جۇڭغار خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى

1745 ـ يىلى جۇڭغار خانلىقىنىڭ خانى غالدان سېرىنىنىڭ ئۆلۈشى، جۇڭغار خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇش مۇقەددىمىسىنىڭ ئوت پىلتىسى بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن موڭغۇل قوۋملىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۆچمەن ئىمپېرىيىسى بولغان، بۇ خانلىقنىڭ تەختى بىر تۈركۈم قارا نىيەتچى سۇيىقەستچىلەرنىڭ ئۆز نەپسىنى دەپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سورۇنىغا ئايلىنىپ قالدى. ۋەھالەنكى، غالدان سېرىنىنىڭ ئاتىسى سىۋان راپتانمۇ ئۆزىنىڭ كىچىك خوتۇنى تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، بىر ـ بىرىنى قەستلەش جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئوردىسىدىكى دائىملىق ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇ نۆۋەت غالدان سېرىن ئۆلگەندە، بۇ ھالەت قايتا يەنە تەكرارلىنىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان سىۋان دورجى نامجال قۇرامىغا يەتمىگىنىگە قارىماي، باشقا قېرىنداشلىرىنى كۆزدىن يوقىتىشقا تىرىشتى. بۇ سۆزسىزكى، جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بوھراننى ئۆلغايتىپ، تەخت ماجىرالىرىنىڭ ئۈزۈلدۈرۈلمەي كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. نەتىجىدە بۇ خىل ھالەتكە چىداپ تۇرالمىغان بىر قىسىم جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئۆزئارا كېڭىشىپ، غالدان سېرىنىنىڭ چوڭ ئوغلى لامدارجانىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، لامدارجا ئارقىلىق جۇڭغار خانلىقىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىش نىيىتىدە بولدى. بۇنىڭ بىلەن لامدارجا سىۋان نامجالنى تەختتىن چۈشۈرۈپ، ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلىپ، ئۆزى جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىنى ئىگىلىدى.

لامدارجانىڭ تەختكە چىقىشى جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى ۋاقتىنچە پەسەيتىپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى ئاۋۋالقىدەكلا تىزگىنلەپ تۇرغان بولسىمۇ،

ئۇنىڭ ئانا جەمەت نەسەبىنىڭ تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىقىشى،
چوڭ سانغۇن چوڭ - كىچىك سېرىن دۆندۇپنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ
قارشىلىقىنى قوزغىدى. ئۇلار كىچىك سېرىن دۆندۇپنىڭ ئوغلى
داش داۋا ۋە خوييت قەبىلىسىنىڭ تەيجىسى ئامۇرسانانىڭ باشچى-
لىقىدا غالدان سېرىننىڭ كەنجى ئوغلى سىۋان داشنى تەختكە
چىقارماقچى بولدى. بىراق، لامدارجا ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى ئال-
دىنئالا سېزىپ قالغاچقا، سىۋان داش بىلەن داش داۋانى ئۆلتۈرۈ-
ۋەتتى ھەمدە چوڭ سېرىن دۆندۇپنىڭ نەۋرىسى — تارباغاتاي
سۈيۈرغاللىقىنىڭ ھۆكۈمرانى داباچىدىن گۇمان قىلدى. داباچى
ئامۇرسانانىڭ قوللىشى ۋە ماسلىشى بىلەن بىرلىكتە غەليان قى-
لىپ، 1753 - يىلىنىڭ بېشىدا ئىلىغا تۇيۇقسىز بېسىپ كى-
رىپ، لامدارجانى ئۆلتۈرۈپ، جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىنى ئى-
گىلىدى.

داباچىنىڭ جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىنى ئىگىلىشى، ئەمە-
لىيەتتە ئۇنىڭ ئامۇرسانا بىلەن بولغان ئىتتىپاقىنىڭ بىر قېتىم-
لىق مۇۋەپپەقىيىتى ئىدى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككىنچى
قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەت داباچى كىچىك سېرىن دۆندۇپنىڭ يەنە
بىر نەۋرىسى نامكۆر جىرغىر تەرىپىدىن تارباغاتايدا مەغلۇپ قى-
لىنغاندا، ئامۇرسانا قوشۇنلىرى بىلەن نامكۆر جىرغىرنى مەغلۇپ
قىلىپ، داباچىنىڭ ئىلىغا قايتىشىغا ئىمكانىيەت ھازىرلاپ بەر-
گەندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئامۇرسانا ئۆزىگە قاتتىق تەمەننا
قويۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىنى جۇڭغار خانلىقىنى تىزگىنلىيەلەي-
دىغان بىردىنبىر قابىل كىشى دەپ قارىدى؛ شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۇ
ئۆزىگە بېرىلگەن سۈيۈرغاللىقنى ئاز كۆرۈپ، داباچىدىن ئىلىنىڭ
شىمالىدىن ئالتايغىچە بولغان كەڭ جايلارنى ئايرىپ بېرىشنى
تەلەپ قىلدى. داباچىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزىنى پۈتكۈل تەڭ-
رى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى خەلقلەرنىڭ تۆرىسى دەپ
قارايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئامۇر سانانىڭ بۇ تەلىپى ئىنتايىن ئورۇن-

سىز بولغاننىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ تەختىگە بولغان ئاشكارا خەۋپ
ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ۋاقىتلىق
دوستلۇقنىڭ ئورنىنى پەيدىنپەي ئاداۋەت ئىگىلەپ، ئۇلارنى
بىر ـ بىرىگە يول قويمايدىغان ئەشەددىي رەقىبلەرگە ئايلاندۇرۇپ
قويدى. ئامۇرسانا دەسلەپتە ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن پايدىلى-
نىپ، داباچىنىڭ جازالاشقا ئەۋەتكەن قوشۇنلىرىدىن غالىب كەل-
گەنىدى. لېكىن داباچى ئارىدىن يېرىم يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت
ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، 30 مىڭ كىشىلىك زور
قوشۇن بىلەن ئۇنىڭغا قايتۇرما زەربە بەرگەندە، ئامۇرسانا قاتتىق
مەغلۇپ بولۇپ، 1754 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئاكىسى بەنجۇر قاتار-
لىقلار بىلەن بىرگە خالخا موڭغۇللىرىنىڭ زېمىنى ئارقىلىق چىڭ
سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. ئامۇرساناننىڭ چىڭ سۇلالىسىگە تەس-
لىم بولۇشى جۇڭغار خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇش قەدىمىنى تېز-
لىتىشكە سېلىنغان يەنە بىر قەدەم بولۇپ، بۇ ۋەقە چىڭ سۇلالى-
سى ئۇچۇن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تەھدىتىنى ھەل قىلىشى-
نىڭ ياخشى پۇرسىتى بولدى، نەتىجىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادى-
شاھى چيەنلۇڭ جۇڭغار خانلىقىنىڭ بارلىق ئىچكى ئىشلىرىدىن
تولۇق خەۋەردار بولغان بۇ سۇيىقەستچىنى ئىززەت ـ ئىكرام
بىلەن كۈتۈۋېلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا كۆپ ئىلتىپات كۆرسەت-
تى. يەنە كېلىپ بۇ چيەنلۇڭخان ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ،
«مەيلى راست ياكى يالغان بولسۇن جۇڭغار تەختىدە سىمۋوللۇق
ۋارىسلىق ھوقۇقى بولغان بىر ئادەمنى ئالىقىنىدا تۇتۇپ تۇرۇش
شەكسىزكى، بىر كاتتا ئىش ئىدى.» ① دەل شۇنداق بولغاچقا،
چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئامۇرساناغا «قوش چىنۋاڭ»لىق ئۇ-
تۇغات ۋە «شىمالنى تىنجىتقۇچى ماۋېن سانغۇن» دېگەن نامنى
بېرىپ، 1755 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، سانغۇن بەندى، يوڭ چاڭ
ۋە سارلى قاتارلىقلار بىلەن بىرگە داباچىغا جازا يۈرۈش قىلىشقا
بۇيرۇدى. بۇ چاغدا داباچىمۇ بېيجىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ، «غالدان

سىرىنغا ئوخشاش كۆتۈۋېلىنىشقا ئېرىشىشنى، شىزاڭغا بېرىپ كۆجە كۆيدۈرۈشكە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.» ②
ئەلۋەتتە بۇ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ئورۇنسىز بىر تەلەپ بولسىمۇ، يەنە بىر جەھەتتىن داباچىغا جازا يۈرۈش قىلىشنىڭ ياخشى بىر باھانىسى بولدى. شۇنداق قىلىپ، داباچى ئۆزىنىڭ سابىق دوستى باشلاپ كەلگەن بۇ قوشۇنلارغا ھېچقانداق تاقابىل تۇرالمىغانلىقى ئۈستىگە، بورتالانى تاشلاپ بېرىپ، موڭغۇلكۈرەدىكى گېدىن تېغىغا قېچىپ بېرىپ، شۇ جايدا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ مۇداپىئەدە تۇردى. شۇ يىلى ئامۇرسانا ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنلىرى گېدىن تېغىغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇ قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىپ، مۇز داۋان ئارقىلىق ئۈچتۇرپانغا قېچىپ بارغاندا، ئۈچتۇرپاننىڭ ھاكىمبېگى خوجىس تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا تاپشۇرۇلۇپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بىر ئەسىردىن ئارتۇق داۋاملاشقان بۇ مىللىي ھاكىمىيىتى ئۈزۈل - كېسىل ئاياغلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئىگىلىدى.

ئامۇرساناغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈشى، ئۇ تېخى تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئەھۋال ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كۆزلىگىنىمۇ ئۆزى باشچىلىق قىلغان خويىت قەبىلىسىنىڭ خانلىقى بولماستىن، بەلكى تۆت ئويرات قەبىلىسىنىڭ خانلىق ھوقۇقى ئىدى. بۇ نۇقتا ئامۇرسانا ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن كۆرە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى چيەن لۇڭغىمۇ ناھايىتى ئايان بولغاچقا، ئۇ باشلىنىشتىلا جۇڭغار خانلىقىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى توغرىسىدا ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى. ئەمدىلىكتە ئامۇرسانانىڭ ئالدىغا كېلىشى، چىڭ سۇلالىسى ئۈچۈن ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىك ھەم ئۇنىڭ جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى چاقىرىق كۈچىدىن

پايدىلىنىشى بولغاچقا، قانداق شەكىلدە پايدىلىنىش تامامەن ئۆز-
لىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئىش ئىدى. شۇ سەۋەبلىك چىڭ سۇلالىسى
ئامۇرسانانى تۆۋەن مۆلچەرلەپ، ئۇنى بويسۇنسا ئەتىۋارلايدىغان،
بويسۇنمىسا داباچىدەك تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ كېتەلەيدىغانلىقىدىن
بېشارەت بېرىپ تۇرغانىدى. بولۇپمۇ ئامۇرساناغا تەسىر قىلغىنى
ئۇنىڭ يېڭىدىن ئېرىشكەن ئىلگىرىكىدىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدى-
غان مەنسىپىدىن سىرت، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى
سابىق دوستى ھازىرقى ئەشەددىي رەقىبى بولغان داباچىنى ساق
قالدۇرۇپ، بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىشى بولغاچقا، ئۇ بۇنىڭدىن ھەم
گۇمانلاندى ھەم چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى چۈشەن-
گەندەك بولدى. قىسقىسى، ئۇ ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان بىر قاتار
ئىشلارنى كۆزىتىپ، 1755 - يىلى 8 - ئايدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ
ئىلىدا قالدۇرۇپ كەتكەن بەندى، ئېرۇڭئەن باشلىق ئاز ساندىكى
ئەسكەرلىرىنى قىرغىن قىلىپ، ئاشكارا ئىسيان كۆتۈرگەندە،
ۋەزىيەتنى ئاللىقاچان قولدىن بېرىپ قويغانىدى. گەرچە ئۇ بۇ
جەرياندا، قازاق خانلىقى ھەم ئۆزى سانغۇن بەن دىگە خىزمەت
ئىشلەپ شاپائەت قىلىپ قويۇپ بەرگۈزگەن ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ
يىرلىرى بۇرھاندىن قاتارلىقلاردىنمۇ پايدىلانماقچى بولغان بولسى-
مۇ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا تاللىۋالغان قىممەت قاراشلىرى
بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى چوڭراق داۋالغۇش پەيدا قىل-
لالماي، ئەڭ ئاخىرىدا چارروسىيىنى ئۆزىگە ھىمات قىلىپ،
1757 - يىلى 9 - ئايدا چارروسىيىنىڭ زېمىنىدا ئۆلدى.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چىڭ سۇلالىسىمۇ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلى-
رىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئېلىپ بارغان بۇ قارشىلىقلىرىنى
پۈتۈنلەي تىنجىتىپ، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىنى تامامەن ئۆزىنىڭ
ئىلكىگە ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ھەمدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ
بۇرۇن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئىلكىدە بولۇپ كەلگەن تەڭرى
تېغىنىڭ جەنۇبىنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئامۇرسانا ۋەقەسىدىن بۇيانقى

يېڭى ئۆزگىرىشكە يېقىندىن دىققەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كەڭ
ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئالدىغا يېڭى بىر يۈزلىنىشنى ئېلىپ كې-
لىپ، قىسقىغىنە بىرقانچە يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا
زور تارىخىي ۋەقەلەرنى سادىر قىلىپ، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىمۇ
قاتتىق تەۋرىنىشلەرنى پەيدا قىلدى.

بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۇسۇپ خوجا باشچىلىقىدىكى جۇڭغار
ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى ئۈستىدە توختال-
غان ۋاقتىمىزدا، بۇ كۈرەشنىڭ چىڭ سۇلالىسى ۋە ئامۇرسانانىڭ
ياردىمىنى ئالغان چوڭ خوجا بۇرھانىدىن تەرىپىدىن باستۇرۇۋې-
تىلگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندۇق. دەرۋەقە، بۇنىڭدىكى
چوڭ - كىچىك خوجا بۇرھانىدىن قاتارلىقلار تارىخىمىزدىكى
مەشھۇر «چوڭ - كىچىك خوجا»لار بۇرھانىدىن بىلەن خان
خوجىنى كۆرسەتتى. ئۇلار ئاپئاق خوجىنىڭ نەۋرىسى ئەخمەت
خوجىنىڭ ئىلىدا تۇرۇۋاتقان چېغىدا تۇغۇلغان باللىرى بولۇپ،
چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئامۇرسانانىڭ قوشۇنلىرى داۋاچىنى يوقات-
قاندا، يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئا-
مۇرساناغا بەيئەت قىلغانىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇلارنىڭ يېڭى تال-
لاشقا دۇچ كېلىشى بولۇپ، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا،
تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كېلىشى ئىدى. ئۇلارنى چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ
سانغۇنلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرغانلارمۇ، ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى
جۇڭغارلاردىن بولغان قارانچۇقلىرى ئىدى. جامائەتچىلىك ئارى-
سىدىكى تەسىرىنىڭ چوڭقۇر ياكى ئەمەسلىكىدىن ئالغاندا، ئۇلار-
نىڭ چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ سانغۇنلىرىدىن سالارغا ئېيتقان: «سى-
ۋان راپتاننىڭ دەۋرىدە ئاتىمىزنى تۇتقۇن قىلىپ تۇرغاقلىقتا
تۇتۇپ تۇردى، شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە يۇرتىمىزغا قايتال-
مىدۇق. بىز قول ئاستىمىزدىكى 30 دىن ئارتۇق، ئائىلىنى
باشلاپ ئۇلۇغ خان ئالىيلىرىنىڭ قۇلى بولۇشقا رازىمىز» ③
دېگەن سۆزى ھەم بورتالاغا بېرىپ، سانغۇن بەندى قاتارلىقلارغا

ئېيتقان: «بىز ئاكا - ئۇكا ئىككىمىز قوشۇن باشلاپ تۆھپە يارىتىشنى خالايمىز، شۇڭا خان ئائىلىسىنىڭ شاپائىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، خادان بىلەن بىرگە ئاۋۋال 40 ئەسكەر بىلەن كەلدۇق» دېگەن سۆزىنىڭ ئۇرانىدىن، يالغۇز ئىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىلا زور چاقىرىق كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئىلىغا داباچىنى تىنجىتىشقا كەلگەن سانغۇنلىرىنىڭ چوڭ - كىچىك خوجىلارغا ئەھمىيەت بېرىشىدىكى سەۋەبمۇ دەل ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىكى تەسىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ «بىز ئەسلىدە قەشقەر جەمەتىدىكى خوجىلاردىن ئىدۇق، ئەگەر ئىلى تىنجىتىلغاندىن كېيىن يۇرتىمىزغا قايتىشقا مۇشەررەپ بولالىساق، قەشقەر، يەركەن قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنى قايىل قىلىپ، بىرلىكتە بەيئەت قىلىشقا ئېلىپ كېلىمىز» ④ دېگەن سۆزلىرى بۇ يوچۇن خوجىلارنى دەسلەپكى قەدەمدە چىڭ سۇلالىسىگە يېقىنلاشتۇرۇشقا تاشلانغان بىر قەدەم ئىدى. شۇ سەۋەبلىك چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭغا يېڭىدىن قەدەم باسقان سانغۇنلىرى ئوردىغا ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىكى تەسىرىنى توختىماي مەلۇم قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇلار ئارقىلىق يىراقلا بىر چالمىدا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇش ئىدى. ئەلۋەتتە بۇ پۇرسەت كۈتۈپ كەلگەن چوڭ - كىچىك خوجىلارغا نىسبەتەن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىنى ئىسھاقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىشنىڭ ياخشى بىر پۇرسىتى بولسىمۇ، بۇ چاغدا ئۇلار ئىككى خوجايىنلىق بولۇپ قالغاچقا، ھەر ئىككى كۈچنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى نىيەت قىلدى. بولۇپمۇ بۇنىڭدىكى كىچىك خوجا - خان خوجا بىرقەدەر پائالىيەتچان بولغاچقا، بۇ نۇقتىغا ھەممىدىن بەكرەك دىققەت قىلدى.

لېكىن، بۇ كەڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا،

يېڭى بىر داۋالغۇشنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەرگەچكە،
يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ئارىسىدا زور تەشۋىشنىڭ كېلىپ چى-
قىشىغا سەۋەبچى بولۇش بىلەن بىرگە، چىڭ سۇلالىسىگە قىزىقى-
دىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تارىخ سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى.
رايونلار بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەينى چاغدا تارىم ئويمانلىقى-
نىڭ جەنۇبىي چېتى ئىسھاقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنىڭ ئىلكىدە
بولغاندىن تاشقىرى، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا جۇڭغار ئاقسۆڭەك-
لىرىنىڭ تەسىر كۈچى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. ئاتۇش قاتارلىق
جايلاردا بىر بۆلۈم جۇڭغارپەرەس كۈچلەر بار ئىدى. «تەزكىرەئى
ئەزىزان» دا خاتىرىلىنىشىچە، بۇرھانىدىن بىلەن خان خوجىنى
چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلىرىغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۈ-
چى ئارقىلىق تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىنى بويسۇندۇرۇشقا دەۋەت
قىلغانلارمۇ، دەل ئاقسۇدىكى جۇڭغارپەرەس كۈچلەرنىڭ ۋەكىل-
لىرىدىن خوجىسىنىڭ ئاكىسى ئابدۇلۋاھاپ ئىدى. دىققەت قىلىنىشقا
تېگىشلىكى شۇكى، بۇ جەمەت نەسەب جەھەتتە جۇڭغار ئاقسۆڭەك-
لىرىنى ئەزەلدىن ئۆزلىرىگە يانتاياق قىلىپ كەلگەن بولۇپ،
جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي
چېتىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئۇلار ئارقىلىق بىلىپ تۇراتتى. مۇنداقچە
قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مۇشۇ جايلار-
دىكى كۆز قۇلاقلىرى ئىدى. ئىشەنچلىك بولۇش بولماسلىق جە-
ھەتتە، ئۆزلىرىنى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە ئەڭ سادىق ھېساب-
لاپ، ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيەت دۇنياسىنى ئىگىلەپ كەتكەن
نەقشىبەندىچىلەرنىمۇ ئانچە ئېتىبارغا ئېلىپ كەتمەيتتى. بولۇپمۇ
ئىسھاقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىغا شۇنداقراق ئىدى. مەسىلەن،
1753 ـ يىلى يۇسۇپ خوجا جۇڭغار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدى-
كى مالىمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەرگە بېرىپ، ئىسيان
كۆتۈرۈش ئۈچۈن قايتىۋاتقاندا، يېرىم يولدا داباچىغا كۆرۈنۈش
ئۈچۈن كېتىۋاتقان خوجىسقا يولۇقۇپ قالغانىدى، مۇھەممەد سا-

دىق قەشقەرى بۇ ئۇچرىشىش جەريانىنى ناھايىتى قىزىقارلىق
قىلىپ، خوجىسىنىڭ يۈسۈپ خوجىنىڭ نېمە مەقسەت بىلەن كې-
تىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالغانلىقىنى، شۇڭا يۈسۈپ خوجىنىڭ
«ئىلا ئىچى بىسيار نەفرىقىلىك، بارغۇدەك مەھەل ئەمەس. يانغا-
نىڭىز بىھتەر ئەلادۇر» دېسە، خوجىسىنىڭ قەستەن «بارىپ ياناي»
دەپ تۇرۇۋالغانلىقى ۋە ئىلىغا بېرىپ داباچىغا «ئى تۆرەم، يۈسۈپ
خاجەمنى بى جاياندۇرۇپسىز ۋە بى ئورۇن رۇخسەت بېرىپسىز.
ئەندەك پۇرسەتتە سىزدىن يۈز ئۆرىگەي، باشىڭىزغا تىغ تارتقاي»
دەپ ئەرز قىلغانلىقىنى بايان قىلغاندى.⑤

خوجىس جەمەتىدىكىلەرنىڭ چىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانلى-
رىغا چوڭ - كىچىك خوجىلارنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنىڭ ئىككىن-
چى بىر سەۋەبى شۇكى، يۈسۈپ خوجا قەشقەر، خوتەن، يەركەن
قاتارلىق جايلارنى جۇڭغارلارنىڭ قولىدىن تامام تازىلىغاندىن كې-
يىن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا تەھدىت سېلىپ، بۇ جايلارنىمۇ
ئۆزلىرىنىڭ ئىلكىگە ئالماقچى بولغاندى. بۇ توغرىدىن - توغرا
خوجىس جەمەتىدىكىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە بېرىپ تاقالغاچقا، ئۇلار
ئىسھاقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنىڭ رەقىبلىرى بولغان ئىشقىيە
سۇلۇكى تەرەپدارلىرىغا يان بېسىش تەرىپىگە ئۆتكەنىدى. ئەمما
بۇ چاغدا بۇ جەمەت ئۈچۈن يەنە بىر خۇشاللىنارلىق ئىش — چىڭ
قوشۇنلىرىنىڭ ئامۇرسانا بىلەن بىرلىشىپ ئىلىغا بېسىپ كىرىش
ۋەقەسى يۈز بەردى. خوجىس قاتارلىقلار بۇنىڭغا يېقىندىن دىققەت
قىلىپ، كونا خوجايىنى بولغان قالماقلاردىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ،
ئۇنىڭ ئورنىغا چىڭ سۇلالىسىنى تاللىۋالدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىخ-
لاسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن داباچىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەۋەلىكىگە
قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ۋاقىپلىنىپ، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈپ،
چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ مۇقەررەر
ھالدا باشقا جايلاردىكى يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ
كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغانىدى. مەسىلەن، جۇڭغار خانلىقى تە-

رىپىدىن ئىلگىرى ئۆچتۇرپانىنىڭ، كېيىن قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى بولغان گادايمۇھەممەت بىلەن كۇچانىڭ ھاكىمبېگى ھادى ھەم بىر مەھەل قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغان قوشۇقئاخۇن قاتارلىقلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، داباچى ۋە ئامۇرسانانى تىنجىتىشنىڭ ئالدى - كەينىدە چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغانىدى. دېمەك، چىڭ سۇلالىسى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىنى تىنجىتىشنىڭ ئالدى - كەينىدە قۇمۇلدىن تارتىپ تاكى ئاقسۇغىچە بولغان دائىرىگە جايلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىن بىر تۈركۈم يەرلىك ئاقسۆڭەكلەر چىڭ سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، كېيىنچە پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىدە، سەل قاراشقا بولمايدىغان كۈچكە ئايلانغانىدى.

ئۇيغۇر جەمئىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان بۇ خىلدىكى يېڭى يۈزلىنىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى ئىنكاسلارنى پەيدا قىلغانىدى. بولۇپمۇ ئىسھاقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنى ھامان جۇڭغار خانلىقىدىن پەرقلەنمەيدۇ، ئوخشاشلا زۇلۇم، سىتەملەرنى ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارىغاچقا، خەلقنىڭ ئارىسىدا مەلۇم چاقىرىق كۈچى پەيدا قىلغانىدى. تېخىمۇ مۇھىمى ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنى جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بىر دەپ قارىغاچقا، خاقانى چىنىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈشنى زۇلمەتتىن دېرەك بېرىدۇ دېگەندەك چۈشەنچىدە بولغانىدى. بۇ ۋاقىتتا يۈسۈپ خوجىنىڭ ئاكىسى يەنى شۇ دەۋرنىڭ يېتۈك شائىرى بولغان خوجا جاھاننىڭ: «ئى ئەھلى ئەۋلاد، ئاگاھ ۋە دانە بولۇڭلاركى، مەشرىق تەرەپتىن بىر گۇرۇھى چىقىپ كەلگەيكى، بۇ شەھەرلەرنى چوڭ جېدەل بىرلە تەخت تەسەر رۇفىغە ئالغايلەر، ئۇل ۋاقىتدا نەھمۇسەت بىزلەر تەرەپەمىزگە يۈزلەنگەي فەتھى زەپەر ئول گۇرۇھىغا يۈزلەنگەي» ⑤ دېگەن سۆزلىرىدە بىرقەدەر ئېنىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ پىرلىرىدىن چوڭ - كىچىك

خوجىلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى ۋە ئامۇرسانا بىلەن بىرلىشىشى، قەشقەر، خوتەن، يەركەن قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئا-رىسىدا بۇنداق چۇشەنچىلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەب بولغان-دى. بۇنى بىز يۇسۇپ خوجىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئالدى - كەينىدە تارقالغان «خاقانى چىندىن لەشكەر كېلىپ، ئامۇرسانانى ئىلى تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ داباچىنى شەھىرى چىنغە ئىبەر-دۇرمىش... ئەمدى بۇ شەھەرلەرگە فەتىھ ئۇچۇن كېلۇر ئىمىش»، «يەنە قالماق باش كۆتەرىپ، لەشكەر بىرلە كېلىپ ئۇچ، ئاقسۇنى ئالىبدۇرمىش» ⑦ دېگەن گەپ - سۆزلەردىن تامامەن ھېس قىلىۋالالايمىز.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىنى قولغا كىر-گۈزۈش ئۇچۇن چوڭ - كىچىك خوجىلاردىن پايدىلىنىشنى نىيەت قىلىپ، كىچىك خوجا خان خوجىنى ئىلىدىكى ئۇيغۇرلارغا باش قىلىپ قالدۇرۇپ، چوڭ خوجا بۇرھانىدىننى مانجۇ ۋە قالماق قوشۇنلىرى بىلەن بىرگە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا يۇرۇش قىلدۇرۇشىنىڭ سەۋەبى كۆپ تەرەپلىمە بولسىمۇ، بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم تۈپكى سەۋەبىنىڭ بىرى جۇڭغار خانلىقىنىڭ خوجىلاردىن پايدىلىنىش تەجرىبىسىنى ئۆلگە قىلىش ئىدى. يەنى بۇنى تېخىمۇ ئېنىقراق تەھلىل قىلىدىغان بولساق، چىڭ سۇلالىسى دائىرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۆشۈك ماكانىنىڭ شەرقىي شىمال ئىكەنلىكىنى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى جايلارنى بويسۇندۇرغانلىقىغا تېخى ئۇزاق بولمىغانلىقىنى، ئەمدىلىككە كەلگەندە يەنە بىر يات ئەل ئۇيغۇرلارنى ئىلكىگە ئېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنى تىنجىتىش جەريانىدا ئۆزى بىلەن بىر سەپكە ئۆتكەن بىر بۆلۈم يەرلىك ئاقسۆڭەكلەردىن پايدىلىنىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ روھىيەت دۇنياسىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدارلىرىغىمۇ بىرلىشىش ئىستىكىنى ئىپادە قىلىپ، ئۇلارنى

تالىلىۋالدى. چوڭ - كىچىك خوجىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا،
ئۆزلىرىنى بىردىنلا جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ نەزەربەندلىك تۇر-
مۇشىدىن بوشىتىپ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە
ئېرىشتۈرگەن بۇ شاپائەتچىلىرىدىن ھەم شادلاندى ھەم گۇمانلاند-
دى. شادلىنىش دەرىجىسى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى چوڭ
خوجا بۇرھانىدىن مانجۇ ۋە قالماق قوشۇنلىرىنى ئېلىپ ئىسھاقىيە
سۇلۇكى تەرەپدارلىرىنى قىرچاپ قىلىشقا ئاتلانغاندا، «شەھىرد-
گىزلارنى بۇزۇپ ئالىب سېقىللارنى ۋەيران قىلغايمىز. تەمام
خانەلەرىگە ئوت قويۇپ كۆيدۇرۇپ ئەھلى ئەۋلادىگىزلار بىرلە
دەريايى زەرەفشان لىبىگە ئېلتىپ قويدەك بوغۇزلاپ، دەريايى
پۇرخۇن جارى قىلغايمىز» ⑧ دەپ، ئۆزىنى تامامەن خاقانى چىن
بىلەن ئامۇر سانانىنىڭ يارلىقىنى ئىجرا قىلغۇچى دەپ سۆيۈندى.
ئىنىسى خان خوجا بولسا ئۇمۇ دەسلەپتە ئاكىسىغا ئوخشاش تۈيغۇ-
دا بولسىمۇ، كېيىنچە چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئامۇرسانانىڭ ئوتتۇ-
رىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە بەكرەك دىققەت قىلدى.
ئەمما چىڭ سۇلالىسى بولسا بىردە ئۇلارغا ئىشەنسە، بىردە ئۇلار-
دىن گۇمان قىلدى. ئىشەنگەن چېغىدا ئۇلار ئارقىلىق تەڭرى
تېغىنىڭ جەنۇبىنى ئىدارە قىلىپ، «ئۇيغۇرلار تاپشۇرۇشقا تې-
گىشلىك باج - سېلىقلارنى تاپشۇرغۇزۇش» بىلەن كۆپايىلەنمەك-
چى بولدى. گۇمان قىلغان چېغىدا بولسا، «بۇرھانىدىنغا يارلىق
چۈشۈرۈلسۇن، ئۇ باج - سېلىقلارنىڭ نىزام قائىدىلىرىنى تۈزۈپ
كېلىپ مەلۇم قىلسۇن، ئۇنداق بولمايدىكەن ئويراتلار تىنجىتىل-
غاندىن كېيىن دەرھال ئۇ يەرگە قوشۇن تارتىلسۇن» ⑨ دېدى.
ماھىيەتتە بۇ چىڭ سۇلالىسى بىلەن ئىشقىيە سۇلۇكى تەرەپدەرلى-
رىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا گۇمان ياكى ئىشەنمەسلىكنىڭ
ئىپادىلىرى بولۇپ، ئامۇرسانانىڭ توپىلىڭىدا رەسمىي رېئاللىققا
ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنمەسلىك كەيپىياتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتى-
ۋەتتى. نەتىجىدە چىڭ سۇلالىسى ئامۇرسانانىڭ توپىلىڭىدىن كې-

يىمن خاس تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىنى تىنجىتىش ئۇچۇنلا ئىككى يىلغا سوزۇلغان بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئاخىرى بۇ جايلاردىمۇ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدەك يېڭى تەرتىپلەرنى تۇرغۇزۇشقا مۇۋەپپەق بولالىدى.

يۇقىرىقىلار جۇڭغار خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۆز تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈش جەريانىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپى بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئەينى مەزگىلدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى دۇچ كەلگەن يېڭى يۈزلىنىشنىڭ ئامىللىرى يورۇتۇپ بېرىلگەنىدى. بۇ ئامىللار شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، جۇڭغار خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى، تارىخنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈشىنىڭ ئىگىلىشى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقانىدى. يەنى جۇڭغار خانلىقىنىڭ قۇدرەت تېپىشىدىن تاكى مۇنقەرز بولغۇچە بولغان جەريانىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقىدار بولۇپ كەلگەنلىكى ھەممىگە ئايان پاكىت بولغانلىقىدەك، چىڭ سۇلالىسى بىلەن جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ كېڭىيىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى قىسمەتلىرىنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇرلاپ بېرىشى بولۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە قارىتا، يېڭى بىر يۈزلىنىشنى ئاتا قىلغانىدى.

چىڭ سۇلالىسى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەلقىگە قارىتا قاتتىق ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئەمەلىيەتتە بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭغا قوشۇن كىرگۈزگەن قىسقىغىنە بىرقانچە يىل ئىچىدە يولۇققان ۋەقەلەر ئۈستىدىكى ساۋاقلىرى بولۇپ، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ۋەقەلىرىنى تىنجىتىشتا توپلىغان تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى ئىدى. شۇ سەۋەبلىك چىڭ سۇلالىسى ئىلگىرىكى جۇڭغار خانلى-

قىنىڭ تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىدا يۈز بەرگەن ھەر قېتىملىق ۋەقەلەرنى تىنجىتىشتا قوللانغان ئۇسۇللىرىغا ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر قاتار تۈزۈملىرىنى ئۆلگە قىلدى.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ ئىلكىگە ئالغاندىن تارتىپ، تاكى ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقانغا قەدەر بولغان مابەينىدە، ئۇيغۇرلار مەسىلىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇشۇ رايوندىكى ئەڭ زور باش ئاغرىقى بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە مىللىي زۇلۇم ئۈستىگە قۇرۇلغان بولغاچقا، ھەر قېتىملىق خوجىلار ۋەقەلىرىگە چېتىشلىق بولغان ئەنزىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىشى، خەلقنى ئېغىر سورۇقچىلىققا گىرىپتار قىلغانىدى. باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلار ۋەقەسىنى تىنجىتىپ 6 يىل بولمايلا يۈز بەرگەن ئۇچتۇرپان دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ئالساق، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى دائىرىلىرىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىشىپ يەرلىك خەلقلەرگە خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىشقا باشلىغانلىقىنىڭ تىپىك مىسالى ئىدى. لېكىن چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى ئىلكىگە ئالغان دەسلەپكى مەزگىللەردە مۇشۇنداق ۋەقەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن كۆپ باش قاتۇرغان بولۇپ، خۇسۇسەن جۇڭغار خانلىقىغا ئوخشاش يەركەن خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققان سۇلتانلارغا ئەھمىيەت بەرمەكچى بولغانىدى. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى دائىرىلىرى كىچىك خوجا خان خوجىنىڭ قىلمىشلىرىنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنىڭ يەركەن خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان سۇلتانلارنى قەتلى قىلغانلىقىنى بايان قىلغانىدى:

«خان خوجا قاتارلىقلار سۇلۇك تارقىتىش نامى بىلەن ئۇي-

غۇرلارنى غەلىيان قىلىشقا قۇتراتتى، ئۆزىنى خان دەپ جا-
كارلاپ، بۇرۇنقى تەيجى، سۇلتان قاتارلىق نەسەبلىك ھۆكۈمران-
لارنى قەتلى قىلدى.» [10]

يۇقىرىدىكى بۇ نەقىل قارىماققا ئاددىي بىر مەزمۇننى ئىپادى-
لىگەندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭدا ئەكس ئېتىلگەن مەزمۇننىڭ ئۇران-
دىن قارىغاندا، خان خوجىنىڭ تەپ تارتماي مۇشۇ دىيارنىڭ
ئالتۇن ئۇرۇقىدىن بولغان سۇلتانلارنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈشكە
جۈرئەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ چىلىڭ
سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ يەركەن خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن
بولغان سۇلتانلارغا ئەھمىيەت بېرىشنى نىيەت قىلغانلىقىنىڭ بې-
شارىتى ئىدى. تارىخنامىلەردە خاتىرىلىنىشىچە، 1720 ـ يىلى
چىڭ قوشۇنلىرى غەربكە جازا يۈرۈش قىلىپ، سىۋان راپتانغا
زەربە بەرگەنىدى. «زور قوشۇن تۇرپانغا يېتىپ بارغاندا، تۇرپان-
دىكى ئاقسۇلتان بىلەن باش ئاتامان شاھنەزەر قاتارلىقلار قوۋمىدى-
رىغا باشچىلىق قىلىپ قارشى ئېلىپ ئەل بولغان-
دى.» [11] بۇنىڭدىن بىلىنىدۇكى، چىڭ سۇلالىسى خوجىلار جە-
مەتىدىكىلەردىن كۆرە، ئاۋۋال يەركەن خانلىقىنىڭ خان جەمەتى-
دىن بولغان سۇلتانلار بىلەن ئۇچراشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار
بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ كېتەلمىگەنىدى. بۇنىڭدىكى
سەۋەب شۇكى، بىرىنچىدىن، چىڭ سۇلالىسى بۇ سۇلتانلارنى
ئىلگىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا قېچىپ بارغان ئابدۇرە-
شىت ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەركا سۇلتانلاردەك يەركەن خانلىقىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىيىتى بار دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن.
ئىككىنچىدىن بۇ مەزگىلدە بۇ سۇلتانلارنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى
ئوبرازىمۇ كۆپ قالمىغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرپان ۋە باشقا جايلاردىكى
ئىمتىيازىنى ئاللىقاچان ئىمىن خوجا قاتارلىقلار ئىگىلەپ بولغان-
دى. شۇ سەۋەبلىك چىڭ سۇلالىسىمۇ تۇرپاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ
يۇقىرى قاتلامدىكىلىرىنى دېگەنسەپ كۆرگەندە، ئاۋۋال ئىمىن

خوجا ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەرگە دوستلۇق بىلدۈرۈپ، ئۇنى
كەم - كۈتىسىز بىخەتەر كىشى دەپ ھېسابلىغانىدى. تەڭرى
تېغىنىڭ جەنۇبىدا تۇرۇپ قالغان سۇلتانلارغا قارىتا گەرچە ئۇلار-
نىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئاللىقاچان خەۋىرى باردەك قىلسىمۇ، ئوخ-
شاشلا ئۇلارنىڭ ئورنىنى باشقىلار ئىگىلەپ بولغاچقا، پەقەت ئۇلار
قەتلى قىلىنغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئىستى-
كىنىڭ بارلىقىنى ئاشكارىلىغانىدى.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا، ھەربىي مەھكى-
مە تۈزۈمى ئارقىلىق ئىدارە قىلىشقا بەكلا ئەھمىيەت بەرگەن
بولسىمۇ، يەنىلا جۇڭغار خانلىقىغا ئوخشاش ھۆكۈمرانلىق مەر-
كىزىنى ئىلى رايونى قىلىپ تاللىدى. بۇنىڭدا كۆپ تەرەپلىمە
سەۋەب بولسىمۇ، ئاساسلىقى جۇڭغار خانلىقىنىڭ مۇشۇ جاينى
بازا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى ئۇزاققىچە تىزگىنلەپ تۇ-
رۇشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغىمۇ كېڭەيگەنلىكى ھەم
چاررۇسىيىنىڭ كېڭەيىشىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە چەكلەپ تۇرغان-
لىقى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ مۇھىمى چىڭ قو-
شۇنلىرىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىنى تىنجىتىش جەريانىدا قول-
لانغان «يول بويىدا توپىلاڭچى ئوغرىلار ئۇچراپ قالسا، بىرىنى
قويماي قىرىپ تاشلاش، ......... سەللا گۇمانلىق ئادەم بولسا قال-
دۇرۇپ قويماي، باشتىلا يوقىتىۋېتىش» ⑫ دېگەن سىياسىتىدىن
قارىغاندا، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قايتا تىركىشىشىدىن ئەندى-
شە قىلغانلىقى تېخىمۇ مۇھىم بىر سەۋەب بولسا كېرەك. قىسقى-
سى، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا، جۇڭغار خانلى-
قىنىڭ چەكلىك ھەربىي قوشۇنلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقى-
غا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەربىي ئاپپاراتنى ھەممىدىن ئۈستۈن
ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى باشتىن - ئاخىر بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ،
بىر قوماندانلىق سىستېمىسىغا مەركەزلەشتۈردى.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا، سىياسىي
جەھەتتە جۇڭغار خانلىقىنىڭ سىۋان راپتاننىڭ دەۋرىدە ئۇيغۇرلار-

نى ئىدارە قىلىشتا يول قويغان بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىش تۈزۈمىنى تەقلىد قىلغانىدى. مەسىلەن، بۇ توغرىدا «جۇڭغارلار- نى تىنجىتىش چارە - تەدبىرلىرى» دە «ئۇيغۇرلار بىلەن ئىلى ئوخشاشمايدۇ، ئىلى بىزنىڭ ئىلكىمىزگە ئۆتكىنى بىلەن زېمىنى كەڭ، باستۇرۇشقا ئەسكەر تۇرغۇزماي بولمايدۇ. ئۇيغۇرلارنى تىنجىتقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئەمەلدارلارنى تاللاپ، ھەرقايسى شەھەرلەرنى باشقۇرۇشقا قويغان بىلەن يەنىلا ئىلىغا باشقۇرغۇزۇش كېرەك، ئىلگىرى جۇڭغارلارمۇ ئۇيغۇرلارنى باش- قۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغانىدى» ⑬ دەپ كۆرسىتىلگەن. «چىڭ ئوردىسىنىڭ گاۋزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» دە چيەنلۇڭخاننىڭ يارلىقىنى نەقىل ئېلىپ، «جاۋخۇي قاتارلىق- لار مەلۇمات يوللاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرلىرىنى دالالەت قىلىش ئۈچۈن ھادىنى باش ئاتامان قىلىش كېرەك دېگەن سۆزنى قىلغان، شۇڭا ھازىرچە ھادىنى ۋاقتىنچە باش ئاتامان قىلىشقا بولىدۇ. ئەگەر يەركەن، قەشقەرلەر تىنجىتىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرى بىر ياقلىق قىلىنغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن باش ئاتامان تەيىنلىمەسلىك كېرەك. بۇرۇنقى تۈزۈم بويىچە ھەرقايسى شە- ھەرلەرگە ئايرىم - ئايرىم ئەمەلدار تەيىنلەپ، ئىلىدا تۇرۇشلۇق جاڭجۈنگە ئىدارە قىلدۇرۇش كېرەك» ⑭ دەپ خاتىرىلەنگەن. دېمەك، چىڭ سۇلالىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە، بولۇپمۇ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىنى بىرلىككە كەل- تۈرۈشكە ئاتلانغاندا، جۇڭغار خانلىقىنىڭ ۋاستىلىك ھۆكۈمراد- لىق قىلىش ئۇسۇلىنى ئەمەس، بەلكى بىۋستە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىپ، بۇرۇنقى تۈزۈم بويىچە ھەربىر شەھەرگە بىردىن ئەمەلدار تەيىنلەپ ئىدارە قىلىشنى قارار قىلغا- نىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەمۇرىي جەھەتتە يولغا قويغان ئىش باشقۇرغۇچى ۋە لەشكەر باشقۇرغۇچى ئامبانلارنىڭ نازارىتىدىكى بەگلىك تۈزۈمى بولۇپ، بۇ تۈزۈم بويىچە مەنسەپكە ئېرىشكەنلەر كېيىنكى ۋاقىتتىكى ھەر دەرىجىلىك ھاكىمبەگلەر

ئىدى.

جۇڭغار خانلىقى ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرى بىلەن
جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇ-
رۇش ئۈچۈن تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا كەڭ ـ كۆلەمدە دېھقانچى-
لىق ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويغانىدى. بۇ ھەممىگە ئايان پاكىت
بولسىمۇ، ئەمما جۇڭغار خانلىقىنىڭ بۇ ئىقتىسادىي سىياسىتى
كېيىنكى مەزگىلدىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا يولغا قويغان
ئىقتىسادىي تەدبىرلىرىدە تامامەن ئەكس ئەتكەنىدى. بۇنى بىز
چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدا بارلىققا كەل-
گەن يېزا ـ كەنتلەر ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىدىن كۆرۈ-
ۋېلىش بىلەن بىرگە، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇلارغا قارىتا خۇددى
جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىدەك ئېغىر ئىقتىسادىي ۋە مىللىي زۇلۇمنى
يۈرگۈزۈپ كەلگەنلىكىنىمۇ ھېس قىلىۋالالايمىز. كېيىنكى رې-
ئاللىقمۇ بۇ نۇقتىنى پۈتۈنلەي ئىسپاتلاپ بەرگەن بولۇپ، چىڭ
ھۆكۈمىتى مۇشۇنداق قاقتى ـ سوقتى قىلىش بەدىلى بىلەن
ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي قوشۇنلىرىنىڭ ئاشلىق بىلەن تە-
مىنلىنىش ئەھۋالىنى ھەل قىلىپ كەلگەنىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا
كەڭ خەلق ئېغىر ئىقتىسادىي زۇلۇم بىلەن قاقتى ـ سوقتىنىڭ
سىمۋولى بولۇپ قالغانىدى.

ئومۇمەن جۇڭغار خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى، كەڭ ئۇي-
غۇر جەمئىيىتىگە قارىتا يېڭى بىر يۈزلىنىشنى ئاتا قىلغان بو-
لۇپ، قارىماققا ئۇيغۇرلارنىڭ يەركەن خانلىقىدىن كېيىنكى ھە-
قىقىي بىر نىسپىي تىنچ دەۋردەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ
ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئاتا قىلغىنى قاتتىق قۇللۇق ھەربىي تۈزۈمە-
دىكى ئىدارە قىلىش ئىدى. ھۆكۈمرانلىق فۇنكسىيىسى جەھەتتە
ئىلگىرىكى جۇڭغار خانلىقىدىن بەزى ئۆلگىلەرنى قوبۇل قىلغان
بولسىمۇ، ئەمما ھەممىنى ھەربىي ئاپپاراتلارنىڭ بەلگىلىشى،
چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنىڭ ماھى-
يىتىنى بەلگىلىگەنىدى. تارىخنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۇنىڭ

بۇ تەرىپىنى پەيدىنپەي ئىسپاتلاپ بەرگەن بولۇپ، ئۇيغۇر جەمئى-يىتىنى ئۇزاققىچە ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئىنتايىن ئاجىز قۇرۇق بىر كاۋاكچىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. بىراق، بۇ كاۋاكچىنىڭ ئىچى چىڭ سۇلالىسى خالىسا يۇلۇۋېتەلەيدىغان ياكى پەيلەپ پايدىلىنالايدىغان بىر توپ گۇماشتىلاردىن تەركىب تاپقانىدى.

ئىزاھلار:

① خوۋست «موڭغۇل تارىخى» (HISTORY OF THE MONGOLS) 1 - كىتاب 2 - قىسىم، تەيۋەن چىڭۋېن نەشرىيات ھەسسىدارلىق شىركىتى نەشر قىلغان نۇسخا، ئىنگلىزچە نەشرى 653 - بەت.

② «ئوردىغا يوللانغان مەكتۇپلار ئارخىپى» 10 - خەت - چەكلەر، «ئويراتلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 1 - كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1992 - يىل خەنزۇچە نەشرى 115 -، 116 - بەت.

③ ④ ⑨ ⑬ «جۇڭغارلارنى تىنجىتىش چارە تەدبىرلىرى» رەسمىي نۇسخا، 10 -، 11 -، 58 -، 61 - جىلد.

⑤⑥⑦⑧ مۇھەممەد سادىق قەشقىرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 139 -، 113 -، 206 -، 281 - بەت.

⑩ ۋېي لياڭتاۋ بىلەن ليۇ جىڭيەن يازغان «غەربىي يۇرتتىكى خوجىلار جەمەتى توغرىسىدا تەتقىقات» دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1998 - يىل خەنزۇچە نەشرى 255 - بەت.

⑪ «چىڭ ئوردىسىنىڭ شىزۇ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 228 - جىلد.

⑫⑭ «چىڭ ئوردىسىنىڭ گاۋزۇڭ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى» 527 -، 571 - جىلد.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھەنىپە ئابدۇللا
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# XVII - XVIII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن جۇڭغارلارنىڭ مۇناسىۋىتى

ئاپتورى: يۇنۇسجان ئىلى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى№348
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى خۇاچىڭ پەن - تېخنىكا باسما كەسپى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 9.875
2002 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2002 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN7—228—06836—X/K.974
باھاسى: 16.00 يۇەن